
نەپەس
ھاۋاغا
ئايلانغاندا
پاۋىل كەلەنتى
نېمىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى بېكىتىش بىلەن ئاۋارە بولۇش،
توغرا ئىش قىلىشنىڭ ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ.
بۇ كىتاب:
ئۆپكە راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى دەپ دىياگنۇز قويۇلغان، پاۋىل ئىسىملىك ياش بىر نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئەسلىمىسى. كىتابتا بايان قىلىنغىنى پاۋىلنىڭ ھايات ھېكايىلىرىلا ئەمەس، يەنە ئۇنىڭ ئۆلۈمگە گۆزەلچە يۈزلىنىش ۋە ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ھەققىدىكى ئىدىيە قاراشلىرىدۇر...
نىۋيورك دەۋر ژورنىلى ئەڭ ئالقىشلىق كىتاب
| پۇلىتزىر ئەدەبىيات مۇكاپاتى

# مۇندەرىجە

مۇندەرىجە.......... 2
بېغىشلىما.......... 3
كىرىش سۆز.......... 13
بىرىنچى باب .......... 29
*1-قىسىم.......... 29*
*2-قىسىم.......... 42*
*3-قىسىم.......... 51*
*4-قىسىم.......... 65*
*5-قىسىم.......... 81*
*6-قىسىم.......... 94*
*7-قىسىم.......... 104*
*8-قىسىم.......... 119*
*9-قىسىم.......... 135*
*10-قىسىم.......... 151*
ئىككىنچى باب.......... 164
*11-قىسىم.......... 164*
*12-قىسىم.......... 181*
*13-قىسىم.......... 191*
*14-قىسىم.......... 206*
*15-قىسىم.......... 215*
*16-قىسىم.......... 230*
*17-قىسىم.......... 248*
خاتىمە .......... 270
*تەشەككۈرنامە* .......... 301

# « نەپەس ھاۋاغا ئايلانغاندا »

## بېغىشلىما

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن،

سىز ئوقۇش ئالدىدا تۇرغان دوكتور پاۋىل كالانىتى قەلىمىدىكى «نەپەس ھاۋاغا ئايلانغاندا» ناملىق كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە بېغىشلىما يېزىش شەرىپىگە نائىل بولغىنىمدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىش ئىلكىدە بۇ كىتاب ۋە تەرجىمىسى ھەققىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن. دۇنياغا مەشھۇر ئامېرىكا ستانفورد داشۆسىنىڭ ياش نېرۋا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى پاۋىلنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا يازغان بۇ كىتابى ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى تۈگىمەس سوئاللارغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىدۇ. شۇنداق، ئۇ بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندە تېخى 37 ياشتا ئىدى...

بىر تىنىق بىلەنلا ئالاقىمىز ئۈزۈلىدىغان بۇ دۇنيالىقنىڭ قىزغانغۇدەك نېمىسى باردۇ؟ ئەجىبا بۇ ھاياتنىڭ قىممىتى شۇنچە كۆپ ئادەملەر قوغلىشىۋاتقان پۇل ۋە راھەت-پاراغەتمۇ؟ قاچان ئۆلۈپ كېتىشىمىزنى بىلەلمىسەكمۇ، لېكىن ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمىز ھەممىمىزگە ئايان.

ئۆلۈم بەزىدە ياش ئايرىمايدۇ. بۈگۈن ھاۋادىن ئەركىن نەپەسلىنىپ ياشىغان بولساق، ئەتە نەپىسىمىزنىڭ ھاۋاغا ئايلىنىشى تامامەن مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، بۈگۈنكى ئىلكىمىزدە بار ھاياتىمىزنى قانداق قىلغاندا ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە قىلالايمىز؟ پاۋل بۇ كىتابتا بىزگە قىسقا ئەمما تولىمۇ شەرەپلىك ھاياتىنى تېپىلغۇسىز پاساھەتلىك تىل ۋە چىنلىق بىلەن ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ بىر يېزىقچىلىقنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغان مۇنەۋۋەر نېرۋا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى . ئۇ ئۆزىگە يۈكسەك ئەخلاقىي ئۆلچەم، كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى ۋە چەكسىز ئىنسانىي سۆيگۈنى مۇجەسسەملىگەن بىر ئىنسان بولۇپ، ئۇ سۆيگەن كەسپىنى بىجانىدىللىق بىلەن قىلىپ ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. پاۋل كىتابىدا ئۆز كەسپى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ماڭا بىيولوگىيە، ئەخلاق، ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ يەككە زەنجىرلىرى ئاخىرى رېتىملىق بىر دۇنيا قاراش، ھەتتا مۇكەممەل بىر روھ سىستېمىسى بولۇپ بىر يەرگە جىپسىلاشقاندەك ۋە بۇ چەمبەرچاس باغلانغان مۇناسىۋەتتىكى ئورنۇم مۇقىملاشقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. يۇقىرى بېسىمغا تولغان كەسپلەردىكى دوختۇرلار بىمارلار بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۆزگىرىش بوسۇغىسىدا تۇرغاندا، ھاياتلىق ۋە كىملىكى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان ئەڭ ھەقىقىي مىنۇتلىرىدا ئۇچرىشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا شۇ بىمارنىڭ ھاياتىنىڭ زادى نېمە قىممىتى بارلىقىنى چۈشىنىش،

شۇنداقلا مۇمكىن بولسا شۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇش ياكى مۇمكىن بولمىسا خاتىرجەم بىر ئۆلۈمنىڭ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشىگە يول قويۇش ئىدى. بۇنداق چوڭ ھوقۇق ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلاردىن زور مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇلار يەنە ساقلانغىلى بولمايدىغان گۇناھكارلىق ۋە ئەيىبلەش تۇيغۇسىنىڭ دەردىنى تارتىشقىمۇ مەھكۇم ئىدى.

پاۋلنىڭ يۇرىكىدە دوختۇرلۇق كەسپىگە بولغان سۆيگۈسى قانچە زور بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەدەبىيات ۋە پەيلاسوپلۇققا بولغان سۆيگۈسىمۇ ھېچقاچان سۇسلاپ باقمىغان. پەقەت ئۇنىڭغا ئەڭ كەمچىل بولۇپ قالغىنى ۋاقىت بولغاچقا، ئىلگىرى ھاياتىدا كۆپ نەرسىلەرنى يېزىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن پاۋل ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر ئوتتەك ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنگلىز تىلىنىڭ پاساھىتىنى چىن ھېكايىلەرگە يۇغۇرۇپ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بۇ يىگانە ئەسەرنى بىزگە قالدۇردى. پاۋل بىزدىن ئايرىلغىنى بىلەن بىز ئۇنىڭ بۇ تەسىرلىك ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن پاۋلنى مەڭگۈ ئۇنتالمايمىز. ھاياتتا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشاشتىن ئارتۇق قىممەت بارمۇ؟ پاۋل يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«نىمىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى بىكىتىش ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىش، توغرا ئىشنى قىلىشنىڭ ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ.»

بىز ھاياتنىڭ زور بىر قىسمىنى تۆت چاسا تېلېفون ئېكرانلىرىغا قاراپ، كۆنلىرىنى قايسىبىر داڭلىق چولپانلارنىڭ يېگەن-ئىچكىنىگە ھەۋەس قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ئەرزىمەس ئىشلىرىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن باھالاشنى ھۆددە ئالغان يېڭى بىر ئەۋلاد بارلىققا كېلىۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. پاۋلىنىڭ ھاياتى بىزگە ئەسلى نېمىنىڭ مۇھىملىقى، ھاياتىمىزدىكى ھەر بىر كۈننىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكى ۋە بىزگە بېرىلگەن شۇ قىممەتلىك ۋاقىتلارنى نېمىگە سەرپ قىلساق ھەقىقىي مەنىلىك بىر ھاياتنى ياشىيالايدىغىنىمىزنى تونۇتۇپ قويىدۇ. بەلكىم سىز پاۋل قانداقسىگە بۇ قەدەر يېتىشكەن بىر تالانت ئىگىسى بولالىغان، دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقانسىز. پاۋلنىڭ زادى قانچىلىك بىر قالتىس ھاياتنى ياشىغانلىقىنى چۈشىنىشلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوقۇش ھاياتى ۋە تەربىيىلىنىش مۇساپىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ.

پاۋل كىچىكىدىنلا كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ ھېرىسمەن بىر بالا ئىدى. ئۇ ئاجايىپ زور تىرىشچانلىق بىلەن دۇنيادىكى 5 داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ بىرى بولغان ستانفورد داشۆسىنىڭ ئىنگلىزتىلى ئەدەبىياتى ۋە ئىنسان بىيولوگىيىسى كەسپىگە ئۆتۈپ، ئەلا نەتىجە بىلەن تولۇق كۇرۇسنى تاماملايدۇ. ئاندىن ئەدەبىي يېزىقچىلىققا بولغان قىزىقشى تۈپەيلى ئۇ ستانفورد داشۆسىنىڭ ئىنگلىز ئەدەبىياتى كەسپىدە ماگىستىرلىقىنى تاماملايدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزى سۆيگەن ئەدەبىيات كەسپىدە

ستانفوردتا دوكتۇرلۇقتا ئوقۇش پۇرستى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر قىزىقىشى بولغان مېدىتسىنانى چۈشىنىپ بېقىش ئۈستىدە ئەنگلىيەگە بېرىپ، كامبرىج داشۆسىنىڭ تەبئىي پەن ۋە مېدىتسىنا پەلسەپىسى كەسپىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇيدۇ. ئۇ ئاخىرى مېدىتسىناغا قاتتىق قىزىقىدىغانلىقىنى بايقايدۇ ۋە ئامېرىكىغا قايتىپ، ئۆتۈش ئەڭ تەس بولغان مېدىتسىنا فاكۇلتېتلىرىنىڭ بىرى بولغان يالى داشۆسى مېدىتسىنا فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنىدۇ. دەسلەپ ئۇ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نېرۋا تاشقى كېسەللەر ئىلمىنىڭ گۈزەللىكىگە قاتتىق مەپتۇن بولۇپ قېلىپ، ئاخىرى يەنە ستانفوردقا پىراكتىكانت دوختۇر بولۇپ قايتىپ بارىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ نېرۋا تاشقى كېسەللەر ئىلمىدە تەربىيىلىنىدۇ ۋە نېرۋولوگىيە ئىلمىدە دوكتور ئاشتىلىقنى تاماملايدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:

مېدىتسىنا ئىلمى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس ۋە مۇمكىنسىز ئىدىكى: سىز باشقىلارنىڭ ئازابلىرىنى زىممىڭىزگە ئېلىشىڭىز ۋە بۇ ئازابنىڭ ئېغىرلىقىدىن يەر بىلەن يەكسان بولۇشتەك ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. نېرۋا تاشقى كېسەللەر ئىلمىنىڭ جېنى بولسا ھەممىدە مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش ۋە بۇ ئىلمىنىڭ ئۆزىدىلا ئىلغارلىقنى ساقلاشنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىدە ئىپادىلىنەتتى. بۇ ساھەنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، نېرۋا تاشقى كېسەللەر دوختۇرلىرى چوقۇم توختىماي ئۆزىنى

مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە باشقا ساھەلەردىمۇ كامالەتكە يېتىشكە توغرا كېلەتتى.

شۇنداق قىلىپ، پاۋل دۇنيادىكى 5 داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچىدە ئىز قالدۇرۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغىنى بەلكىم ئامېرىكىنىڭ مېدىتسىنا مائارىپى سىستېمىسى بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىدا مېدىتسىنا كەسپىدە پەقەت دوكتورلۇق ئۇنۋانى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىدىن بىۋاستە مېدىتسىنا كەسپىگە ئۆرلەپ ئوقۇش مۇمكىن بولمايدۇ، چوقۇم تولۇق كۇرسنى تەييارلىق مېدىتسىنا، بىيولوگىيە، خىمىيە ۋە ئىنگلىز ئەدەبىياتى قاتارلىق كەسپلەردە ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاش شەرت. ئاندىن دۇنيادىكى ئەڭ تەس ئىمتىھانلارنىڭ بىرى بولغان ئامېرىكا مېدىتسىنا ئىمتىھانىدىن لاياقەتلىك ئۆتكەندە مېدىتسىنا كەسپىدە ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئامېرىكىدا مېدىتسىنا كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىش ئايغا چىقىشتىنمۇ تەس، دەيدىغان گەپ بار. تولۇق كۇرۇستا تۆت يىل، مېدىتسىنا كەسپىدە بەش يىل ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، نېرۋا تاشقى كېسەللەر ئىلمى بويىچە تەربىيەلىنەمەكچى بولغانلار يەتتە يىل پىراكتىكانت دوختۇر بولۇپ ئىشلەيدۇ. دېمەك، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ كەمدە 16 يىللىق تەربىيەلىنىشتىن كېيىن ئاندىن ئامېرىكىدا نېرۋا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بولغىلى بولىدۇ. پاۋل ستانفوردتىكى

پىراكتىكانت دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن يىللاردا، ستانفورد نېرۋولوگىيە فاكۇلتېتىدا دوكتۇر ئاشتىلىق تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى ئامېرىكا نېرۋا تاشقى كېسەللەر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدەك زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ بىزنى ئەڭ قايىل قىلىدىغان يېرى ئۇنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نەتىجىلىرىدىن بەكرەك ئۇنىڭ ئۆلۈمگە يۈزلىنىشتىكى باتۇرلۇقى، راكنىڭ ئازابى ۋە ئۆلۈم ئالدىدا قەتئىي تىز پۈكمەي ئاز قالغان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ھەر بىر كۈنلىرىنى ئەڭ مەنىلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشىدۇر. ئۇ ئۆپكە راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا كېسەل بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقىنىدا ھەقىقىي تۇيغۇلىرىنى ئاما بىلەن ئورتاقلىشىپ، ھەم دوختۇرلۇق ھەم بىمارلىق سالاھىيەتتە ساختىلىقتىن خالىي رىئال بىر كىشى سۈپىتىدە ئۇتتۇرىغا چىقىپ سانسىزلىغان راك بىمارلىرىغا زور كۈچ بېغىشلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ بىزگە ھاياتنى قەدىرلەش، ھاياتنى قانداق قىلىپ قىممەتكە ئىگە قىلىش ھەققىدە ئۇنتۇلماس بىر ئابىدە تىكلەپ بەردى ۋە بۇ ھېكايىلىرى پۈتۈلگەن سىز ئوقۇش ئالدىدا تۇرغان مەزكۇر كىتابى ئارقىلىق مىليونلىغان كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى چەكتى.

شۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇ كىتاب مەن ھازىرغىچە ئوقۇغان تىلى ئەڭ گۈزەل، كىشىگە بىلىم ۋە ئەخلاق ھەققىدە ئەڭ زور نەپ

يەتكۈزىدىغان، ھاياتنى قىزغىن سۆيۈش، ئۆلۈمگە باتۇرلارچە يۈزلىنىش ۋە قانداق قىلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان بۇ جاننى باشقىلارغا بېغىشلاش ئارقىلىق ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە قىلىپ ياشاشنى ئۆگىتىدىغان، مېنى تەسىرلەندۈرۈپ يىغلىتىپلا قالماي، نەچچە يەردە كۈلدۈرگەن بىباھا بىر كىتابتۇر.

ھازىرقىدەك بىر خەتەرلىك ۋىرۇسلۇق يۇقۇملۇق كېسەل ھەممىمىزنىڭ ھاياتىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتقان ۋە بىزنى ئۆلۈم ھەققىدە ئويلاندۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق ئالاھىدە مەزگىلدە، مەن بىلگەجان تەرجىمە گۇرۇپپىسىدىكى تالانتلىق ۋە ئوت يۈرەك پىدائىي تەرجىمانلارنى تەشكىللەپ بۇ كىتابنى كىچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئەڭ تېز ۋاقىتتا تەرجىمە قىلىپ ۋە تەھرىرلىكىنى پۈتتۈرۈپ سىلەرگە ھەقسىز سۇنالىغىنىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا چۆمۈلمەكتىمەن. پاۋلىنىڭ بىزگە قالدۇرغان ساۋاقلىرى ماڭا ۋە گۇرۇپپىمىزدىكى ھەر بىر پىدائىي تەرجىمانغا ھاياتىمىزنى قىممەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تونۇتۇپ قويىدى. بىز مىننەتسىز ۋە مېھنەتلىك ئەجىرىمىزنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ مۇكەممەللىكتىن تولىمۇ يىراقلىقىنى بىلىمىز ۋە ئەسەرنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى ئەسلى نۇسخىسىدىكى پاساھەتنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلىشتىكى ناقىسلىقىمىز ئۈچۈن ئۆتكۈنىمىز. شۇنداقتىمۇ، مەزمۇن جەھەتتە ئەسەرنىڭ ئەسلى تىلىدىكى

مەزمۇنغا ئەڭ زور سادىقلىقنى ساقلاپ قىلىشقا زور كۈچ چىقاردۇق ۋە قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى مۇشۇ بىباھا ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە سەرىپ قىلغانلىقىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز. مەن مۇشۇ پۇرسەتتە مەزكۇر كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشقان بىلگەجان پىدائىي تەرجىمانلار گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق مېھنەتكەش ياشلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىمەن ۋە ئۇلارغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. بولۇپمۇ، تەرجىمە خىزمىتىدىن ئېشىنىپ بۇ كىتابنىڭ تەھرىرلىكىنى مەن بىلەن بىللە ئۈستىگە ئالغان ئابدۇرېھىمغا ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. ئىشىنىمەنكى، بۇ زور ئەمگەك گۇرۇپپىمىزدىكى ھەر بىر تەرجىماننىڭ ھاياتىدا قىلغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغۇسى.

ئاخىرىدا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پارچىلار سالونىدا بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئېسىل كىتابتىن زور نەپكە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە تەرجىمىدە ساقلانغان سەۋەنلىكلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. كۆپچىلىكتىن ئۆتۈنىدىغىنىم، ھەقسىز ئەمگىكىمىزنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن، مەزكۇر ئەسەرنى تاراتقۇلاردا باشقىلارغا تەۋسىيەلەپ قويساڭلار ۋە كۆچۈرۈپ تارقاتقاندا چوقۇم پارچىلار سالونىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، پارچىلار سالونىدىن كۆچۈرۈپ تارقاتساڭلار. ئۆلۈم يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھەر بىرىمىزنىڭ ھاياتىدىكى ھەر بىر كۈن مەنىلىك ئىشلار ئۈچۈن سەرىپ قىلىنسىكەن،

دېگەن ئارزۇدىمەن ۋە سىلەرنى پاۋلىنىڭ بۇ بىباھا ئەسىرىدىن ھوزۇرلىنىشقا تەكلىپ قىلىمەن.

ئالىي ئېھتىراملار بىلەن،

دوكتور تۇرسۇنجان بىلگە

## كىرىش سۆز

قولۇمدىكى CT تەسۋىرىگە قارىدىم، دىياگنوز ئېنىق: ئۆپكىنى سانسىزلىغان ئۆسمىلەر قاپلىغان، ئومۇرتقىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن، جىگەر كاردىن چىققان. دېمەك راك، يەنە كېلىپ ئاخىرقى باسقۇچ. مەن بىر يىللا پىراكتىكىسى قالغان نېرۋا تاشقى بۆلۈمى دوختۇرى. ئۆتكەن ئالتە يىلدا مەن بۇنداق تەسۋىردىن بىر مۇنچىنى بىمارغا پايدىلىق بىرەر نەرسە چىقىپ قالارمۇ دېگەن يوقنىڭ ئورنىدىكى كىچىككىنە ئۈمىدتە قايتا تەكشۈرگەنمەن. بىراق بۇ قېتىمقىسى ئوخشىمايتتى: بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىدى.

ئۈستۈمدە رادىياتسىيەدىن ساقلىنىش كىيىمى يوق، ماسكا يوق، ئاق خالاتمۇ يوق. مەن بىمار كىيىمىنى كىيىپ، ئوكۇل جازىسى بىلەن «تومۇرداش» بولۇپ، سېسترا ياتىقىمغا قويۇپ قويغان كومپيۇتېردا تەسۋىرلەرنى كۆرۈۋاتاتتىم. ئىچكى كېسەللىكلىرى دوختۇرى بولغان ئايالىم لۇسىي يېنىمدا ئىدى. بۆلەك بۆلەك كۆرۈپ چىقتىم: ئۆپكە، سۆڭەك، جىگەر... ئۈستىدىن ئاستىغا، سولدىن ئوڭغا، ئاندىن ئالدىدىن كەينىگە، مەشىقتە ئۆگەنگەندەك كۆرۈپ چىقتىم، خۇددى دىياگنوزنى ئاغدۇرىۋېتەلەيدىغان بىر نەرسە تاپالايدىغاندەك.

دوختۇرخانا كارىۋىتىدا بىللە ياتتۇق.

لۇسي بوشقىنا ئاۋازدا، خۇددى بىرەر نەرسە ئوقۇۋاتقاندەك: «سىزچە بۇنىڭ باشقا نەرسە بولۇش ئېھتىمالى بارمۇ؟» دېدى.

«ياق» دېدىم مەن.

ياش ئاشىق مەشۇقلاردەك قۇچاقلاشتۇق. ئۆتكەن بىر يىلدا بىز گۇمانلانغان، لېكىن ئىشىنىشنى، ھەتتا ئېغىزغا ئېلىشنىمۇ رەت قىلىپ كەلگەن ئىش ئاخىرى بېشىمىزغا كەلدى: بەدىنىمنى راك يەۋاتاتتى.

ئالتە ھەپتىلەر بۇرۇن بەدەن ئېغىرلىقىم چۈشۈشكە باشلىدى، دۈمبەمگە بىر ئاغرىق كىردى. سەھەردە كىيىنگەندە كەمەرنى باشتا بىر، ئاندىن ئىككى تۆشۈك چىڭىتىپ تاقايدىغان بولدۇم. مەسئۇل دوختۇرۇمنى ئىزدەپ ماڭدىم، ئۇ ستانفوردىكى ساۋاقدىشىم. سىڭلىسى نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر پىراكتىكا دوختۇرى بولۇپ يېقىندا يۇقۇملۇق كېسەلدە ئۆلۈپ كەتكەچكە ماڭا ئانىلىق مېھرى بىلەن قاراۋاتاتتى. لېكىن ئىشخانىسىغا كىرسەم باشقا بىر دوختۇر ئولتۇرۇپتۇ، ساۋاقدىشىم تۇغۇت دەم ئېلىشىغا كەتكەن ئىكەن.

نېپىز كۆك خالاتنى كىيىپ تەكشۈرۈش ئۈستەلىدە يېتىپ ئۆزۈمدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردىم. «ئەلۋەتتە» دېدىم مەن، «ئەگەر دوختۇرلۇق كەسپىي سالاھىيەت ئىمتىھانىدا 35 ياشلىق بىرەيلەننىڭ سەۋەبسىز بەدەن ئېغىرلىقى چۈشۈپ كەتسە، دۈمبىسى قاتتىق ئاغرىسا بۇ نېمە كېسەل؟ دەپ چىققان بولسا بۇنىڭ جاۋابى ئېنىقلا C

جاۋاب، يەنى راك بولاتتى. لېكىن مەن يەنە بەلكىم قاتتىق ئىشلەپ چارچاپ كەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. بىلمەيمەن. مېنىڭچە يادرو ماگنىت رېزونانسلىق سايە ئاپپاراتى (MRI) دا تەكشۈرۈپ باقساقمىكىن دەيمەن.»

«ئاۋۋال رېنتگېنغا سالايلى» دېدى دوختۇر. دۆمبە ئاغرىقىغا MRI قىممەت، يەنە كېلىپ سايە ئاپپاراتلىرىنى زۆرۈر بولمىسا ئىشلىتىش يېقىندىن بۇيان مەملىكەت بويىچە كۆپ ئەيىبلىنىۋاتقان ئىسراپچىلىق تېمىسى ئىدى. لېكىن بۇ ئاپپاراتلارنىڭ رولىمۇ سىزنىڭ نېمىنى بىلمەكچى ئىكەنلىكىڭىزگە باغلىق: رېنتگېن راكنى ئاساسەن تاپالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن دوختۇرلار بۇنداق دەسلەپكى باسقۇچتىلا MRI ئىشلىتىشنى خاتا دەپ قارايدۇ.

ئۇ داۋام قىلدى: «رېنتگېنغۇ تولۇق سەزگۈر ئەمەس، بىراق شۇنىڭدىن باشلىغاننىڭ زىيىنى يوق».

«ئۇنداقتا ئىلاستىك رېنتگېن ئىشلەتسەكچۇ؟ بەلكىم مەن تارىيش خاراكتېرلىك ئومۇرتقا يۆتكىلىش كېسىلى بولۇپ قالغاندىمەن؟»

تامدىكى ئەينەكتىن ئۇنىڭ بۇ ئاتالغۇنى توردىن ئىزدەۋاتقىنىنى كۆردۈم.

«بۇ ئومۇرتقا يايىدىكى بىر خىل سۇنۇق، بەش پىرسەنت كىشىدە مۇشۇ ئالامەت بار، ياشلاردىكى دۈمبە ئاغرىقىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر سەۋەبى شۇ»

«بولىدۇ، شۇنى قىلايلى ئەمسە»

«رەھمەت» دېدىم مەن.

نېمشقا دوختۇر خالىتىدا شۇنچە نوپۇزلۇق ئادەم بىمار كىيىمىدە شۇنچە ياۋاشلاپ كېتىدىغاندىمەن؟ ھەقىقەت شۇكى دۈمبە ئاغرىقى ھەققىدە مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئۇنىڭكىدىن كۆپ، مېنىڭ نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇش ئۈچۈن ئېرىشكەن تەربىيەمنىڭ يېرىمى يۇلۇن-ئومۇرتقا كېسەللىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەندىكىسى بەلكىم ئومۇرتقا تۈۋرۈكى يالڭۇغى بولۇشى مۇمكىن. خېلى كۆپ ياشلار مۇشۇ كېسەلدىن قىينىلىدۇ. ئوتتۇز ياشلاردىلا ئومۇرتقا راكى؟ بۇنىڭ ئېھتىماللىقى ئون مىڭدىن بىرگىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ ئېھتىماللىقنى يۈز ھەسسە چوڭايتساقمۇ يەنىلا ئومۇرتقا تۈۋرۈكى يالڭۇغى بولۇش نىسبىتىدىن تۆۋەن. بەلكىم مەن ئارتۇقچە ئەنسىرەپ كەتكەندىمەن.

رىنتگېن يامان ئەمەس چىقتى. مەندىكى ئالامەتلەر جاپالىق خىزمەت ۋە بەدەننىڭ قېرىشىغا ئارتىلدى، كېيىنكى قېتىملىق تەكشۈرۈش ۋاقتىنى بېكىتتۈۋېتىپ يەنە شۇ كۆڭلۈك خىزمىتىمگە يۈرۈپ كەتتىم. ئورۇقلاش سۈرئىتىم ئاستىلىدى، دۈمبەمدىكى ئاغرىقمۇ چىدىغىلى بولىدىغان يەرگە

كەلدى. بۇ كۈنلەردە ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا ئادۆلىل بىلەن ئۆرە تۇراتتىم، نىملا بولمىسۇن، بۇنداق كۈندە 14 سائەتتىن ئىشلەيدىغان جاپالىق كۈنلەرنىڭ ئايىغى كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىسىدىن نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر پىروفېسسورىغا ئايلىنىش سەپىرىم پۈتۈش ئالدىدا تۇراتتى: ئون يىل ھارماي-تالماي تەربىيەلەندىم، دوختۇرخانىدا پىراكتىكا قىلىدىغان قالغان ئون بەش ئاينىمۇ چىداپ ئۆتكۈزۈش قارارىم چىڭ ئىدى. مەن پېشقەدەملەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، مەملىكەتلىك نۇرغۇن نوپۇزلۇق مۇكاپاتلارغا ۋە بىر قانچە چوڭ داشۆلەردىن كەلگەن مۇھىم خىزمەت تەكلىپلىرىگە ئېرىشتىم. ستانفوردتىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم يېقىندا مېنى چاقىرىپ ماڭا دېدى: «پاۋىل، سەنغۇ ھەر قانداق خىزمەتكە ئىلتىماس قىلساڭلا بىرىنچى نومۇرلۇق قوبۇل قىلىنىش نامزاتى بولالايسەن. شۇنداقتىمۇ بىر ئىشنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي: مەكتىپىمىزگە سەندەك بىر تەتقىقاتچى ئىزدەۋاتىمىز. ئەلۋەتتە ئالدىن ۋەدە بېرىش يوق، لېكىن ئويلىشىپ قوي»

36 يېشىمدا مەن چوققىغا يەتتىم. گىلىيادتىن جىبرىكوغىچە، ئۇنىڭدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە كەڭ كەتكەن ۋەدە قىلىنغان زېمىننى كۆرەلەيتتىم. ئاشۇ دېڭىزدىكى بىر ساياھەت كېمىسىدە لۇسىي ۋە خىيالىمدىكى باللىرىمىزنى ئېلىپ، ئۇلارنى ھەپتە ئاخىرلىق ساياھەتكە ئېلىپ چىققانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. خىزمىتىم يېنىكلەشكەنچە دۈمبەمنىڭ ئاغرىقىمۇ

پەسلەپ، تۇرمۇشۇمنى ئىزنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتەتتى. ئاخىرى ئۆزۈم ۋەدە قىلغاندەك ئەر بولالايدىغان كۈنلەرگە ئاز قالغىنىم ھەم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

ئاندىن، بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپلا مەيدەم تۇرۇپ-تۇرۇپ قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى. ئىشلەۋېتىپ بىر يەرگە ئۇرۇۋالغاندىمەنمۇ؟ بىرەر قوۋۇرغام سۇنۇپ كەتتىمۇ نېمە؟ بەزى كېچىلىرى چىپىلداپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىم كۆرپىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ھالدا ئويغىناتتىم. ئېغىرلىقىم بۇ قېتىم تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە چۈشۈشكە باشلىدى، 80 كىلوگىرامدىن بىراقلا 65 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قالدىم. بۇنىڭغا ئۈزمەي كېلىدىغان يۆتەل قوشۇلدى. ئەمدى گۇمان قالمىدى. بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن لۇسي ئىككىمىز سان فىرانسىسكودىكى دولورىس باغچىسىدا ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ساقلىغاچ ئاپتاپتا قاقلىنىپ ياتاتتۇق. ئۇ تېلېفونۇمنىڭ ئېكرانىغا تۇيۇقسىز كۆز سېلىپ قالدى، ئېكراندا تېببىي ئۇچۇر ئىزدەش نەتىجىسى تۇراتتى: «30 ~ 40 ياشقىچە كىشىلەر ئارىسىدىكى راك نىسبىتى».

«نېمە؟» دېدى ئۇ. «مەن سىزنىڭ راستلا بۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتقىنىڭىزنى بىلمەپتىمەن»

ئۈندىمىدىم. نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم.

«بۇ ھەقتە ماڭا بىر نېمە دېمەمسىز؟» سورىدى ئۇ.

ئۇ خاپا ئىدى، چۈنكى ئۇمۇ مۇشۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ خاپا ئىدى، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى دەپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ خاپا ئىدى، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا بىر خىل ھاياتنى ۋەدە قىلغان، ئەمما باشقا بىر خىل ھايات ئاتا قىلغان ئىدىم.

«ماڭا دەڭە، نېمىشقا ئىچ سىرىڭىزنى مەن بىلەن ئورتاقلاشمايسىز؟» سورىدى ئۇ.

تېلېفونۇمنى ئەتتىم ۋە دېدىم: «بىرىپ ماروژنى يەيلى»

كېلەركى ھەپتىسى نيۇيوركتا كونا ساۋاقداشلار بىلەن كۆرۈشكەچ ئارام ئېلىپ ئويناپ كەلمەكچى ئىدۇق. كىم بىلىدۇ بىر كېچىلىك ياخشى ئۇيقۇ ۋە نەچچە رومكا ئىسىل كوكتېل ھارىقى ئارىمىزنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىمىزدىكى بېسىمنى يەڭگىللىتىپ قالامدۇ تېخى.

بىراق لۇسىينىڭ باشقا پىلانى بار ئىدى. «مەن سىز بىلەن نيۇيوركقا بارمايمەن»، يولغا چىقىشقا نەچچە كۈنلا قالغاندا ئۇ شۇنداق جاكارلىدى. ئۇ بىر ھەپتە ئۆيدىن كۆچۈپ مۇھىت ئالماشتۇرماقچى، ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىمىزنى ئويلاشماقچى ئىدى. ئۇنىڭ سوغۇققان تەلەپپۇزى قېيىۋاتقان بېشىمنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

«نېمە؟» دېدىم مەن. «ياق»

«سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا ئىشلار بەكلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى» دېدى ئۇ. «بىراق ئەنسىرەيدىغىنىم ئىككىمىزنىڭ بۇ مۇناسىۋەتتە

تەلەپ قىلىدىغانلىرىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى. بىز يولدا قوشۇلغان ھەمراھلاردەك قىلىمىز. سىزنىڭ نېمىدىن ئەنسىرەۋاتقىنىڭىزنى بۇنداق تاسادىپىي بىلىپ قالغۇم يوق. سىزگە ئۆزۈمنى يالغۇز ھېس قىلىۋاتىمەن دېسەم، سىز بۇنى مەسىلە دەپ قارىمىغاندەك قىلىسىز. باشقىچە يول تۇتمىسام بولمىغۇدەك.»

«ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېدىم مەن. «پىراكتىكام جاپالىق، شۇڭا...»

ئىشلار راستلا شۇنچە يامانلىشىپ كەتتىمۇ؟ نېرۋا كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرخانا پىراكتىكىسى بارلىق تېبابەت كەسپلىرى ئىچىدە ئەڭ جاپالىق، ئەڭ كۈچ تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭ ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. نۇرغۇن كېچىلەردە مەن لۇسىي ئۇخلاپ بولغاندا ئىشتىن كېلىپ ھېرىپ چارچاشتىن ئىشكتىن كىرىپ يەردىلا يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتىم، يەنە نۇرغۇن كۈنلەردە مەن تېخى تاڭ سۈزۈلمەستە، ئۇ ئويغىنىشتىن بۇرۇن ئىشقا كېتىپ بولاتتىم. بىراق ھازىر كەسپتە يۈكسىلىۋاتىمىز، نۇرغۇن داشۆلەر ئىككىمىزنى تەڭلا تەكلىپ قىلدى، مېنى نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە، لۇسىينى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە. بىز ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى كەينىمىزدە قالدۇردۇق. بىز نۇرغۇن قېتىم پاراڭلاشمىدۇقمۇ؟ ئۇ ھازىر بۇنداق تەتۈرلۈك قىلسا بولمايدىغانلىقىنى نېمىشقا بىلمەيدۇ؟ مېنىڭ پىراكتىكا مەزگىلىمنىڭ بىر

يىللا قالغىنىنى نىمشقا بىلمەيدۇ؟ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى، خىيالىمىزدىكى تۇرمۇشىمىزغا شۇنداق يېقىنلاپ قالغىنىمىزنى نىمشقا بىلمەيدۇ؟

«بۇ پەقەت پىراكتىكىنىڭلا ئىشى بولسا مەيلىغۇ»، دېدى ئۇ. «ھازىرغىچە چىداپ كەلدۇق. لېكىن مەسىلە شۇكى، ئەگەر بۇ پىراكتىكىنىڭلا ئىشى بولمىسىچۇ؟ سىزچە سىز رەسمىي نىبرۋا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولسىڭىزلا ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتەرمۇ؟»

سەپەرنى بىكار قىلىشنى، تېخىمۇ ئوچۇقراق پاراڭلىششنى ۋە لۇسىي نەچچە ئاي بۇرۇنلا ماڭا دېگەن ئەر-ئاياللار مەسىلىرى دوختۇرىغا كۆرۈنۈشنى ئېيتتىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقتقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇردى، يەنە كېلىپ يالغۇز ۋاقت. بۇ نۇقتىدا تېگىرقاشنىڭ غۇۋا بۆلىكى تارقاپ قاتتىق بىسىلا قالدى. «بوپتۇ» دېدىم مەن. ئۇ ئەگەر كەتمەكچى بولسا مەن بۇ مۇناسىۋىتىمىزنى تۈگەپتۇ دەپ ئويلايمەن. ئەگەر مەن راك بولۇپ چىقسام ئۇنىڭغا دېيمەن، ئۇمۇ ئۆزى تاللىغان ھاياتتا ئەركىن ياشىسا بولىدۇ.

نيۇيوركقا يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بەزى تېببىي تەكشۈرۈشلەرگە چاقىرىلدىم، ياشلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان بەزى راك كېسەللىكلىرى بىر بىرلەپ نەزەردىن ساقت قىلىندى. (ئۇرۇقدان راكى؟ ئەمەس. قارا پىگمېنت ئۆسمىسى؟ ئەمەس. قان راكى؟ ئەمەس.) نىبرۋا تاشقى

كېسەللىكلەر بۆلۈمى ھەر چاغدىكىدەكلا ئالدىراش. سەيشەنبە كەچتىن جۈمە سەھەرگىچە مەن ئوپېراتسىيە ئۆيىدە ئۇدا 36 سائەتكە سوزۇلغان بىر قاتار مۇرەككەپ تەكشۈرۈشلەردە بولدۇم: زور ئارتېرىيە ئۆسمىسى، مېڭە ئىچكى قىسمىدىكى ئارتېرىيە شاخچىلىرى، ئارتېرىيە-ۋېنا تومۇرلىرىدىكى نورمالسىزلىق. دوختۇر كىرىپ مېنى تامغا يۆلىنىپ بىر دەم ئارام ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلغاندا رەھمەت دەپ يېنىك ئۇھ تارتتىم. كۆكرەكنى رىنتىگېنغا سېلىپ بولۇپلا دوختۇرخانىدىن ئايرىلدىم ۋە ئايرودورۇمغا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆيگە بىر بېرىش قارارىغا كەلدىم. خىيالىمدا مۇنداق ئويلايتتىم: راك بولۇپ چىقسام بۇ دوستلىرىم بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈشۈم بولۇپ قالار، راك ئەمەس بولسام سەپەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشۇمغا سەۋەب قالمايدۇ.

ئۆيگە كېلىپ يۇك تاقامنى ئالدىم. لۇسي مېنى ئايرودورۇمغا ئاپىرىپ قويدى ۋە قايتىشىمغا ئۇلگۇرتۇپ ئەر-ئاياللار مەسلىسى دوختۇرىغا كېلىشىپ قويغىنىنى ئېيتتى.

دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئۇچۇر يازدىم: «يېنىمدا بولۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلاتتىم»

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇچۇر قايتتى: «سىزنى سۆيىمەن. قايتقىنىڭىزدا مۇشۇ يەردە بولىمەن».

ئايروپىلاندا دۈمبەم قاتتىق ئاغرىدى، نيۇيورك مەركىزي ۋوگزالىدىن دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان پويىزنى ساقلاۋاتقاندا بەدىنىم ئاغرىقتىن

تۇگۈلۈپ كەتتى. ئۆتكەن نەچچە ئايدا مەن ھەر خىل ئىغىرلىقتا دۇمبە تارتىششىنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلگەن ئىدىم، بۇ ئاغرىقلارنىڭ يېنىكى پاشا چاققانچىلىك ئاغرىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، ئېغىرراقى ۋارقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن چىشىمنى چىڭ چىشلەشكە مەجبۇر قىلغۇدەك ئاغرىقتى، ھەتتا يەردە دومىلاپ ئېڭىناپ چىرقىراپ كېتىدىغان ئاغرىقمۇ ھەر خىل ئىدى. ھازىرقى ئاغرىق مۇشۇ ئاخىرقى ئەڭ ئېغىر ئاغرىقتا كىرەتتى. پويىز كۈتۈش زالىدىكى قاتتىق ئورۇندۇقتا دۈمبە مۇسكۇللىرىمنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ياتتىم، ئاغرىقنى كونترول قىلىش ئۈچۈن نەپەس ئالاتتىم، ئادۋىل كار قىلماس بولۇپ قالغان ئىدى، يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاغرىۋاتقان ھەر بىر مۇسكۇلۇمنىڭ ئىسمىنى پىچىرلايتتىم: ئومۇرتقا تىكلىگۈچى مۇسكۇلى، رومبسىمان مۇسكۇل، دۈمبە كەڭ مۇسكۇلى، قۇيۇمچاق مۇسكۇلى...

بىر ئامانلىق قوغدىغۇچى كەلدى: «ئەپەندى، بۇ يەردە ياتسىڭىز بولمايدۇ»

«كەچۈرۈڭ» دېدىم مەن چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ. «دۈمبەم... قاتتىق... ئاغرىۋاتىدۇ»

«شۇنداقتىمۇ ياتسىڭىز بولمايدۇ»

كەچۈرۈڭ، مەن ئۆلەي دەپ قالغان راك بىمارى.

بۇ گەپلەر ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كەلدى، لېكىن ئۇنداق ئەمەس بولۇپ قالسامچۇ؟ بەلكىم دۈمبىسى ئاغرىيدىغانلارنىڭ مۇشۇنداق ئاغرىيدىغاندۇ. دۈمبە ئاغرىقىغا دائىر نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئاناتومىيەسى، فىزىيولوگىيەسى، بىمارلارنىڭ ئۇنى تەسۋىرلەشتە ئىشلىتىدىغان ھەر خىل سۆزلىرى... لېكىن ئۇنى ھېس قىلالماي كەلگەن ئىكەنمەن. بەلكىم مۇشۇ بولسا كېرەك. بەلكىم شۇنداقتۇ. ياكى مەن بۇ بەختسىزلىكنى قوبۇل قىلالمايۋاتقاندىمەن. بەلكىم «راك» دېگەن بۇ سۆزنى ئاغزىمدىن چىقىرىشنى خالىمايۋاتقاندىمەن.

ئۆملەپ دېگەندەك ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە زالدىن چىقتىم.

دوستۇمنىڭ نيۇيوركنىڭ 80 كىلومېتىر شىمالىدىكى ھادسون دەرياسى بويىغا جايلاشقان سوغۇق بۇلاق دېگەن يەردىكى ئۆيىگە بارغىنىمدا كۈن بىر يەرگە بارغان ئىدى، مېنى ئون نەچچە نەپەر ئەڭ يېقىن دوستلىرىم بىرلىكتە قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۈتۈۋالدى، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا كىچىك بالىلارنىڭ خۇشاللىقى قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. قۇچاقلىششلار باشلاندى، مۇزدەك سوغۇق بىر قاراڭغۇلۇق قولۇمغا ياماشتى.

«لۇسي كەلمەيتۈغۇ؟»

«تويۇقسىز ئىشى چىقىپ قالدى» دېدىم. «ئاخىرقى مىنۇتلاردا»

«ئاپلا، ما ئىشنى»

«نەرسىلىرىمنى قويۇپ بىر دەم ئارام ئېلىۋالسام كۆڭلۈڭلارغا ئالماسسىلەر؟»

ئەسلى ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن نەچچە كۈن قۇتۇلسام، ئۇخلاپ، ئارام ئېلىپ، كۆڭۈل ئاچسام، قىسقىسى نورمال ياشاپ باقسام، بەدىنىمدىكى ئالامەتلەر نورمال دۆمبە ئاغرىقى ۋە چارچاش ئالامىتىگە قايتسا دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن دوستۇمنىڭ ئۆيىدە بىر ئىككى كۈن تۇرۇپلا بىلدىمكى، خاتالىشىپتىمەن.

ناشتىدا قوپماي ئۇخلايتتىم، چۈشلۈك تاماقتا ئۈستەلدىكى يوغان تەخسىلەرگە ئېلىنغان پۇرچاق گۆش دۆلمىسى ۋە قىسقۇچپاقا پۇتلىرىغا تىكىلىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتىم، گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمەيتتى. كەچلىك تاماقتا ھېرىپ چارچاپ يەنە كارىۋاتنى سېغىناتتىم. بەزىدە بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرەتتىم، لېكىن توغرىسى ئۇلار كۆپىنچە مېنىڭ ئەتراپىمدا ئويناپتتى، سەكرەپ تاقلاپ ۋارقىرىشاتتى. («بالىلار، پاۋېل تاغاڭلارنى ئارام ئالغىلى قويۇڭلار. ئېمىشقا سىرتتا ئوينىمايسىلەر؟») 15 يىل بۇرۇن يازلىق لاگېردا يول باشلىغۇچى بولغان ۋاقتىم ئېسىمگە چۈشتى، ئاشۇ كۈنى مەن شىمالىي كالىفورنىيەدىكى بىر كۆلنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇراتتىم، بىر توپ كەپسىز ئويۇنچى بالىلار مىنى تەبىئىي توساق قىلىپ قەلئە قوغداش ئويۇنى ئويناۋاتاتتى، مەن بولسام «ئۆلۈم ۋە پەلسەپە» دېگەن كىتابنى ئوقۇۋاتاتتىم. بۇ مەنزىرىنىڭ پەقەتلا قاملاشمىغانلىقىغا كىيىنچە كۈلۈپ يۈردۈم: 20

ياشلىق يىگىت گۈزەل ئورمان، كۆل، تاغ، سايراۋاتقان چىرايلىق قۇشلار ۋە خۇشال قىيغىتىپ ئويناۋاتقان تۆت ياشلىق بالىلارنىڭ قورشاۋىدا ئولتۇرۇپ ئۆلۈم ھەققىدىكى كىچىك قارا كىتابقا چۆكۈپ كەتسە... بىراق ھازىر مۇشۇ دەقىقىدە مەن بىر پاراللېلىقنى ھېس قىلىپ يەتتىم: تاھو كۆلىنىڭ ئورنىدا مەن ھازىر ھادسون دەرياسىدا؛ بالىلار بۇرۇنقى ناتونۇش بالىلار ئەمەس، دوستلىرىمنىڭ بالىلىرى؛ بۇ يەردە مېنى ئەتراپتىكى ھاياتتىن ئايرىپ تۇرغىنى ئۆلۈمگە دائىر كىتاب ئەمەس بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈۋاتقان بەدىنى.

ئۈچىنچى كېچىسى ئۆي ئىگىسى مايكولغا دەم ئېلىشىمنى بالدۇر ئاياغلاشتۇرۇپ ئەتىلا قايتىدىغىنىمنى ئېيتتىم.

«مىجەزىڭ ياخشى ئەمەس» دېدى ئۇ. «چاتاق يوقتۇ؟»

«چىقىپ ئازراقتىن ئىچىشكەچ ئولتۇرامدۇق» دېدىم مەن.

ئۇنىڭ ئوچىقى ئالدىدا ئولتۇرۇپ دېدىم: «مايك (مايكولنىڭ قىسقارتىلمىسى)، مەن راك بولۇپ قالغاندەك قىلىمەن. يەنە كېلىپ ياخشى سۈپەتلىك ئەمەس»

بۇ گەپنى تۇنجى قېتىم ئاغزىمدىن چىقىرىشىم ئىدى.

«خوش» دېدى ئۇ «بۇ بىر تازا كەلمىگەن چاقچاققۇ دەيمەن؟»

«ياق»

ئۇ توختاپ قالدى. «نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم».

«مېنىڭچە باشتا دەپ قويۇشۇم كېرەك، ئۆزۈمنى راك دەيدىغانغا ئىنىق بىر تەكشۈرۈش نەتىجىسى يوق، پەقەت ئالامەتلەرگە قاراپ شۇنداق جەزملەشتۈرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئەتە ئۆيگە قايتىپ مۇشۇنى ئېنىقلىماقچىمەن. خاتالاشقان بولسامكەن دەيمەن.»

مايك يۆلەك تاقامنى كۆتۈرۈپ يۇرمەي پوچتىدىن سىلىقۇتىش تەكلىپىنى بەردى. ئەتىسى سەھەردە ئۇ مېنى ئايرودۇرۇمغا ئاپىرىپ قويدى، ئالتە سائەتتىن كېيىن ئۆزۈمنى سان فرانسىسكودا كۆردۈم. ئايروپىلاندىن چۈشۈشۈمگە تېلېفونۇم سايرىدى. مەسئۇل دوختۇرۇم رېنتگېن نەتىجەمنى تونۇشتۇردى، ئۇنىڭ دېيىشىچە تەسۋىردە ئۆپكەم سۈزۈك چىقماي غۇۋا كۆرۈنگەن، خۇددى كامېرانىڭ ئەينىكىنى قاپقىسى ئوچۇق ھالەتتە ئۇزۇن قويۇپ قويغاندەك. دوختۇر ئاخىرىدا بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغىنىنى بىلمەيدىغانلىقىنى قوشۇپ قويدى.

مېنىڭچە ئۇ بىلەتتى.

مەن بىلدىم.

لۇسي مېنى ئايرودۇرۇمدىن ئېلىۋالدى، ئۆيگە بارغۇچە ئۇنىڭغا دېمىدىم. ئۆيگە كىردۇق. ساپادا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېيتتىم، ئۇ بىلدى. بېشىنى مۈرەمگە قويدى، ئارىمىزدىكى مۇساپە يوقۇلۇپ ئېرىپ كەتتى.

«مەن سىزگە موھتاج» پىچىرلىدىم مەن.

«سىزدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن» دېدى ئۇ.

بىز دوختۇرخاندىكى باش دوختۇرلارنىڭ بىرى بولغان يېقىن بىر دوستىمىزنى ئىزدەپ مېنى ياتاققا ئېلىشنى ئېيتتۇق.

قولۇمغا بىمارلار تاقايدىغان سولياۋ بىلەيزۈك تاقىدىم، ئۆزۈمگە تونۇش كۆك رەڭلىك خالاتنى كىيدىم، ئۆزۈم ئىسمى بىلەن تونۇيدىغان سېستىرالارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ياتاققا كىردىم. بۇ ئۆيدە مەن بىمارلىرىم بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇلارغا ئاخىرقى دىياگنوزنى ۋە مۇرەككەپ ئوپېراتسىيەلەرنى چۈشەندۈرگەن؛ بۇ ئۆيدە مەن كېسەلدىن غالىب كەلگەن بىمارلىرىمنى تەبرىكلىگەن، ئۇلارنىڭ ھاياتقا قايتىش تەنتەنىسىگە شاھىت بولغان؛ بۇ ئۆيدە مەن بىمارنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلىغان. مەن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان، جۈمەكتە قولۇمنى يۇغان، ئاق دوسكىغا كۆرسەتمىلەرنى جىجىغان، كالېندارنى ئالماشتۇرغان. مەن ھەتتا قاتتىق ھېرىپ چارچاپ كەتكەندە مۇشۇ يەردە بىر دەم يېتىپ ئۇخلىۋېلىشنى قانچە قېتىملاپ ئارزۇ قىلغان ئىدىم. مانا ھازىر شۇ يەردە ياتىمەن، ئويغاق.

مەن تونۇمايدىغان ياش بىر سېستىرا ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ دېدى:

«دوختۇر ھازىرلا كىرىدۇ»

شۇنىڭ بىلەن مەن تەسەۋۋۇر قىلغان، ئەمەلگە ئېشىشقا ئازلا قالغان، نەچچە ئون يىللىق تىرىشچانلىقىمنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان كەلگۈسۈم پارغا ئايلاندى.

# بىرىنچى باب

## 1-قىسىم

ئۆزۈمنىڭ دوختۇر بولمايدىغىنىمغا شەكسىز ئىشىنەتتىم. ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى تاقىر تۆپىلىكتە راھەتلىنىپ ئاپتاپسىنىپ ياتقان ھېلىقى كۈنى، ئۆيىمىزدىكى باشقا ئۇرۇق-تۇققانلىرىمىزغا ئوخشاش دوختۇرلۇق قىلىدىغان تاغام مەندىن كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىلىش ئارزۇيۇم بارلىقىنى سورىدى. لېكىن پات ئارىدا ئالى مەكتەپكە بېرىش ئالدىدا تۇرغان مەن ئېنىق جاۋاب بەرمىدىم. ئەگەر مېنى زادى جاۋاب بېرىشكە قىستىغان بولسا «يازغۇچى» دەپ جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن راستىمنى دېسەم، مۇشۇ ۋاقىت بولغاندا ئاندىن كەلگۈسىدە توغرىلىق ئويلۇشۇش بىر كۆلكىلىك ئىش. يەنە بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ئارىزونا ئىشتاتىدىكى بۇ كىچىك بازاردىن ئايرىلاتتىم. مەندە قىلچىمۇ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىپ بالداقمۇ-بالداق يۇقىرى ئۆرلەيدىغان ھېسسىيات يوق ئىدى، ئەكسىچە ئۆزۈمنى خۇددى ئۆز ئوربىتىسىدىن ئايرىلىپ ناتونۇش، ئەمما يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان يېڭى بىر كائىناتقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان، شوخچۇپ تۇرغان ئېلېكترونغا ئوخشايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم.

مەن ئاشۇ تاقىر ئېگىزلىكتە كۈن نۇرىغا چۆمۈلۈپ ياتقاچ، ئەسلىملىرىمنى ئون بەشىمىڭ نوپۇسى بار بۇ بازارنىڭ كىچىكلىكىنى، 600

مىل (تەخمىنەن 960 كىلومېتىر) يىراقلىقتىكى ئىستانفورد داشۆسىدىكى ياتىقىمنى ۋە ئۇ بېغىشلىغان ئۈمىدلەرنى خىيال قىلدىم .

مىنىڭ دوختۇرلۇققا بولغان چۈشەنچەم ئاساسەن «ھەمراھ بولالماسلىق» تىن ئىبارەت. ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، كىچىكىمدىن تارتىپ دادامنىڭ بىزگە ھەمراھ بولالماسلىقى ئىدى. دادام دائىم تاڭ يورىماستا ئىشقا چىقىپ كەتكەنچە، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلەتتى، تەخسىدىكى ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغان تاماقلارنى قايتىدىن ئىسسىتىپ يەيتى. ئون ياش ۋاقتىمدا دادام نيۇيورك شەھەر ئەتراپىدىكى پاكىز، باياشات بولغان برونكسۋىل دېگەن يېرىدىن ئون تۆت ياشلىق ئاكام، سەككىز ياشلىق ئىنىم ئۈچىمىزنى ئېلىپ ئارىزونا ئىشتاتىدىكى ئىككى تاغ ئوراپ تۇرغان، باشقىلار پەقەت يولدىن ئۆتكەچ ماشىنىسىغا گاز قاچىلاپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر جاي دەپلا بىلىدىغان، كىڭمەن دېگەن بازارغا كۆچۈپ كەلدۇق. دادام بۇ يەرنىڭ ئاپتىپىغا، تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ تۆۋەنلىكىگە مەپتۇن بولغان ئىدى. دېمىسىمۇ بولمىسا ئۈچ ئوغلىنى ئاززۇسىدىكى ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇتقىلى بولمايدۇ-دە. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇيەردە ئۆز قولى بىلەن رايونلۇق يۈرەك كېسەللىكلىرى مەخسۇس ئامبۇلاتورىيەسى قۇرىدىغان پۇرسەتمۇ بار ئىدى. دادامنىڭ كېسەللەرگە پۈتۈن قان-تەرىنى سىڭدۈرىدىغان تىز پۈكمەس ئىرادىسى تېزلا دادامغا جەمئىيەتنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلىرى قاتارىدىن ئورۇن بەرگەن ئىدى. بىز دادامنى پەقەت خېلى كەچ بولغان

ۋاقىتلاردا، ياكى ھەپتە ئاخىرلىرىدىلا كۆرەلەيتۇق. بۇنداق چاغلاردا دادام بىزگە ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن، بەزىدە قاتتىق بۇيرۇقلىرى بىلەن تەربىيە قىلاتتى. دائىم بىزنى قۇچاقلاپ، مەڭزىمىزگە سۆيۈپ تۇرۇپ :«بىرىنچى بولۇش ناھايىتىمۇ ئاسان، ئاۋۋال كىم بىرىنچى بولدى شۇنى تاپىمىز، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىر نومۇر يۇقىرى ئالساقلا كۇپايە» دەيتتى. دادام ئۆز كۆڭلىدە ئۆزى بىلەن مەلۇم كېلىشىم ھاسىل قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئاتا بولۇشمۇ مېغىزلىق بولسا بولاتتى. قىسقا، مېغىزلىق (ئەمما سەممىي) بولسا تامامەن... تامامەن باشقا دادىلارنىڭ قىلغىنى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايتتى. مىنىڭ ھېس قىلغىنىم شۇكى، ئەگەر مۇشۇلار دوختۇر بولۇشنىڭ بەدىلى بولىدىغان بولسا، بۇ بەدەل ئىنتايىن زور ئىكەن.

مەن تۇرۇۋاتقان تاقىر تۆپىلىكتىن ئۆيىمىزنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۆيىمىز سىربات تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر ئەتراپىغا توغرا كېلەتتى، ئەتراپىنى ئانچە-مۇنچە ماش دەرىخى، ئۈچ قۇلاق، پالاقسىمان كاكتۇس ئۆسۈپ قالىدىغان قىزىل-تاش قۇملۇقى ئوراپ تۇراتتى. بۇ يەردىن چاڭ-توزان خۇددى ئەرۋاھتەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدىكى ھەممىنى خىرەلەشتۈرۈپ يەنە قۇملۇقنىڭ كۆز يەتكۈسىز يەرلىرىدە تۇيۇقسىز غايىب بولاتتى. بىزنىڭ ئىككى ئىتىمىز نىپ بىلەن ماكس بۇ زېمىننىڭ ئەركىنلىكىگە تويۇنۇپ چوڭ بولغان ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى

ئۇ ئىككىسى سىرتقا «ئېكسپېدىتسىيە» گە چىقىپ كېتىپ، قۇملۇقنىڭ بايلىقلىرىنى چىشلىگىنىچە قايتىپ كېلىشەتتى: بەزىدە بىرەر بۆغىنىڭ پۇتى، نەچچىنى چىشلەپ قويۇپ كېيىنچە يەيدىغان ياۋا توشقان، ئاپتاپتا ئاقىرىپ كەتكەن ئۆلۈك ئاتنىڭ سۆڭىكى، بۆرىنىڭ ئىسكىلىتلىرى... دېگەندەك.

مەن ۋە دوستلىرىممۇ ئەركىنلىكنى ياخشى كۆرەتتۇق. چۈشتىن كېيىنلىرى چىقىپ ئايلىناتتۇق، ئارىلايتۇق. ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى، كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان جىلغىلارنى ئىزدەيتۇق. ئەڭ گۈزەل ئون يىلىم ئۆتكەن شەرقىي-شىمالدىكى يول بويلىرى دەرەخلەر ۋە تاتلىق-تۈرۈم دۇكانلىرى بىلەن تولغان، ئورمانلار بىلەن ئورالغان شەھەر ئەتراپىدىن بۇ يەرگە كەلگىنىمدە، بۇ كەڭ كەتكەن بورانلىق قۇملۇق ماڭا ناتونۇش ئەمما ناھايىتى جەلپكار كۆرۈنگەن ئىدى. ئون ياش ۋاقتىمدا تۇنجى قېتىم يالغۇز سىرتقا چىققان چېغىمدا، بىر كونا تۇمى (سۇغۇرۇش قاپچۇقى) نى ئۇچرىتىپ قالدىم. بارماقلىرىم بىلەن تولغاپ، توسمىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قارىسام ئاپئاق يىپەك توردىن ئۇچى، ھەر بىرىدە پۇتلىرى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، قارىلىقىدىن پارقىراپ كەتكەن، بەدىنىگە قاراشقىلا ئىچىدە قىپقىزىل قۇم سائىتى باردەك كۆرۈنىدىغان چوڭ ئۆمۈچۈكلەر تۇراتتى. ھەربىر ئۆمۈچۈكنىڭ قېشىدا بىردىن پىلتىڭلاپ تۇرغان، توختىماي يوغىناۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان، خۇددى ھازىرلا سانسىزلىغان «قارا تۇل خوتۇن»

ئۆمۈچۈكلىرى ئىچىدىن چىقىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئاق خالتىلىرى تۇراتتى. قورققىنىمدىن تۇمنى تاشلىدىمدە ئارقامغا بەدەر تىكىۋەتتىم. قورقۇشىمنىڭ نۇرغۇن سەۋەبى بار. مەن ئۆگەنگەن «سەھرا ھېكمەتلىرى» بويىچە ئېيتقاندا «قارا تۇل خوتۇن» ئۆمۈچۈكى چېقىۋالغان ئادەمنىڭ ھايات قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆمۈچۈكلەرنىڭ ئاشۇ قورقۇنۇچلۇق تەلەتى، قاپقارا قورسىقى، تېنىدىكى قىپقىزىل قانغا تولغان قۇم سائىتى...دېگەنلەرنى ئويلىماسلىقتا تىرىشساممۇ مىنى ھەتتا نەچچە يىلغىچە قارا باسقان.

بۇ قۇملۇقتا سانسىزلىغان قورقۇنۇچلۇق جانلىقلار بار: يۈڭلۈق گىگىنا ئۆمۈچۈكى، قوزاقسىمان چايان، قامچا قۇيرۇقلۇق چايان، سەكسەن پۇت، موھاۋى يېشىل يىلىنى... بارا-بارا ئۇلار بىلەنمۇ تونۇشۇپ كەتتۇق، ھەتتا قورقماسلا بولۇپ، دوستلىرىم بىلەن داۋاملىق تۆكلۈك گىگىنا ئۆمۈچۈكى ئۇچراپ قالسىلا چۈمۈلە تۇتۇپ كېلىپ، ئۆمۈچۈك ئۇۋىسىنىڭ قېشىغا تاشلاپ ئوينايدىغان بولۇپ كەتتۇق. بىچارە چۈمۈلە قورقۇپ قېچىۋاتقان پەيتلەردە، ئۆمۈچۈكنىڭ ئۇۋىسىغا تۇتاشقان يىپەككە ئوخشاش تورى قاتتىق تىترەيتتى، ئۆمۈچۈك ئۇۋىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، چۈمۈلىنىڭ گېلىدىنلا ئالاتتى. بىز بۇنداق ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدۇق. «سەھرا ھەققەتلىرى» مىنىڭ نەزىرىمدە شەھەردىكى ئەپسانىلەرگە ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە ئىدى. مەن دەسلەپ

ئاڭلىغان «سەھرا ھەققەتلىرى» قۇملۇق جانلىقلىرىغا شەھەر ئەپسانىلىرىدىكى جىن-شاياتۇنلاردەك قۇدرەتلىك سېھرى كۈچ بېغىشلىغان ئىدى. پەقەت قۇملۇقتا بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىنلا ئاندىن بەزى گەپلەرنىڭ پەقەت ئادەم قورقۇتۇش ئۈچۈنلا قىلىنغانلىقىنى بايقىيالايمىز. مەسىلەن، بۈغا مۆڭگۈزلۈك توشقان ئەپسانىسى خۇددى راستتەكلا، لېكىن بۇ كىشىلەر قەستەن ئويدۇرۇپ چىقارغان، شەھەرلىكلەرنى قورقۇتۇپ ئۆزىنى خۇش قىلىپ ئوينايدىغان چاقچىقى، خالاس. بىر قېتىم مەن بىر سائەت ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ )ۋاتىلداپ( بىرلىنىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا كاكتۇس دەرىخىنىڭ ئىچىدە بىر خىل ياۋايى بۆرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇن مېتىرچە يىراققا سەكرەپ ئوۋغا (ھېم، دەل مۇشۇنداق، گېرمانلارغا ئوخشاش ئوۋلارغا) تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. ئەمەلىيەتتە ھېچكىممۇ ئاشۇ پەلەككە تاقاشقان چاڭ-توزاننىڭ كەينىدە قانداق سىرلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. «سەھرا ھېكمەتلىرى» دە قانچىلىك كۈلكىلىك سۆزلەر بولسا، يەنە شۇنچىلىك ئىشەنچلىك سۆزلەرمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، ئاياغ كىيىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئاياغنىڭ ئىچىدە چايان بار يوقلىقىغا قارىۋېتىش كېرەك. بۇ ئاڭلىماققىلا جاننى قوغدايدىغان ياخشى ئادەت.

ئون ئالتە يېشىمدىن باشلاپ ئىنىم جىۋاننى ماشىنا بىلەن مەكتىپكە ئاپىرىپ قوياتتىم.

بىركۈنى سەھەردە ھەر كۈندىكىگە ئوخشاشلا كېچىكىپ قالاي دېگەن ئىدىم، جىۋان تەخىرسىزلەنگىنىچە، كارىدوردا ساقلىغاچ مېنىڭ مىسلىدىشىم تۆپەيلى دەرستىن چۈشكەندە يەنە بىر قېتىم ئىلمىي مۇدىر ئىشخانىسىدا تاپشۇرۇق ئىشلەشكە قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تېزرەك بولۇشۇمنى ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۆتۈنۈۋاتاتتى.

مەن يۈگۈرگىنىمچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ئىشكىنى تېپىپ ئېچىپ سىرتقا چىقىپلا ئىشىك تۈۋىدە مۆگدەپ ياتقان ئادەم بويى كېلىدىغان شالدىراق قۇيرۇق يىلاننى دەسسەپ سالغىلى قىل قالدىم.

يېزا تۇرمۇشىدىكى يەنە بىر ساۋاق شۇكى، ئەگەر سىز بىرەر شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلاننى بوسۇغىڭىزدا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قويسىڭىزلا، يىلانىڭ بالا-ۋاقىسى ياكى جۈپتى دەرھال پەيدا بولۇپ بوسۇغىڭىزنى مەڭگۈلۈك ئۇۋا قىلىپلا ياتىدۇدە، سىزدىن خۇددى ئاۋۇ گېرەندىلىنىڭ ئاپىسى مەندىن ئۆچ ئالغاندەك ئۆچىنى ئالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن جىۋان بىلەن ئىككىمىز ئۇتقىنىمىزغا گۈرجەك، ئۇتتۇرغىنىمىزغا قىلىن قولقاپ بىلەن كونا ياستۇق قېپى چىقىدىغانغا دېيىشىپ چەك تارتىشتۇق.

قالتىس كومېدىيەلىك «لەپەر» دىن كېيىن، ئاران تەستە يىلاننى ياستۇق قېپىغا سولىدۇق. ئاندىن مەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى زەنجىرلىك چۆيۈن توپ ماھىرىدەك بىر چۆرۈپ

قولۇمدىكى ياستۇق قېپىغا سولىۋالغان «نەرسىنى» چۆللۈككە تاشلىغاچ، چۈشتىن كېيىنلەردە كېلىپ ياستۇق قېپىنى ئېلىپ كەتمىسەم ئاپامنىڭ گېپىگە قالماي دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردۈم. بالىلىق دەۋرىمىزدىكى سىرلىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى، دادامنىڭ بىزلەر ياشاپ كۆنۈپ ئانا يۇرتىمىز ھېسابلىغان ئارىزونا ئىشتاتىدىكى كىچىككىنە «كىڭمان» ئاتلىق بۇ بازارغا كۆچۈپ كېلىش قارارىغا ئاپامنى قانداق ماقۇل قىلغانلىقى ئىدى.

دادام ئاپاملار ئېيپ قېچىپ توي قىلىشقانلاردىن ھېسابلىناتتى.

ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى يەرشارىلاشقان دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ، نيۇۋيوركتىن ھىندىستاننىڭ جەنۇبىغا تۇتاشقان مۇھەببەت، ئارىزوناغا كېلىپ يىلتىز تارتقان. لېكىن دادام خىرىستىيان، ئاپام بولسا ھىندى، ئۇلارنىڭ بۇ مۇھەببىتى ئىككىلا ئائىلىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ئىدى. ئاددىيسى چوڭ ئاپام (ئاپامنىڭ ئاپىسى) ئەزەلدىن مېنىڭ پاۋىل دېگەن ئىسمىمنى ئېيتىپ قىلىپ باقمىغان. مېنى سۇندىھىر دېگەن ئىسمىم بىلەنلا چاقىراتتى، بۇ ئىشمۇ ئائىلىمىزگە بىر مۇنچە ئازارلانى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن بۇ قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلانى يەڭگەن ئاپام بىچارە بۇ يەردە بىر ئۆمۈر يىلاندىن كەلگەن ۋەھىمە ئىچىدىلا ئۆتەتتى. ئۇ يىلاندىن شۈنچىلىك قورقاتتىكى، كىچىك بولسۇن، ئوماق بولسۇن، ئاددىيسى قەتئىي چاقمايدىغان قىزىل يىلاننى كۆرسىمۇ چىقىراپ تاشلايتتىدە، ئىشكنى

تاقاپ ئۆزگە ئەڭ يىقىن ئەڭ چوڭ كۆرۈنگەن پىچاق، پالتىلار بىلەن قوراللىناتتى.

يىلان ئاپامنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەشۋىشى بولغىنى بىلەن باللىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى ئىدى.

بىز بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگۈچە چوڭ ئاكام سۇمان كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتىدىغان ۋەستچەستىر ناھىيەسىدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە ئازلا قالغان ئىدى. ئۇ بىز كىڭمانغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ستانفورد ئونۋېرستېتىغا قوبۇل قىلىنىپ ئۆيدىن ئايرىلىپ ئوقۇشقا كەتتى. بىلىپ يەتتۇقكى، كىڭمان بازىرى ھەرگىزمۇ ۋەستچەستىر ئەمەس ئىدى. ئاپام موھاۋى ناھىيەلىك مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈپلا ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى يېقىندا تېخى ئامېرىكا نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسى كىڭمان بازىرىنى ئامېرىكا بويىچە ئوقۇتۇش سەۋىيەسى ئەڭ تۆۋەن جاي دەپ ئېلان قىلغان ئىدى.

مەكتەپتىن چېكىنىش نىسبىتى 30% پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇپ ئالى مەكتەپلەرگە ئۆتكەنلەر بەكلا ئاز، ئەلۋەتتە دادامنىڭ كۆڭلىدىكىدەك خارۋاردقا ئۆتكەنلەر ئەسلا يوق ئىدى.

ئاپام تەسەللى ئىزدەپ شەرقىي دېڭىز ياقىسىدىكى باي شەھەر ئەتراپى رايونىدا ئولتۇراقلاشقان دوستلىرىغا تېلېفون قىلدى. بەزىلىرى تەسەللى

بەردى، يەنە بەزلىرى بولسا بالىلىرىنىڭ تۈيۈقسىزلا تۈزۈكرەك ئوقۇشقىمۇ ئېرىشەلمەيۋاتقان كالاﻧﺘﻰ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن رىقابەتتىن قۇتۇلغىنىغا ئۇۋۇف دېيىشتى.

ئۇ كېچىسى ئاپام كارىۋىتىدا يالغۇز يېتىپ يىغلىدى. ئاپام تايىنى يوق ئوقۇتۇش سىستېمىسىنىڭ بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىنى قۇرۇپ قويۇشىدىن قورقاتتى. ئۇ نەلەدىندۇر ئالىي مەكتەپكە ئۆتكىچە چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلار مۇندەرىجىسىنى تېپىپ چىقتى. ھىندىستاندا فىزىيولوگىيە ئوقۇغان ئاپام 23 يېشىدا توي قىلىپ، باشقا بىر دۆلەتتە ئۈچ بالىسىنى بېقىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ بۇ كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزىمۇ ئوقۇپ باقمىغان ئىدى.

ئەمما ئاپام بىزلەرنىڭ ئىلغار بولغان مائارىپ تۈزۈلمىسىدىن بەھرىمەن بولالماسلىقىمىزغا ھەرگىز قاراپ تۇرالمايتتى.

ئۇ 1984 يىلى دېگەن كىتابنى مەن ئون ياشقا كىرگەندىلا ئوقۇشقا بۇيرۇغانىدى.

بۇ كىتابتىكى جىنسى مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى باياﻧﻼر مېنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئىدى، لېكىن دەل شۇ كىتاب مېنىڭ تىلغا بولغان كۈچلۈك قىزىقىشىمنى قوزغىغان ئىدى.

تۆۋەندىكىسى ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلىدا تىزغان تۈگىمەس كىتاب ۋە ئاپتورلار مۇندەرىجىسى:

گراف مونتى كرىستو، ئېدگارد ئالېن، روبىنزون كرۇز، ئېۋانخوف، گوٓگوٓل، ئاخىرقى موھىكان، چارلىز دېكىنس، مارك تۋېن، جەين ئاۋستېن، بىللى باد...

ئون ئىككى ياشقا كىرگىنىمدە بوٓ كىتابلارنى خالىغانچە تاللاپ ئوقۇيدىغان بوپكەتتىم، چوڭ ئاكام سۇمان ئوٓزىنىڭ ئالى مەكتەپتە ئوقۇغان: شاھزادە، دونكىخوت، كەندىد، شاھ ئارتورنىڭ ئوٓلۇمى، بېئولوف، توريىوۋ، ساتېرى، كاميۇ دېگەن كىتابلارنى ئەۋەتىپ بەردى.

بوٓكىتابلارنىڭ بەزىلىرىگە نۇرغۇن بەلگىلەر قويۇلغان ئىدى. «يېڭى جەسۇر دۇنيا» ناملىق كىتاب، مېنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەخلاق ۋە پەلسەپە بىلىمىمنى يېتىشتۈرۈپلا قالماي، ئالى مەكتەپكە كىرىش ئىلتىماس ماقالەمنىڭ تېمىسىغا ئايلاندى، شۇنداقلا شۇ كىتابتا دېيىلگەن بەختكە ئېرىشىشنىڭ ھاياتنىڭ پۈتۈن مەنىسى ئەمەسلىكىگە قوشۇلىمەن.

ھاملېت مېنى مىڭ قېتىملاپ بالاغەتكە يېتىش مەزگىلى كىرىزىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ «خىجىلچان ئاشنامغا» دېگەن شېئىرىغا ئوخشاش رومانتىك شېئىرلىرى مەن ھەم مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ تولۇق ئوتتۇرا ھاياتىمىزنى ھەرخىل شادىمان ئازابلار بىلەن بېزىگەن ئىدى.

بىز دائىم كىچىلىرى ئوٓيدىن قېچىپ چىقاتتۇق، مەسىلەن: مەكتەپ مەدەت كوماندىسى باشلىقى قىزنىڭ دىرىزىسى ئاستىدا «ئامېرىكا قىيامى» (ئامېرىكا ئوٓسمۈرلىرىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا بولغان قىزىقىشلىرى

تەسۋىرلىنىدىغان داڭلىق كومېدىيىلىك فىلىم) نىڭ ناخشىسىنى تووۋلايتتۇق (ئۇۋقىزنىڭ دادىسى يەرلىك پوپ ئىدى، شۇڭا مىلتىق بىلەن ئاتمايدىغۇ دەپ پەملىگەن ئىدۇق)، تاكى بىر كېچىسى دەل مۇشۇنداق خەتەرلىك تەۋەككۇلدىن تاڭ ئاتارغا يېقىن قايتىپ كېلەشىمدە تۇتۇلۇپ قالدىم. ئاسانلا غەم يەيدىغان ئاپام شۇ ۋاقىتلاردا ياش باللاردا ئەۋجىگە چىققان ھەر بىر خىل زەھەر ياكى دورىلار توغرىسىدا مېنى بىرمۇ بىر سوتلاپ چىقاتتى-يۇ، مېنى ئەڭ بەك مەھلىيا قىلىدىغىنىنىڭ دەل ئالدىنقى ھەپتىدە ئۆزى ئوقۇ دەپ بەرگەن شېئىرلار توپلىمى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمايتتى. كىتاب مېنىڭ سىردىشىمغا، دۇنيانى كۆزىتىدىغان كۆز ئەينىكىمگە ئايلانغان ئىدى.

باللىرىم ياخشىراق ئوقۇسا دېگەن ئارزۇدا، ئاپام بىزنى ئېلىپ شىمالغا يۈز نەچچە كىلومېتىر ماشىنا ھەيدەپ بىزگە ئەڭ يېقىن شەھەر لاسۋېگاسقا ئېلىپ كەلدى. بۇيەردە تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش ئىمتىھانى، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى ۋە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشاتتۇق.

ئۇ مەكتەپ مۇدىرىيىتىگە ئەزا بولدى، ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ، تاللاپ قاتنىشىدىغان دەرسلىكلەرنىمۇ سېتىكىغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاپام بىر تالانت ئىگىسى ئىدى، ئۇ ئۆزىلا كىشىماندىكى مەكتەپنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ شۇنداق قىلدى.

تۆيۇقسىزلا بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ باللىرىغا بۇ كىچىككىنە بازارنى ئوراپ تۇرغان ئىككى تاغ جاھاننىڭ چېتى ئەمەستەك، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جاھانمۇ كۆرۈنگەندەك بولدى.

## 2-قىسىم

تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان يىلىمىز مېنىڭ يېقىن دوستۇم، بۇ يىللىق ئوقۇش مۇراسىمىدا سۆز قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ھەم مەن بىلىدىغان ئەڭ نامرات بالا لېئوغا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى نەسىھەت قىلىپ: «سەن ئەقىللىق بالا، ئەڭ ياخشىسى ئەسكەرلىككە بار» دەپتۇ.

ئۇ كېيىن ماڭا شۇ ئىشنى دەپ بېرىۋېتىپ ئاغزىنى بۇزدى: «ئۇ سامان قورساق ئەبلەخ ئىشنى قىلسۇن، ئەگەر سەن خارۋارد، يالى ياكى ئىستانفوردقا بارساڭ مەنمۇ بارىمەن» دېدى.

ئاخىرىدا مەن ئىستانفوردقا قوبۇل قىلىندىم، ئۇ يالىغا ئۆتتى. زادى قايسىمىز ئۇچۇن بەكرەك خۇشال بولغىنىمىزنى بىلمەيمەن.

يازمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئىستانفورد باشقا داشۆلەردىن نەق بىر ئاي كېيىن دەرس باشلايدۇ، شۇڭا دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى تاشلاپ تەرەپكە تەرەپكە مېڭىشتى. مەن كۈندە چۈشتىن كېيىن قۇملۇقتا يالغۇز ئۇخلاپ ياكى خىيال سۈرۈپ يېتىپ كىگماندىكى بىردىنبىر قەھۋەخانىدا ئىشلەيدىغان، قىز دوستۇم ئەبىگېيلنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىنى ساقلايتتىم. بۇ قۇملۇقتا تاغلار ئارىسىدىن بازارغا بارغىلى بولىدىغان بىر قىسقا يول بار، يەنە كېلىپ پىيادە ماڭسا ماشىنا ھەيدىگەندىن كۆڭۈللۈك ئىدى. ئەبىگېيل يىگىرمىدىن ئەمدى ئاشقان بولۇپ داشۆدە ئوقۇيتتى، ئۇ ئوقۇش قەرزى

ئېلىشتىن قېچىپ بىر مەۋسۇملۇك رۇخسەت سوراپ ئوقۇش پۇلىغا ئىشلەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا خاس ئىشقا پۇختا مىجەزىگە ئامراق ئىدىم، ئۇنىڭ كەسپى پسىخولوگىيە ئىدى! بىز دائىم ئۇ ئىشتىن چۈشكەندە ئاندىن كۆرۈشەتتۇق. ئۇ ماڭا مەن نەچچە ھەپتە ئىچىدىلا يۈزلىنىدىغان يېپيېڭى دۇنيادىن ئالدىن بېشارەت بەرگۈچىدەك تۇيۇلاتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قۇملۇقتا ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچسام بىر توپ قۇزغۇنلار مېنى جەسەتمىكىن دەپ ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. سائەت ئۈچ بولاي دېگەن ئىدى. كىچىكىپ قالاي دەپتىمەن. كىيىملىرىمنى قاققاچ يۈگۈرگىنىمچە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ يولغا چىقىشىمغا تۇنجى ئىمارەت كۆرۈندى. كوچا دوقمۇشىدىن قايرىلىپلا قولىدىكى سۈپۈرگە بىلەن قەھۋەخانىنىڭ پوللىرىنى سۈپۈرۈۋاتقان ئەبگېيلنى كۆردۈم .

«قەھۋە ماشىنىسىنى تازىلاپ بوپتىمەن» دېدى ئۇ. «بۈگۈن سىزگە مۇزلۇق قەھۋە دەملەپ بېرەلمەيدىغان بولدۇم.»

بىز قەھۋەخانىغا كىردۇق، ئەبى پۇل يىغىش ماشىنىسىنىڭ يېنىغا تىقىپ قويغان بىر كىتابنى ئالدى. «مەڭ» دېدى ئۇ كىتابنى ماڭا سۇنۇپ: «بۇنى ئوقۇك، قاچانلا قارىسا ئېسىلزادىلەر مەدەنىيىتىگە تەۋە كىتابلارنى ئوقۇيدىكەنسىز. بىرەر قېتىم تۆۋەن سەۋىيىلىكلەرنىڭ كىتابلىرىنمۇ سىناپ بېقىڭ» دېدى .

بۇ 500 بەتلىك رومانىنىڭ ئىسمى «شەيتان: بىچارە دوختۇر كاسلىبىرنىڭ ئۇنى روھىي ئانالىز بىلەن داۋالاپ ساقايتىشى» بولۇپ، ئاپتورى جىرىبمىي لىۋىن ئىدى. مەن كىتابنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ بىر كۈندىلا كۆرۈپ بولدۇم. بۇ بەك نەپىس ئەسەر سانالمايتتى. بۇ ئەسەر ئەسلى قىزىقارلىق چىقماقچىكەندۇق، ئەمما ئۇنداق بولالماي قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ كىتاب كاللامدىكى «ئاڭ پەقەتلا چوڭ مېڭىنىڭ مەشغۇلاتى» دېگەن قاراشنى نەلەرگىدۇر چۆرۈۋېتىشىم كېرەكلىكىنى تونۇتۇپ، مېنىڭ دۇنياغا بولغان گۆدەكلەرچە چۈشەنچىلىرىمنى تەۋرىتىۋەتتى ۋە مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئەسلى بۇ جەزمەن توغرا بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەگەر خاتا دېيىلسە، ئۇنداقتا بىزنىڭ چوڭ مېڭىمىز زادى نېمە ئىش قىلار بولغۇيتتى؟ گەرچە بىزنىڭ ئەركىن ئىرادىمىز بار بولسىمۇ، لېكىن بىزمۇ ئوخشاشلا چەكلىملەرگە بويسۇنىدىغان بىر جانلىق، مېڭىمىز بولسا ئوخشاشلا بارلىق فىزىكىلىق قانۇنلارغا بويسۇنىدىغان بىر ئەزا، خالاس! ئەدەبىيات ئىنسانىيلىق ھەققىدە مول چۈشەنچىلەرنى بەرگەن، دەل مېڭە قانداقتۇر بىر ئۇسۇللار بىلەن شۇنداق بولۇشنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغان ئىدى. بۇ كىشىگە ناھايىتى سېھىرلىك تۇيۇلىدۇ. ئاشۇ كېچىسى مەن ھۇجرامدا بۇرۇن نەچچە ئون قېتىم ئوقۇپ بولغان قىزىل رەڭلىك ئىس‌تانفورد دەرس جەدۋىلىمنى ئاچتىم ۋە بەلگە قەلىمىمنى قولۇمغا ئالدىم. ئالىلقاچان توغرا بەلگىسى ئۇرۇپ بولغان بارلىق ئەدەبىيات دەرسلىرىدىن

باشقا مەن بىيولوگىيە ۋە نېرۋولوگىيەگە دائىر دەرسلەرنىمۇ تاللاشقا باشلىدىم.

نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن يەنىلا بىرەر كەسىپ ھەققىدە جىق ئويلاپ كەتمىگەن، ئەمما ئىنگلىز ئەدەبىياتى ۋە ئىنسان بىيولوگىيەسى بويىچە ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشەي دەپ قالغان ئىدىم. مېنى دەرستە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئانچە قىزىقتۇرالمايتتى، مەن پەقەت شۇنى چۈشىنىشكە قىزىقاتتىم: ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ مەن يەنىلا ئەدەبىياتنى مەنىۋى ھاياتنىڭ ئەڭ ياخشى تەسۋىرى، نېرۋا ئىلمى بولسا مېڭىنىڭ ئەڭ نازۇك قانۇنلىرى دەپ قارايتتىم. قىممەت گەرچە ئېنىقسىز بىر ئۇقۇم بولۇشىغا قارىماي كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئەخلاق قارىشىنىڭ ئاجرالماس پارچىسىدەك كۆرۈنەتتى. ت. س. ئېلىيوت «جەزىرە» دېگەن ئەسىرىدە مەنىسىزلىك ۋە تەنھالىقنى، شۇنداقلا ئىنسانلار ئارىسىدىكى باغلىنىشنى تېپىش مەقسىتىدىكى پايدىسىز ئۇرۇنۇشلىرىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى. ئېلىيوتنىڭ ئوخشىتىشلىرىنىڭ ئۆز تىلىمغا سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقايتتىم. باشقا يازغۇچىلارمۇ بار ئىدى. نابوكوۋ ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئازابىمىزنىڭ بىزنى باشقىلارنىڭ ئاشكارا ئازابىغا پەرۋاسىز قىلىپ قويىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان ئىدى. كونراد كىشىلەر ئارىسىدىكى خاتا چۈشەنچىنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتىغا قانداق چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەن ئىدى. دېمەك ئەدەبىيات

يالغۇز باشقىلارنىڭ كەچۈرمىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، مەن ئىشىنىمەنكى ئۇ يەنە ئەخلاقىي ئىزدىنىشنىڭ ئەڭ باي ماتېرىيالىدۇر. مېنىڭ ئانالىز پەلسەپەسىنىڭ رەسمىي ئېتىكىسىغا بولغان دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم تولىمۇ قۇرغاق بولۇپ، رېئال كىشىلىك ھاياتىنىڭ قالايمىقانچىلىق ۋە ئېغىرچىلىقلىرىدىن خالىي ئىدى .

ئالىي مەكتەپ يىللىرىمدا ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى زاھىتلارچە ئىزدىنىشلىرىم بىلەن ئاشۇ مەنىنى شەكىللەندۈرىدىغان كىشىلىك ئالاقە تورى قۇرۇش ۋە كۆچەيتىش زۆرۈرىيىتى ئارىسىدا زىددىيەتكە دۇچ كەلدىم. تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقا ئەرزىمىسە، ياشالمىغان ھايات تەپەككۇرغا ئەرزىمدۇ؟ داشۆ ئىككىنچى يىلىقىنىڭ يازلىق تەتىلىدە ئىككى خىزمەتكە ئىلتىماس قىلدىم، بىرى ئاتلانتا شەھىرىدىكى ئالىي تەتقىقات يۇرتى يېركىس پىرىماتلار تەتقىقات مەركىزىدە پىراكتىكانت بولۇش، يەنە بىرى سىيېرا لاگېرىدا ياردەمچى ئاشپەز بولۇش ئىدى، بۇ ئىستانفورد مەكتەپداشلىرى ئائىلە بويىچە يىغىلىپ ساياھەت قىلىدىغان بىر مەنزىرە نۇقتىسى بولۇپ، ئېلدورادو دۆلەتلىك ئورمان باغچىسىنىڭ ئېپىندائىي جاڭگاللىقىغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان فولىن لىيف كۆلىنىڭ زۇمرەتتەك قىرغىقىغا جايلاشقان ئىدى. لاگېر سىزگە ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ئېسىل يازنى ۋەدە قىلىپ تۇراتتى. مەن بۇ خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغىنىمدا ھەم ھەيران قالدىم، ھەم ناھايىتى خۇش

بولدۇم. بىراق مەن ماكاكا مايمۇنىنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى بارلىقىغا دائىر خەۋەرنى ئاڭلاپ يېرىكىپسىقا بىرىپ قىممەتىنىڭ تەبىئىي مەنبەسىنىڭ زادى نېمە بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىر بىلىپ باققۇمنۇ كەلدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ ئىككى خىزمەتنىڭ بىرىدە مەن ھاياتنىڭ مەنىسىنى تەتقىق قىلسام، يەنە بىرىدە ئۇنى ياشايتتىم.

ئۇزاق ئويلىنىپ ئاخىرى لاگېرنى تاللىدىم. ئاندىن بۇ تاللىشىمنى بىيولوگىيە ئوقۇتقۇچۇمغا دەپ قويۇش ئۈچۈن ئىشخانىسىغا كىردىم. ئۇ ئۈستىلىدە ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ جىمغۇر، قويۇق قاشلىق مۇلايىم ئادەم ئىدى، بىراق مەن ئۇنىڭغا پىلانىمنى ئېيتىشىمغىلا ئۇ پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندى: كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈزلىرى قىپقىزىل بولۇپ، ئاغزىدىن تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ ۋارقىراپ كەتتى.

«نېمە؟!» دېدى ئۇ. «سەن چوڭ بولغاندا ئالىم بولماقچىمۇ يا ئاشپەزمۇ؟»

مەۋسۇم ئاخىرى تۈگەپ تەتىلگە چىقتۇق، لاگېرغا بارىدىغان بورانلىق يولدا كېتىۋېتىپمۇ يەنىلا ھايات يولۇمدىكى بۇ تاللىشىمنىڭ خاتا بولۇپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم. لېكىن بۇ ئەندىشەم ئۇزۇنغا بارمىدى. لاگېر دەرۋەقە ياشلىقنىڭ ھەممە ئېھتىياجىدىن چىققۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىدى: كۆلدىكى گۈزەللىكلەر، تاغلار، ئادەملەر، مول تەجرىبىلەر، سۆھبەتلەر، دوستلۇقلار... ئاي تولغان كېچىلەردە ئاي نۇرى كەلكۈنى

جاڭگالنى بېسىپ كەتكەن بولۇپ، چىراغ ئالمايمۇ مېڭىپ ئايلىنىپ كىرىش مۇمكىن ئىدى. بىر سەھەر سائەت ئىككىدە ئەڭ يېقىن تاغ چوققىسى بولغان تاللاك تېغىغا قاراپ ماڭدۇق، قۇياش كۆتۈرۈلەي دەپ قالغان ئىدى، سۈزۈك، يۇلتۇزلۇق ئاسمان پەستىكى تەكشى، تىنچ كۆل يۈزىدە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چوققىغا چىقتۇق، 300 مېتىرلىق تاغ چوققىسىدا ئۇخلاش خالتىلىرىدا قۇچاقلىشىپ ياتاتتۇق، ھاۋانى قايسىدۇر بىر ئەتراپلىق ئويلايدىغان بۇرادەر ئالغاچ چىقىپ دەملىگەن قەھۋەنىڭ ئارامبەخش پۇرىقى بىر ئالغان ئىدى. قۇياشنىڭ تۇنجى نۇرىنى ئىلغا قىلدۇق ۋە ھەممىمىز رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى تاماشا قىلدۇق، شەرقىي ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن بىر كۆك رەڭلىك نۇر دەستىسى سۈپۈرگىدەك ئاسمان بېتىدىكى يۇلتۇزلارنى سۈپۈرۈپ ماڭاتتى. كۈندۈز ئاسمىنى بارا-بارا كېڭەيدى ۋە ئېگىزلىدى، ئاندىن قۇياش ئاخىرى مۇبارەك جامالىنى كۆرسەتتى. سەھەرچى يولۇچىلار جەنۇبىي تاھو كۆلى يوللىرىدا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. بىراق بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىڭىزدا سىز باشقىچە بىر مەنزىرىنى كۆرەتتىڭىز: كۈندۈزنىڭ كۆك نۇرى ئاسمان يۈزىدە بارا بارا قارىيىپ كېتىۋاتاتتى، غەربتە كېچە تېخىچە بويسۇنمىغان، قاپقارا، يۇلتۇزلۇق بىر پارچە ئاسمان تولغان ئاينى پايتەخت قىلىپ تېخىچە ئۆز ئورنىدا مەزمۇت تۇراتتى. شەرقتە كۈندۈزنىڭ يورۇقى يۈزىڭىزگە زەربە بىلەن ئۇرۇلسا، غەربتە كېچە ھۆكۈمرانلىقى تەسلىم بولۇشنىڭ بەلگىسىمۇ

يوق ھالەتتە داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇلۇغلۇقنى ھېچقانداق بىر پەيلاسوپمۇ كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ چېگراسىدا تۇرۇپ كۆزىتىشتىنمۇ ياخشىراق چۈشەندۈرەلمەس دەيمەن. ھەممە خۇددى ھەممىگە قادىر كۆرۈنمەس بىر كۈچ كائىناتقا: «يورۇ!» دەپ بۇيرۇق قىلىۋاتقاندەك ئىدى. بۇ بۇيۇك تاغلارنىڭ، يەر شارىنىڭ، كائىناتنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنىڭ زەررىچىلىكلا مەۋجۇتلۇقىڭىزنى ئەسلىمەي تۇرالمايتتىڭىز، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا يەنە ئىككى پۇتىڭىز بىلەن دەل مۇشۇ بۇيۇك مەنزىرىلەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تىك دەسسەپ تۇرغانلىقىڭىزمۇ ئېسىڭىزگە چۈشەتتى .

مانا بۇ سىيېرا لاگېرىدىكى ياز ئىدى، بەلكى باشقا بارلىق لاگېرلاردىن پەرقى يوقتۇر، ئەمما بۇ يەر ھەر كۈنى ھاياتقا ۋە ئۆزنى قىممەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇناسىۋەتلەرگە تولۇپ تېشىپ تۇراتتى. بىر كېچىسى بىر نەچچىمىز كەچلىك تاماق ئۈستىلىدە لاگېرنىڭ ياردەمچى دىرېكتورى مو بىلەن ۋىسكىي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ قالدۇق، ئۇمۇ ئىستانفوردتىن بولۇپ ئىنگلىز  ئەدەبىياتى بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاشلاپ قويغان ئىدى، بىز ئەدەبىيات ۋە بالاغەتنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىنىڭ ئېغىر باش قېتىنچىلىقلىرى ھەققىدە پاراڭ سېلىشتۇق. كېيىنكى يىلى ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇشىنى قايتا باشلىدى، كېيىن ئۇ تۇنجى ئېلان قىلىنغان قىسقا ھېكايىسىنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ، ئاشۇ قېتىمقى بىللە ئۆتكۈزگەن يازلىق لاگېرىمىز ئۇنىڭ ھېكايىسىدە ناھايىتى ياخشى خۇلاسىلەنگەن ئىدى:

«ھازىر تۈيۈقسىز نېمە ئىزدەۋاتقىنىمنى بىلدىم. مەن گۈلخان ياقىدىغانلارنى ئىزدىمەكتىمەن، جەسەت كۆلۈمنى چىچىۋېتىشلار، قۇمغا ئارىلىشىپ كەتسۇن. سۆڭىكىم قاقشال ئوتۇنلار ئارىسىدا قالسۇن، چىشلىرىم قۇملۇقتا يوقاپ كەتسۇن... مەن باللارنىڭ ئەقلىگە ئىشەنمەيمەن، چوڭلارنىڭكىگىمۇ ئىشەنمەيمەن. شۇنداق بىر چاغ كېلىدۇكى، توپلانغان تەجرىبىلەر ياشاشنىڭ تەپسىلاتلىرى ئارىسىدا ھالسىراپ تۈگەيدۇ. بىز ھەرگىزمۇ ئاشۇ چاغنى ياشىغان ۋاقتىمىزدىكىدىن ئاقىل ئەمەسمىز.»

# 3-قىسىم

مەكتەپكە قايتتىم ۋە تاغدىكى كۆللەرنى ئەسلەپ كەتمىدىم. ھايات تېخىمۇ رەڭدار ۋە مول مەزمۇنلۇق ئۆتۈشكە باشلىدى، شۇندىن كېيىنكى ئىككى يىلدا مەن مەنىۋى ھاياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ بېقىش ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدەندىم. مەن ھاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىدىغان نەرسىنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە ئۆگەندىم. مېڭىنىڭ زادى قانداق قىلىپ ئىنساندەك ھاياتنىڭ مەنىسىنى تېپىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىر جانلىق بولۇشىنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن نېرۋولوگىيە ئۆگەندىم ۋە فۇنكسىيەلىك يادرو ماگنىت رېزونانسلىق سايىلەش (fMRI) تەجرىبىخانىسىدا ئىشلىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە بىر قاتار قىزىقارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق يېقىن دوستلىرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى كۈچەيتتىم. مەسىلەن بىز موڭغۇلچە ياسىنىپ مەكتەپ ئاشخانىسىغا باستۇرۇپ كىردۇق؛ پۈتۈنلەي يالغان بىر «گىرېكچە بۇرادەرلەر جەمئىيىتى» قۇرۇپ باش ئىشتاب دەۋالغان ئۆيىمىزدە «سىرلىق» ئىشلارنى پىلانلاش بىلەن ئالدىراش يۈرگەن قىياپەتكە كىرىۋالاتتۇق؛ ئورانگۇتانچە ياسىنىپ بۇككىگھام ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇۋالاتتۇق. يېرىم كېچىدە مەكتەپ قەھرىمانلار چېركاۋىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ زالدا ئوڭدىسىغا يېتىپ جىمىمىزنىڭ بارىچە ۋارقىراپ

تورۇستىن يانغان ئەكس سادانى تاماشا قىلاتتۇق. (مەن كېيىنچە ۋىرجىنىيە ۋۇلفنىڭ مەكتەپتىكى چېغىدا ھەبەش مەلىكىسىدەك ياسىنىپ ئەنگلىيە جەڭ پاراخوتىغا چىققانلىقىنى ۋە كېيىن چېنىپ قېلىپ جازالانغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنىڭ بۇ ئەرزىمەس ئىشلىرىمدىن ماختىنىپ يۈرمەيدىغان بولدۇم.)

ئالىي مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىلى، مەن قاتنىشۋاتقان نېرۋا ئىلمى كەسپىنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق «نېرۋولوگىيە ۋە ئېتىكا» دەرسىدە بىز مېڭىسى ئېغىر زەخىملەنگەنلەر كۈتۈنۈۋاتقان بىر ساناتورىيەنى زىيارەت قىلدۇق. دەرۋازىدىن كىرىشىمىزگە بىزنى مەيۈس يىغا ئاۋازى كۈتۈۋالدى. يېتەكچىمىز بولغان 30 نەچچە ياشلاردىكى دوستانە بىر ئايال كېلىپ بىزگە ئۆزىنى تونۇشتۇردى، لېكىن مېنىڭ كۆزلىرىم بايىقى يىغا ئاۋازىنىڭ زادى نەدىن كەلگەنلىكىنى ئىزدەيتتى. كۈتۈۋېلىش پوكىيىنىڭ كەينىدىكى چوڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزوردا بىر ماغزاپ تىياتىر ئاۋازسىز قويۇلۇۋاتاتتى. ئېكراندىكى كۆك كۆزلۈك، مودا چاچلىق سەتەڭنىڭ بېشى ھاياجاندىن يېنىك تىترەيتتى، بۇ ئايال ئېكراننى بىر ئالغان بولۇپ كىمدۇر بىرسىگە يالۋۇرۇۋاتاتتى. كۆرۈنۈش ئالمىشىپ ئۇنىڭ يوغان ئېڭەكلىك، ئاۋازى قارىماققىلا ناھايىتى بوم ئاشىقى كۆرۈندى. ئىككىسى قىزغىن قۇچاقلاشتى. يىغا ئاۋازى كۈچەيدى. مەن ئېكراندىكى بىر جۈپلەرگە يېقىنلاپ بېرىپ پوكەينىڭ كەينىگە قارىدىم، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا يەرگىلا سېلىنغان كۆك

پالاستا گۈللۈك كۆينەك كىيگەن 20 ياشلاردىكى بىر قىزچاق ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ چىلك تۈگۈلگەن مۇشتلىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، قاتتىق سىلكىنىپ تۇرۇپ ئۆكسۈپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ سىلكىنىۋاتقاندا بېشىنىڭ كەينىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ يەردىكى چاچلار پاكىز چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، چوڭ بىر پارچە يەردە بېشىنىڭ ئاق تېرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كەينىمگە ياندىم ۋە كۆپچىلىككە يېتىشىۋالدىم، ئۇلار ساناتورىيەنى كۆزدىن كەچۈرگىلى ماڭغان ئىدى. يېتەكچى بىلەن پاراڭلىشىپ بىلدىمكى بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كىچىك ۋاقتىدا تۇتقاقلىق قىلىشقا ئاز قالغانلار ئىكەن. ئەتراپقا قارىسام بىزدىن باشقا زىيارەتچىلەر كۆرۈنمەيتتى.

«ئادەتتىمۇ مۇشۇنداقمۇ؟» سورىدىم مەن.

يېتەكچى چۈشەندۈردى: «باشتا بىمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دائىم يوقلاپ كېلىدۇ، كۈندە كېلىدىغانلىرىمۇ، ھەتتا كۈندە ئىككى ۋاق كېلىدىغانلىرىمۇ بار. ئاندىن كۈن ئاتلاپ كېلىدىغان بولىدۇ. ئاندىن ھەپتە ئاخىرىدىلا كېلىدۇ. ئاندىن بۇ ئايلار ياكى يىللار ئۆتكەنچە زىيارەت سانى بارا-بارا ئازلاپ پەقەت تۇغۇلغان كۈن ياكى روژدېستوۋو بايرىمىدىلا كېلىپ يوقلايدىغان بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا تۇغقانلىرى چامىسىنىڭ يېتىشىچە يىراق-يىراقلارغا كۆچۈپ كېتىشىدۇ.»

«مەن ئۇلاردىن ئاغرىنمايمەن» دېدى ئۇ. «بۇ باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ناھايىتى تەس»

غەزەپتىن ئۆرتىنىپ كەتتىم. تەس؟ ئەلۋەتتە تەس، بىراق ئاتا-ئانا بولغۇچى قانداقمۇ بالىلىرىنى تاشلىۋېتەلەيدىغاندۇ؟ بىر ئۆيگە كىرسەك بىمارلار كارىۋاتتا جىمجىت يېتىپتۇ، رەتلىك تىزىلغان كارىۋاتلاردا ئۇلار خۇددى ئاكوپتىكى ئەسكەرلەرنى ئەسلىتەتتى. كارىۋاتلارنى ئارىلاپ مېڭىۋېتىپ بىر قىزچاق بىلەن كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. 20 ياشلار چامىسىدىكى بۇ قىزچاقنىڭ قارا بۇدرە چاچلىرى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. مەن توختاپ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ كۆڭۈل بۆلگىنىمنى بىلدۈردۈم. ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم، بۇ ناھايىتى جانسىز بىر قول ئىدى. ئۇ بىر نەرسىلەرنى دەپ گۇڭگىرىدى، ئاندىن ماڭا ئۇدۇل قارىدى ۋە كۈلۈمسىرىدى.

«مېنىڭچە ئۇ كۈلۈۋاتىدۇ» دېدىم مەن دوختۇرغا.

«بەلكىم» دېدى ئۇ. «بەزىدە بىر نەرسە دېيىش تەس».

لېكىن مەن جەزملەشتۈرەلەيتتىم. ئۇ كۈلۈۋاتاتتى.

مەكتەپكە قايتتۇق، ھەممەيلەن سىنىپتىن چىقىپ كەتتى، مەن پىروفېسسور بىلەن يالغۇز قالدىم. «خوش، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟» دېدى ئۇ.

مەن ئوچۇق يورۇقلۇق بىلەن ئۇنىڭغا ئاشۇ ئاتا ئانىلارنىڭ بىچارە بالىلىرىنى تاشلىۋەتكەنلىكىگە قانچە قىلىپمۇ ئىشىنەلمەيۋاتقىنىمنى دەپ ئاغرىنىپ بەردىم، ھەتتا بىر قىزچاقنىڭ ماڭا قاراپ كۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىم.

پىروفېسسورىمىز بىر روھىي ئۇستاز ئىدى، ئۇنىڭ ئىلىم-پەن ۋە ئەخلاقنىڭ ئۆز-ئارا كېسىشىشى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشلىرى بار ئىدى. مەن ئۇنى مېنىڭ ئويلىغانلىرىمغا قوشۇلىدۇ، دەپ ئىشىنەتتىم.

«شۇنداق» دېدى ئۇ. «ياخشى، يارايسەن. بىراق، ساڭا دېسەم مېنىڭچە ئۇلارنىڭ بالدۇرراق ئۆلۈپ كەتكىنىمۇ ياخشى.»

قوپۇپ سومكامنى ئالدىم ۋە چىقىپ كەتتىم.

ئۇ ئېنىقلا كۆلۈمسىرىگەن تۇرسا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

مەن خېلى كېيىن ئاندىن چۈشەندىمكى ئاشۇ قېتىملىق زىيارەت مېنىڭ «مېڭە بىزگە كىشىلىك مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈش ۋە ھاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىش ئىقتىدارى بېرىدۇ» دېگەن چۈشەنچەمگە يېڭىچە بىر كۆزنىتىش نۇقتىسى بەرگەن ئىدى: بەزىدە مېڭە ئاشۇ مۇناسىۋەتلەرنى ۋەيرانمۇ قىلالايدىكەن.

***

مەكتەپ پۈتتۈشكە ئاز قالغانچە ئۆزۈمنى تېخى ھېچنېمە ئۆگەنمىگەندەك، ھەل قىلىنمىغان بىر تالاي مەسىلىلەر باردەك ئويلاپ بىئارام بولاتتىم. مەن ئىستانفورد داشۆسىنىڭ ئىنگلىز ئەدەبىياتى كەسپىگە ماگىستىرلىققا ئىلتىماس سۇندۇم ۋە قوبۇل قىلىندىم. مەن تىلنى دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كۈچ دەپ قاراشقا باشلىغانىدىم، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ، بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى باش سۆڭىكى

قاپلاپ تۇرغان ئىنسان مېڭىلىرىنى ئۆز ئارا باغلاپ تۇراتتى. بىر سۆز پەقەت ئادەملەر ئارىسىدا مەنىگە ئىگە، ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە گۈزەللىكى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا باغلىق. ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى «ئىنسان باغلىنىشچانلىقى» دەل مەنىنى كۈچەيتىدىغان نەرسە. لېكىن بۇ جەريان بەربىر مېڭىدە ۋە بەدەندە يۈز بېرىدۇ ۋە ھەر بىرى ئۆز فىزىئولوگىيەسىنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا ھەر ۋاقىت بۇزۇلۇش ۋە ۋەيران بولۇشقا تالىق. مەن ئويلايمەنكى، ھايات كەچۈرمىشلىرىمىزدىكى قىزغىنلىق، ئاچلىق، مۇھەببەت دېگەندەك تۇيغۇلارنى سۆپەتلەشتە ئىشلىتىدىغان تىللىرىمىز بىلەن مەيلى قانچىلىك پۇرمىلىنىپ كەتكەن بولسۇن ئاشۇ نېرۋونلارنىڭ تىلى، ھەزىم يوللىرى ۋە يۈرەك سوقۇشىنىڭ تىلى ئارىسىدا چوقۇم مەلۇم بىر باغلىنىش مەۋجۇت.

ئىستانفوردتا مەن تەلىيىمگە رىچارد رورتىي (Richard Rorty) نىڭ دەرسىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، ئۇ زاماننىدىكى ئەڭ بۈيۈك پەيلاسوپلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەن ھەر بىر پەننىڭ ئىنسان ھاياتىنى چۈشىنىشتە ئۆزگىچە بىر قورال بولغان بىر قاتار شۇ پەنگە خاس سۆزلۈكلەرنى ئىشلىتىدىغانلىقىدەك بىر قانۇنىيەتنى كۆرۈپ يەتتىم. بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئۆزگىلا خاس بىر قورال، ئۇ ئوقۇرمەننى ئاشۇ سۆزلۈكلەرنى ئىشلىتىشكە قايىل قىلىدۇ. مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالەمدە ۋالت ۋىتمەن (Walt Whitman) نى تەھلىل قىلدىم، ئۇ بىر

ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى دەل مېنىڭ كاللامنى چىرمىۋالغان سوئاللار بىلەن تولغان ئىدى، يەنى ئۇنىڭ  ھاياتى پۈتۈن ئەس-خىيالىنى بىر ئالغان ئۇ «فىزىيولوگىيەلىك روھانىي» دېگەن ئات قويغان بۇ ئۇقۇمنى چۈشىنىش ۋە تەسۋىرلەشكە ئۇرۇنۇش بىلەن ئۆتكەن.

ئىلمىي ماقالەمدە مەن پەقەت بىرلا يەكۈن چىقىرالىدىم: ۋىتمەن «فىزىيولوگىيەلىك روھانىلىق» ھەققىدە ئەڭ جايىغا چۈشكەن سۆزلۈكلەرنى ياساشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولغان، بىراق ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇش جەريانى يەنىلا بىزنىڭ ئىزدىنىش يولىمىزنى يورۇتقان ئىدى. مەن ئەدەبىيات ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمىنىڭ بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم، ئەدەبىيات ماگىستىرلىقى بەك بېرىلىپ كەتكەندەك، ئىلىم پەن بىلەن زىتلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. دىسسېرتاتسىيە كومىتېتىدىكى يېتەكچى ئۇستازلىرىمنىڭ بىرى ماگىستىرلىق ساھەسىدە مېنى قويغىنىغا ئالغۇدەك بىر كوللېكتىپقا سىڭىپ كىرىشىمنىڭ تەسلىكىنى، چۈنكى ئىنگلىز ئەدەبىياتى دوكتورلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىلىم پەنگە خۇددى «ئوتتىن قورققان مايمۇندەك قاتتىق ۋەھىمە» بىلەن قارايدىغانلىقىنى ئاتايىن سەمىمگە سالدى. ھاياتىمنىڭ قاياققا يول ئالىدىغانلىقى ماگا قاراڭغۇ ئىدى.

مېنىڭ «ۋىتمەن ۋە كىشىلىك خاراكتېرنىڭ تىببىيلەشتۈرۈلۈشى» دېگەن

ئىلمىي ماقالەم ئالقىشقا ئېرىشتى، ئەمما ماقالەمدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھەققىدە قانچىلىك توختالغان بولسام، يەنە روھىي كېسەللىكلەر ئىلمى ۋە نېرۋولوگىيەنىڭ تارىخى ئۈستىدىمۇ شۇنچىلىك توختالغاچقا، ئەنئەنىۋىلىكتىن يىراق ۋە غەلىتە بىلىنەتتى. ماقالەمىۇ، مەنمۇ ئوخشاشلا ئىنگلىز ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا ئانچە چۈشمەيتتۇق.

داشۆدىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرىم سەنئەت ساھەسىگە، يەنى بەزىلىرى كومېدىيەگە، يەنە بەزىلىرى ئاخبارات-تېلېۋىزىيە ساھەسىگە كىرىشىش ئۈچۈن نيۇيوركقا ماڭغىنىدا، مەنمۇ دەماللىققا ئۇلارغا قوشۇلۇپ يېڭى بىر ھاياتنى باشلاشنى ئويلىشىپمۇ باققانتىم. بىراق مۇنۇ سوئالنى كاللامدىن زادىلا نېرى قىلالمىدىم: بىيولوگىيە، ئېتىكا، ئەدەبىيات ۋە پەلسەپەنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى زادى نەدە؟ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن توپ ئويناپ بولۇپ ئېزغىرىن كۈز شامىلىدا ئۆيگە قايتىۋېتىپ خىيالغا پاتتىم. ئاۋگۇستىن «كىتابنى ئال ۋە ئوقۇ!» دەپ بۇيرۇق قىلغان بولسا، ئىچىمدىكى ئاۋاز ماڭا نەق شۇنىڭ ئەكسىنى دەۋاتاتتى: «كىتابنى قوي ۋە تېبابەتكە كىر!». تۈيۈقسىز ھەممە روشەنلىشىپ كەتتى. گەرچە دادام، تاغام ۋە ئاكام دوختۇر بولسىمۇ (ياكى دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن دېيىشىم كېرەكتۇ) مەن تېبابەت ئۆگىنىشنى ئەزەلدىن ئەستايىدىل ئويلىشىپ باقمىغان ئىدىم. بىراق ۋىتمەن ئۆزىمۇ پەقەت دوختۇرلارلا ئاشۇ «فىزىيولوگىيەلىك روھانىي»نى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ دەپ يازغان ئەمەسمىدى؟

ئەتىسى مەن بىر مېدىتسىنا تەييارلىق يېتەكچىسىدىن بۇ كەسىپتە ئوقۇش ئۈچۈن قانداق تەييارلىقلارنى قىلىشىم ھەققىدە مەسلىھەت سورىدىم. تىببىي مەكتەپكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بىر يىلچە بېسىپ ئۆگىنىشتىن سىرت 18 ئاي ئىلتىماس ۋاقتى كېتىدىكەن. ئەگەر شۇنداق قىلغان تەقدىردە نيۇيوركقا كەتكەن دوستلىرىم مەنسىز ئۆز دوستلۇقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇراتتى. بۇ يەنە ئەدەبىياتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشۇم كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بىراق بۇ ماڭا كىتابلاردىن تاپقىلى بولمايدىغان باشقىچە بىر ئۇلۇغلۇقنى تېپىش، ئازاب چېكىۋاتقانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش شۇنداقلا ئۆلۈم ۋە ھالاكەت ئالدىدىمۇ ھاياتقا مەنە قاتىدىغان نەرسىنىڭ زادى نېمىلىكى ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىش پۇرسىتى ئاتا قىلاتتى.

مەن تەييارلىق مېدىتسىنا دەرسلىرىگە قاتناشتىم ۋە خىمىيە، فىزىكا بىلىملىرىمنى كۆچەيتىشنى باشلىۋەتتىم. ئۆگىنىش سۈرئىتىمگە تەسىر يېتىشتىن ئەنسىرەپ، يا قوشۇمچە خىزمەت قىلغۇم كەلمەي، يا ئىستانفورد جايلاشقان پالو ئالتو شەھىرىنىڭ ئوغا-زەھەردىن قىممەت ئۆي ئىجارىسىنى كۆتۈرەلمەي تۇرغاندا، مەكتەپنىڭ ياتاق بىناسىدىن بىر قۇرۇق ياتاقنىڭ ئۈچۈق قالغان دېرىزىسىنى بايقىدىم ۋە ئارتىلىپ كىرىپلا يېتىۋالدىم. نەچچە ھەپتە شۇنداق مۆكۈپ يۈرۈپ ئاخىرى بايقىلىپ قالدىم، تەلىيىمگە مېنى تۇتۇۋالغان ياتاق باشقۇرغۇچى دەل بىر دوستۇم چىقىپ

قالدى. ئۇ ماڭا ياتاقنىڭ بىر تال ئاچقۇچىنى ۋە بەزى پايدىلىق تەكلىپلەرنى بەردى، مەسىلەن ئۇ ماڭا ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەتچى قىزلار ئۆمىكىنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. مەن «لۈكچەك» دېگەن نامغا قالماسلىق ئۈچۈن كاللامنى ئىشلىتىپ نەق شۇ كۈنلىرىگە توغرىلاپ چېدىر، كىتاب ۋە يېتەرلىك سۇلۇ يارمىسى ئېلىپ تاكى قايتىش بىخەتەر بولغۇچە تاھو كۆلى بويىدا ياتتىم.

تىببىي دوكتورلۇقنىڭ (دىققەت ئامېرىكىدا تىبابەت كەسپىدە پەقەت دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار) ئىلتىماس ۋاقتى 18 ئاي بولغاچقا دەرسلىرىم تۈگىگەندىن كېيىنمۇ يەنە بىر يىل بىكار ۋاقتىم بار ئىدى. بىر قانچە پىروفېسسور ماڭا ئىلمىي تەتقىقات ساھەسى بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلىشىشتىن بۇرۇن «ئىلىم پەن ۋە مېدىتسىنا تارىخى ۋە پەلسەپەسى» كەسپىدە ئۇنۋان ئېلىۋېلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن كامبرىج داشۆسىنىڭ HPS (ئىلىم پەن پەلسەپەسى ۋە تارىخى) دەرسگە ئىلتىماس قىلىپ قوبۇل قىلىندىم. كېيىنكى بىر يىلىم ئەنگلىيە سەھرالىرىدىكى دەرسخانىلاردا ئۆتتى، ئاشۇ كۈنلەردە مەن ھايات ۋە ئۆلۈم مەسىلىلىرىدە بىۋاستە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولۇشنىڭ شۇلار ھەققىدە كونكرېت ئەخلاق قارىشى تىكلەشتە كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى بارغانسىرى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. قۇرۇق سۆزلەر خۇددى ئاشۇ سۆزلەرنى توشۇۋاتقان نەپەستەك ئەھمىيەتسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەن ئاخىرى

ئۆزۈمنىڭ ئالالىقاچان ھېس قىلغىنىمنى قايتا جەزملەشتۈرىۋاتقانلىقىمنى بايقىدىم: ماڭا لازىمى دەل ئاشۇ ئەمەلىي تەجرىبە ئىدى. پەقەت مېدىتسىنا كەسپىگە قول سېلىپ كىرگەندىلا ئاندىن ھاياتلىق پەلسەپەسىنى ھەقىقىي ئۆگىنەلەيدىغىنىمغا كۆزۈم يەتتى. نېمىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى بېكىتىش ئۈچۈن مۇنازىرە قىلىش، توغرا ئىش قىلىشنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ ئۇنۋانىمنى ئالدىم ۋە ئامېرىكىغا قايتتىم. ئەمدىكى قارارىم يالى داشۆسىنىڭ مېدىتسىنا كەسپىدە ئوقۇش ئىدى.

تۇنجى قېتىم جەسەتنى يارغاندا ئادەم غەلىتە تۇيغۇلاردا بولىدىغاندۇ دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، قىزىق يېرى شۇكى ھەممە ئىش شۇنداق نورمال باشلاندى. يورۇق چىراغ، داتلاشماس پولات ئۈستەللەر، كىيىنەك گالاستۇك تاقىغان پىروفېسسورلار ئادەمگە بىر خىل مۇراسىم تۇيغۇسى بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن گەجگىدىن بەلگىچە كەسكەن ئاشۇ تۇنجى پىچاق مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. پىچاق تولىمۇ ئۆتكۈر بولۇپ تېرىنى خۇددى چاپاننىڭ سىيرىتمىسىنى ئاچقاندەكلا يېرىپ، ئاستىدىكى يوشۇرۇن ۋە چەكلەنگەن پەيلەر، مۇسكۇللار كۆرۈنگەندە سىز مەيلى قانچە تەييارلىق بىلەن كىرگەن بولۇڭ، بەرىبىر نومۇس ۋە ھاياجاندىن تېڭىرقاپ قالاتتىڭىز. جەسەت يېرىشنى مەيلى بىر زۆرۈر تېببىي مۇراسىم ياكى ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە قىلىنغان تاجاۋۇز دەيلى، ئۇ سىزنى بىر تالاي تۇيغۇلار كەلكۈنىگە غەرق قىلاتتى، بۇ تۇيغۇلار باشتا يىرگىنىش، ھاياجان، كۆڭۈل

ئېلىشىش، تېڭىرقاش ۋە ئەيمىنىشتىن باشلىنىپ، ئاخىرىدا ۋاقىت ئۆتكەنچە پەقەت بىر زېرىكىشلىك تېببىي تەجرىبىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ھەممە ھېسداشلىق ۋە سوغۇققانلىق ئارىسىدا تەۋرىنىپ تۇراتتى: سىز بۇ يەردە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تۆۋەن چېكى بىلەن ئويىنىشىۋاتىسىز، يەنە بىر تەرەپتىن فورمالدېھىدنىڭ كۆچلۈك غىدىقلىشى ئاستىدا ئىشتىھايىڭىز ئېچىلىپ قوناق تۈرمىلىمۇ يەۋاتىسىز. ئاخىرىدا سىز ئۇتتۇرا نېرۋىنى يېرىش، داس سۆڭەكنى ھەرىدەپ پارچىلاش ۋە يۈرەكنى يېرىش بىلەن ۋەزىپىڭىزنى تاماملىغىنىڭىزدا سوغۇققانلىق ھېسداشلىق ئۈستىدىن غالىب كېلەتتى: مۇقەددەس تاجاۋۇز ئاخىرى بىرىپ كىتاب خالتىلىرى، قىزىقچىلار ۋە باشقىلار بىلەن تولغان سىنىپىڭىزدىكى ھەممەيلەننىڭ خاراكتېرىنى پەرۋاسىز قىلىۋېتەتتى. جەسەت يېرىش نۇرغۇن بالىلارنىڭ جىددىي، مۇلايىم، ئەدەپلىك ئوقۇغۇچىدىن ئوپېراتسىيە پىچىقىدەك سوغۇق، ھاكاۋۇر دوختۇرغا ئايلىنىش جەريانى ئىدى.

تېبابەت كەسپىدىكى مەنىۋى بۇرچنىڭ بۈيۈكلىكى مېدىتسىنا مەكتىپىدىكى دەسلەپكى كۈنلىرىمگە ئېغىر بىر جىددىيلىك تۈيغۇسى بەرگەن ئىدى. تۇنجى كۈنى جەسەت يېرىشتىن بۇرۇن بىز سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈشنى مەشىق قىلدۇق، بۇ مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم بۇنداق مەشىققە قاتنىشىشىم ئىدى. تۇنجى قېتىملىقى داشۆدىكى چېغىم بولۇپ ئويۇننىڭ ئورنىدىلا تۈگىگەن ئىدى، ھەممىمىز قول پۈتى يوق ھەيكەللەر ۋە

ناھايىتى قوپال سۈرەتكە ئېلىنغان ۋىدىئونىڭ ساختىلىقىنى مازاق قىلىپلا چىققاندۇق. بىراق ھازىر بۇ تېخنىكىنى بىر كۆنلەردە ئىشلىتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن دېگەن ئېھتىماللىق ھەممىگە چىنلىق قوشۇپ تۇراتتى. مەن ئالقىنىم بىلەن پىلاستىك بالا ھەيكىلىنىڭ كۆكرىكىنى قايتا قايتا بېسىۋېتىپ ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆلكە چاقچاقلىرىدىن باشقا قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنىڭ سۇنغان ئاۋازىنى راستلا ئاڭلىدىم.

تەجرىبە جەسەتلىرى چىنلىق ۋە ساختىلىق تۈيغۇمىزنى ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋېتەتتى. سىز پىلاستىك مودېللارنى راست، جەسەتنى بولسا ساختا دەپ ئويلىشىڭىز كېرەك ئىدى. بىراق تۇنجى كۈنى سىز ئۇنداق قىلالمايسىز. مەن ئالدىمدىكى كۆكۈش، ئازراق ئىششىپ قالغان جەسەتكە يۈزلەندىم، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي جانسىزلىقى ۋە ھەقىقىي ئىنسانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايتتى. تۆت ئايدىن كېيىن قولۇمغا ھەرە ئېلىپ مۇشۇ ئادەمنىڭ كالللىسىنى ھەردەپ پارچىلايدىغانلىقىمدىن ئىبارەت بۇ پاكىت، ئاشۇ دەقىقىدە ماڭا قوبۇل قىلغۇسىز بىر ئىشتەك تۇيۇلاتتى.

ھېلىمۇ ياخشى يېنىمىزدا ئاناتومىيە پىروفېسسورلىرىمىز بار ئىدى. ئۇلار بىزگە جەسەتنىڭ چىرايىنى ئوبدان كۆرۈۋالغاندىن كېيىنلا يۈزىنى يېپىپ قويۇش تەكلىپىنى بەردى، بۇ ئىشىمىزنى ئاسانلاشتۇراتتى. بىز چىرايىمىزغا جىددىي تۈس بېرىپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ جەسەتنىڭ يوپۇقىنى ئېچىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغىنىمىزدا بىر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ بىزگە

ئازراق گەپ قىلىپ بەرگۈسى كېلىپ قالدى، ئۇ جەينىكى بىلەن جەسەتنىڭ بېشىغا يۆلەنگەن ھالدا بۇ ئادەمنىڭ يالىڭاچ بەدىنىدىكى جاراھەت ۋە تارتۇقلارنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ تارىخىنى ھېكايە قىلىپ قۇراشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ تارتۇق سىرىق ئەت ئوپېراتسىيەسىدىن قالغان، ماۋۇسى بوينى ئارتېرىيە ئىچكى پەردىسى ئوپېراتسىيەسىنىڭ تارتۇقى، ماۋۇلار تىرناق ئىزلىرى بەلكىم ئال كېسىلى ياكى يۇقىرى بىلىرۇبىن سەۋەبلىك بولسا كېرەك. بۇ بىمارنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق تارتۇق يوقكەن، قارىغاندا ئۇ ئاشقازان ئاستى بېزى راكى بىلەن داۋالاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ناھايىتى تېز ئۆلۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ. دوختۇر ئاشۇلارنى دەۋاتقاندا مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ جەينەكلىرىدىن كۆزۈمنى نېرى قىلالمىدىم، ئۇ جەينەكلەر دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان تېببىي پەرەزلەر ۋە كەسپىي ئاتالغۇلىرىغا ئەگىشىپ جەسەتنىڭ يېپىپ قويۇلغان يۈزىدە توختىماي ئۇيان بۇيان ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى. مەن ئىچىمدە «ئادەم تونۇماسلىق كېسىلى»نى ئويلىدىم، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى باشقىلارنىڭ چىرايىنى پەرقلەندۈرۈپ تونۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قوياتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەنمۇ قولۇمغا ھەرە ئېلىپ، شۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتەتتىم.

## 4-قىسىم

بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن كەيپىياتىمدىكى داۋالغۇش ئاستا-ئاستا ئىزىغا چۈشتى. مىدىتسىنا كەسپىدە بولمىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا شۇنى بايقىدىمكى، گويا ئۇلارنى مېنىڭمۇ نورمال بىر ئادەم ئىكەنلىكىمگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقاندەك، ئۇلارغا جەسەت ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىنىمدە، بىلىپ-بىلمەي جەسەت يېرىشنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ، ۋەھىمىلىك ھەمدە ناھايىتى بىمەنە تۇيۇلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى توختىماي تەكىتلەيدىغان بولۇۋالدىم، ئەمەلىيەتتە بولسا، مەن ھەر ھەپتىدە ئالتە سائەت ۋاقتىمنى جەسەت يېرىش بىلەن ئۆتكۈزەتتىم. بەزىدە مەن ئۇلارغا يەنە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەيتتىم: بىر قېتىملىق دەرستە كەينىمگە بۇرۇلۇپلا قارىسام ئادەتتە چىرايلىق زىننەتلەنگەن ئىستاكانلارنى ئىشلىتىدىغان بىر قىز ساۋاقدىشىم ئىككىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، بولقا بىلەن ئۇششكىنى بىر جەسەتنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىگە ناھايىتى خۇشال ھالدا قېقىپ ئويناۋېتىپتۇ، سۆڭەك پارچىلىرى ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ يۈرەتتى. مىنىڭ بۇ ھېكايىنى سۆزلىشىم بۇنداق كىشىلەر بىلەن چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن ئىدى، ئەمما مىنىڭ ئۇنىڭغا مايىللىقىم ئۆزۈمگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. نىملا دېگەن بىلەن مەن تېخى بايىلا زوق-شوخ بىلەن ئوپېراتسىيە پىچىقىنى ئوينىتىپ، بىر ئەرنىڭ

كۆكرەك بوشلۇقىنى يېرىپ، قارنىنى دۇتاردەك ئېچىپ قويىمۇدۇمۇ؟ گەرچە ئۆلۈك ئادەمنىڭ بەدىنىنى يارسىڭىزمۇ، ئىسمىمۇ نامەلۇم، يۈزى يېپىلغان ھالەتتە تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئەسلى جېنى بار بىر ئىنسانلىقى مانا مەن دەپ تۆكۈلۈپلا تۇراتتى: مەن جەسەتنىڭ تېنىنى يېرىپ ئاشقازىنىدىن تېخى ھەزىم بولمىغان ئىككى دانە مورفىن تابلىتىنى بايقىدىم (مورفىن كۈچلۈك ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا، خېروئىنىنىڭ ئاساسلىق خىمىيلىك تەركىبى). بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۇ كىشى تىترىگەن قوللىرىدا دورا قۇتىسىنى تۇتقان پېتى، يالغۇز ۋە ئاچچىق ئازاب ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان.

ئەلۋەتتە، بۇ كىشىلەر ھايات ۋاقتىدا رازىمەنلىك بىلەن تېنىنى مېدىتسىنا ئۈچۈن تەقدىم قىلغان، بىز بۇ جەسەتلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدا ئالدىن ئېيتىلغان ئۇ ۋەدىلەرنىڭ ناھايىتى تېزلا ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇستازلىرىمىز بىزگە ئۇلارنى «جەسەت» دەپ ئاتىماي بەلكى «تەقدىم قىلغۇچىلار» دېيىشىمىزنى ئېيتتى، چۈنكى بۇ تېخىمۇ ماقۇل بىر ئۇقۇم ئىدى. ئەلۋەتتە، ئاناتومىيەنىڭ ئەخلاقىي تاجاۋۇزغا ياتىدىغان تەرەپلىرى بۇرۇنقى ھالىتىدىن كۆپ ئۆزگەردى. (ئالدى بىلەن ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار 19-ئەسىردىكىدەك ئۆزلىرى جەسەت ئېلىپ كەلمىسىمۇ بولىدۇ. مېدىتسىنا ئىنستىتۇتلىرى قەبرە كولاپ جەسەت تېپىپ كېلىشنى چەكلەيدۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن قەبرە كولاپ كېلىش، قاتىللىق قىلىپ جەسەت تېپىپ كەلگەنگە قارىغاندا زور ئىلگىرىلەش

ھېسابلىنىناتتى ئەمەسمۇ. ئەينى ۋاقىتتا قاتىللىق قىلىپ جەسەت يىغىپ كېلىش ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ قىلمىش ئۈچۈن مەخسۇس سۆزلەر ئىجاد قىلىنغان، يەنى burke «بۇرك»، بۇ سۆزنىڭ «ئوكسفورد ئىنگلىزچە لۇغىتى» دىكى مەنىسى بولسا: مەخپىي ھالدا باشقىلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى ئوپېراتسىيە ئۈچۈن سېتىشنى مەقسەت قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش). ئۇ ۋاقىتلاردا نېمە ئىش يۈز بېرىدىغىنى بەش قولدەك ئايان بولغان دوختۇرلارمۇ كەمدىن-كەم بەدىنىنى مېدىتسىنا ئۈچۈن تەقدىم قىلاتتى. ئۇنداقتا ئۇ چاغلاردىكى تەقدىم قىلغۇچىلار بۇ ئىشنى زادى قانچىلىك چۈشىنەتتى؟ بىر ئاناتومىيە پىروفېسسورى ماڭا مۇنداق دېگەن: بىمار رازىلىق بەرمەي قالمىسۇن دەپ، بىز ئوپېراتسىيە جەريانىدىكى ئېچىنىشلىق تەپسىلاتلارنى ئۇلارغا قەتئىي ئېيتمايتتۇق.

پىروفېسسورنىڭ گېپىچە بولغاندا بۇ ئېھتىماللىق ناھايىتى تۆۋەن بولسىمۇ، تەقدىم قىلغۇچىلار بولىدىغان ئىشلاردىن يېتەرلىك خەۋەردار دەپمۇ تۇرايلى، شۇنداقتىمۇ بەدەن تەقدىم قىلىشتىن كىشىلەرنىڭ رايىنى ياندۇرىدىغىنى، ھەرگىزمۇ ئۆز بەدىنىنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىشى ھەققىدىكى ئويلىرى ئەمەس ئىدى، بەلكى بۇ قاراردىن ياندۇرىدىغىنى، يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدىكى مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چاقچاق ۋە مازاق ئارىلاشقان كۈلكىسى ئىچىدە دادىسى، ئاپىسى ۋە موملىرىنىڭ قانداق قىلىپ قىيما-چىيما قىلىنىدىغىنى ئىدى. ھەر قېتىم تەجرىبە

قوللانمىسىنى ئوقۇغىنىمدا «سۆڭەك ھەرىسى» دېگەن سۆزگە كۆزۈم چۈشەتتى ۋە مېنى قۇستۇرىدىغان تەجرىبە ئاخىرى كەلدىمۇ نىمە دەپ خىيال قىلاتتىم. ئەمما تەجرىبىخانىغا كىرگەندە بولسا، ھەتتا داتلىشىپ كەتكەن ياغاچ ھەرىسىدىن ھېچ پەرقى يوق «سۆڭەك ھەرىسى» نى كۆرسەممۇ ئۈنچىۋالا ئەندىكىپ كەتمىدىم. سۆزلەپ كەلسەم ھەيران قالىسىز، قۇسقىلى تاس قالغان ۋاقتىم تەجرىبىخانىدا ئەمەس، بەلكى تەجرىبەخانىدىن ناھايتى يىراق بولغان نىيۇيورك شەھىرىدىكى مومامنىڭ قەبرە تېشى ئالدىدا، يەنى ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىق خاتىرە كۈنىدە يۈز بەردى. ئۇ كۈنى قانداقتۇر بىر كۈچ بىلەن مۇسكۇللىرىم يۇمشاپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم ۋە يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالغان ئىدىم. مەن يارغان شۇ جەسەتلەرگە ئەمەس، بەلكى ئۆلارنىڭ نەۋرىلىرىگە قىلغانلىرىم ئۈچۈن توختىماي كەچۈرۈم سورايتتىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر قېتىم تازا بىرىلىپ تەجرىبە ئىشلەۋاتساق، بىر كىشى ئانىسىنىڭ يېرىمىلا قالغان تېنىنى ئېلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى، گەرچە ئانىسى ھايات ۋاقتىدا رازىلىقى بىلەن تېنىنى ھەدىيە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ كىشى بۇ رېئاللىقنى زادىلا قوبۇل قىلالمىغاندى، راستىمنى ئېيتسام مەن بولسامۇ شۇنداق قىلغان بولاتتىم. (ئاخىرىدا ئۇ ئانىسىنىڭ قېپقالغان جەستىنى ئېلىپ كەتتى) .

ئاناتومىيە تەجرىبىسدە بىز ئۆلۈكلەرنى پەقەت بىر جىسىمغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتۇق، ئالدى بىلەن ئۆلارنى ئەزاغا، ئاندىن توقۇلما، نىرب

ۋە مۇسكۇللارغىچە ئايرىپ پارچىلايتتۇق. سىز تۇنجى كۆنى بۇ جەسەتلەرنىڭمۇ ئەسلىدە بىر جېنى بار ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتىڭىز. بىراق سىز ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، پۇتلاشقان مۇسكۇللىرىنى كېسىپ، ئۆپكىسىنى سۇغۇرۇۋالغىنىڭىزدا، يۈرىكىنى يېرىپ، بىر پارچە جىگىرىنى كىسىۋالغىنىڭىزدا، بۇ بىر دۆۋە نەرسىلەرنىڭ «ئادەم» لىكىگە ئىشىنەلمەي قالىسىز. ئاناتومىيە تەجرىبىسى ئاخىرىغا كەلگەندە ئىنساننىڭ مۇقەددەسلىكىنى چەيلەيدىغان بىر ئىشتىن كۆرە، بەكرەك شۇ كۈنى كەچتىكى «خۇشال مىنۇتلار» دىن قىسسىي قىلىشىمىزغا سەۋەب بولىدىغان بىر ئىشتەك بىلىنىشكە باشلىدى ۋە بۇنى ھېس قىلغىنىمىزدا نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولاتتۇق. (بۇ يەردە «خۇشال مىنۇتلار» دېگىنى ئامېرىكىدا كۆپىنچە قاۋاقخانا ياكى قەھۋەخانىلار ھەپتىدە بىر ھەقسىز ياكى ئەرزان پۇللۇق سېتىشنى يولغا قويىدىغان ۋە كىشىلەر خىزمەتتىن يېنىپلا بېرىپ ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان، ناھايىتى ئومۇملاشقان مەدەنىيەت ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ). بىز كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان، قىلغۇلۇقلىرىمىزنى ئويلىشىپ باقىدىغان ۋاقىتلىرىمىزدا، ھەممىمىز ئۈن-تىنسىز ھالدا جەسەتلىرىمىزدىن كەچۈرۈم سورايتتۇق، يەنە كېلىپ قىلغانلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيلىققا تاجاۋۇز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمىزدىن ئەمەس، بەلكى شۇنى ھېس قىلالمىغىنىمىزدىن كەچۈرۈم سورايتتۇق.

ھالبۇكى، بۇ ھەرگىزمۇ شۇنچىلىكلا بىر رەزىللىك ئەمەس ئىدى، قانداقلا بولمىسۇن جەسەت يېرىشلا ئەمەس مېدىتسىنادىكى ھەممە ئىش تەڭرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. دوختۇرلار تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولغان بارلىق ئۇسۇللاردا ئىنسان تېنىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرگەنلىرى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاجىز، ئەڭ ۋەھىمىگە چۈشكەن ھەم ئەڭ مەخپىي ھالەتلىرىدۇر. ئۇلار كىشىلەرنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كېلىدۇ ھەم ئۇ دۇنياغا ئۆز قولى بىلەن ئۇزۇتۇپ قويىدۇ. ئىنسان تېنىنى بىرەر جىسىم ياكى ماشىنا ئورنىدا كۆرۈش، دەل ئىنساننىڭ ئەڭ زور ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى يېنىكلىتىشنىڭ پاسسىپ تەرىپى ئىدى. ئوخشاش ئۇسۇلدا، ئىنساننىڭ ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئاخىرى بېرىپ پەقەت بىر پېداگوگىكا قورالىغا ئايلىنىپمۇ قالاتتى. ئاناتومىيە پىروفېسسورلىرى بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ رادىكال ئۇچىدىكى كىشىلەر ئىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلار جەسەتلەرگە بولغان يېقىنچىلىقنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى. دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىر قېتىم مەن تال ئارتېرىيەسىنى تېپىش ئاسان بولسۇن دەپ، بىمارنىڭ كۆكرەك دىئاگرامىسىدىن چاققانلىق بىلەن ئۆزۈن يېرىق ئاچتىم، بۇنى كۆرگەن تېخنىكا يېتەكچىمىزنىڭ تەرى بۇزۇلدى ۋە قورقۇپ روھىي تېنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ بىرەر توقۇلما قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ قويغانلىقىمدىن ياكى ئاساسىي ئۇقۇملارنى خاتا ئۆگىنىپ قالغانلىقىمدىن ۋە ياكى بولمىسا كېيىنكى قەدەمدىكى

ئاناتومىيە خىزمىتىنى نابۇت قىلغانلىقىمدىنمۇ ئەمەس، بەلكى مېنىڭ شۇ قەدەر پەرۋاسىزلىقىمدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ تاترىپ كەتكەن چىرايى ۋە ئازابلانغىنىدىن ئىغىزىغا گەپمۇ كەلمەي قېنىلىپ كېتىشلىرى مەن ئوقۇيدىغان بارلىق مېدىتسىنا دەرسلىرىدىنمۇ ئارتۇق ساۋاق بەرگەن ئىدى.

مەن بۇنى، بىزگە يەنە بىر ئاناتومىيە پىروفېسسورىنىڭ شۇنداق ئۆگەتكەنلىكىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ شىددەتلىك غەزەپكە ئۆزگەردى ۋە بۇرۇلۇپلا چىرايى قىزىرىپ كەتكەن پىروفېسسورلارنى توساتتىن كارىدورغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

يەنە بەزى ۋاقىتلاردا جەسەتلەرگە بولغان يېقىنچىلىق شۇنچىلىك ئاددىي ئىپادىلىنەتتى. بىر قېتىم، پىروفېسسورىمىز تەقدىم قىلغۇچىنىڭ ئاشقازان ئۆسمىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆرستىۋاتقىنىدا بىزدىن سوراپ قالدى:

«سىلەرچە بۇ كىشى قانچە ياشلاردا باردۇ؟»

«74 ياش» دېدۇق بىز.

«بۇ دەل مېنىڭ يېشىم» دېدى ئۇ ۋە قولىدىكى ئەسۋابنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

تېببىي ئىنستىتۇتتا مېنىڭ قىممەت، ھايات ۋە مامات ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. مەن تولۇق كۇرۇس ۋاقتىمدا ئىنسان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە يازغانلىرىمنىڭ،

ئەمدىلىكتە دوختۇر-بىمار مۇناسىۋىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقىنىغا گۇۋاھ بولدۇم. مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىز ئۆلۈم ۋە ئازاب-ئوقۇبەتكە دادىل يۈزلىنىشىمىزگە توغرا كەلدى، بىمار پەرۋىشى جەريانىدا گەرچە بىز ۋاقتىنچە مەسئۇلىيەتنىڭ ھەقىقىي قىستاقىنى ئېلىشتىن ساقلىنىپ قالساقمۇ، لېكىن بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ زادى قانچىلىك ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدۇق. مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىلىرى دەسلەپكى ئىككى يىلدا ئاساسلىقى دەرس ئاڭلاش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، ئۆگىنىش ۋە كۆپلەپ ئوقۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بەند بولىدۇ، شۇڭا مېدىتسىنا دوكتورلۇقى قارىماققا تولۇق كۇرستىكى ئوقۇشنىڭ داۋامىدەكلا بىلىنىپ قېلىشىمۇ تەبىئىي. لېكىن مېدىتسىنا ئوقۇشۇمنىڭ بىرىنچى يىلىدا ئۇچراتقان قىز دوستۇم (كېيىن مەن بىلەن توي قىلغان لۇسىي، ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغىنىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ چەكسىز مۇھەببەت بېغىشلاشقا قادىر بىر ئىنسان ئىدى، ھەمدە ئۇنىڭ بۇ تەرىپى مەن ئۈچۈن ئۈنتۇلماس بىر دەرس بولغانىدى. بىر كۈنى كەچلىكى ئۇ ئۆيۈمدىكى كىرىسلودا ئولتۇرۇپ بىر ئېلېكترو كاردىئوگرامما مەشىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. تەپسىلىي كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇ توساتتىن يۈرەك رىتىمىدىكى بىر ئەجەللىك نورماللىسىزلىقنى بايقىدى ۋە تۈيۈقسىز كاللىسى يورۇغاندەك بولۇپ يىغلاپ تاشلىدى: بۇ «ئېلېكترو كاردىئوگرامما مەشىقى» ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سايىلەش سۈرەتلىرى مەيلى

كىمگە تەئەللۇق بولسۇن، ئۇ بىمار ھەرگىزمۇ ھايات قالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆچۈن قەغەز ئۈستىدىكى بۇ دولقۇنسىمان سىزىقلار ئاددىيغىنە سىزىقچىلار بولماستىن، بەلكى يۈرەك قېرىنچىسىنىڭ تىترىشىدىن تاكى يۈرەكنىڭ توختىشىغىچە بولغان بارلىق جەريانلارنى نامايان قىلاتتى، ھەمدە كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتىۋېتەتتى .

لۇسي ئىككىمىز يالى مېدىتسىنا فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا ئاتاقلىق پىروفېسسور شېرۋىن نۇلاند ھېلىھەم يالىدا دەرس ئۆتىۋاتاتتى، ئەمما مېنىڭ ئۇ ھەققىدىكى بىلىشلىرىم پەقەت ئۇنىڭ بىر ئوقۇرمىنى بولۇش بىلەنلا چەكلىنەتتى. نۇلاند، بىر ئاتاقلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ۋە پەيلاسوپ بولۇپ ئۇنىڭ ئۆلۈم ھەققىدە يازغان «بىز قانداق ئۆلىمىز» ناملىق يېتۈك ئەسىرى، مەن تولۇق ئوتتۇردىكى ۋاقتىمدا نەشردىن چىققان ئىدى، ئەمما مەن مېدىتسىنا ئوقۇشۇمنى باشلىغاندا ئاندىن بۇ كىتابنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. مەن ئوقۇپ باققان كىتابلار ئىچىدە پەقەت مۇشۇ بىرنەچچە كىتابلا دەل مۇشۇنداق بارچە جانلىقنىڭ، مەيلى ئۇ بىز كىچىكىمىزدە ئوقۇغان چۆچەكلەردىكى ئالتۇن بېلىق بولسۇن ۋە ياكى بىراۋنىڭ نەۋرىسى بولسۇن، ھەممىنىڭ بېشىغا ھامان كېلىدىغان ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ نېگىزلىك ھەقىقەتنى تولۇق ھەم بىۋاستە چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىدى. مەن كېچىلىرى ياتاق ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ بۇ كىتابنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلاتتىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مومىسىنىڭ كېسىلى

ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى ھېلىھەم ئېسىمدە. ئۇ بۇ بابتا شەخسىي كەچۈرمىش، مېدىتسىنا ۋە روھىيەتنىڭ قانداق يوللار بىلەن بىر-بىرىگە ئىرمىشىپ-چىرمىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇنچىلىك مۇكەممەل يورۇتۇپ بەرگەن ئىدى. نۇلاند كىتابتا بالىلىقىدىكى بىر ئويۇننى ئەسلەيدۇ: ئۇ ئىرنىقىنى مومىسىنىڭ تىرىسىگە بېسىپ ئىز چىقىرىدۇ، ئاندىن بۇ ئىزنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتا ئۆز ئەسلىگە قايتىدىغانلىقىنى كۆزىتىدۇ. ئۇ بۇ ئارقىلىق قېرىشنىڭ جەريانىنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە مومىسىنىڭ يېڭىدىن گىرىپتار بولغان نەپەس قىسىلىش كېسىلىگە قوشۇلۇپ، قېرى قاننىڭ قېرى ئۆپكىدىكى قېرىغان توقۇلمىلاردىن ئۆكسىگېن سۈمۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاشقانلىقى ۋە ئاخىرىدا قانداق قىلىپ يۈرەك تىقىلمىسىنى پەيدا قىلغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇ يەنە داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ: « ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغىنى، مومامنىڭ ھايات چىرىغىنىڭ ئاستا-ئاستا خىرەلىششى. مومام تىلاۋەتتىن توختىغاندا، ئۇنىڭ باشقا بارلىق ئىشلىرىمۇ توختاشقا باشلىغان ئىدى». مومىسىنىڭ ئەجەللىك سەكتە ھالىتىگە قاراپ، نۇلاند چەۋەنداز (ئەنگلىيە خانىشى بېرىدىغان ھۆرمەت ئاتىقى) توماس بىروۋۇننىڭ «بىر دوختۇرنىڭ ئېتىقادى Religio Medici» ناملىق كىتابىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى ئېسىگە ئالىدۇ: «بىز بۇ ناتونۇش دۇنياغا قانداق تىركىششلەر ۋە ئازابلارنى بىرگە ئېلىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلمەيمىز،

شۇنداقلا بۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ تەسلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيمىز» دېگەن سۆزنى ئەسكە ئالىدۇ.

مەن ستەنفوردتا ئەدەبىيات ۋە كامبرىجدا مېدىتسىنا تارىخى ئوقۇۋاتقان ۋاقتلىرىمدا نۇرغۇن زېھنىمنى ئۆلۈمنىڭ ئىنچىكە جەريانلىرىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولساممۇ، ئاخىرىدا بۇ ئۇرۇنۇشلىرىم يەنىلا ئۆلۈمنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەسكەن دېگەن خۇلاسە بىلەن نەتىجىلەنگەن ئىدى. نۇلاندنىڭ بايانلىرى مېنى شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەندۈردىكى، ئۆلۈمگە يۈزمۇ-يۈز دۈچ كېلىپ باقماي تۇرۇپ ئۇنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن. مەن بىرلا ۋاقىتتا شۇ قەدەر تونۇش ۋە شۇنداقلا چەكسىز ناتونۇش بىلىنىدىغان ئۆلۈم، ئۆلۈمگە باغلانغان سىرلار، ئۆلۈمنى باشتىن كەچۈرۈش ۋە ئۇنىڭ بىيولوگىيەلىك ئىپادىلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مەپتۇنلۇقۇم تۈپەيلى مېدىتسىنا ئوقۇشنى تاللىغان ئىدىم.

نۇلاند «بىز قانداق ئۆلىمىز» دېگەن كىتابىنىڭ بىرىنچى بابىدا، ئۆزىنىڭ ياش مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىسى ۋاقتىدا، يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغان بىر بىمار بىلەن ئوپېراتسىيە ئۆيىدە يالغۇز قالغان مىنۇتلارنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ بىمارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە بىمارنىڭ قارنىنى يېرىپ، يۈرىكىنى قوزغاتماقچى، ھەتتا قول بىلەن سىقىش ئارقىلىق ئۇنى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرمەكچى بولغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇستازى

ئوپېراتسىيە ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، نۇلاند قانغا مىلەنگەن ھالدا مەغلۇپ بولغان ۋە بىمار ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.

مەن مېدىتسىنا ئوقۇشۇمنى باشلىغاندا ئىشلار تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن، ھەتتا بۇ ئۆزگىرىش زادى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمىغۇدەك دەرىجىگە بارغان ئىدى: مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىسى بولمىش بىزلەر، بىمارنىڭ قارنىنى يېرىش تۇگۇل، ھەتتا بىمارنىڭ بەدىنىنى تۇتۇشقىمۇ ئاران رۇخسەت قىلىناتتۇق. ئەمما ئۆزگەرمىگەن بىر ئىش دەل قان ۋە مەغلۇبىيەت ئارىسىغا يوشۇرۇنغان قەھرىمانلارچە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىدى. بۇ ماڭا بىر دوختۇرنىڭ ھەقىقي ئوبرازىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويغان ئىدى.

مەن شاھىت بولغان تۇنجى تۇغۇت، دەل تۇنجى ئۆلۈم ئىدى.

مەن يېقىندىلا كۇتۇپخاندا كىتابلار دۆۋىسىگە كۆمۈلگەن، قەھۋەخانىدا دەرس كونسپېكلىرىمنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان، ھەتتا كارىۋاتتىمۇ قولدا ياسىۋالغان كارتىلاردىكى مۇھىم نۇقتىلارنى پىششىقلىغان يۇقىرى زىچلىقتىكى ئىككى يىللىق ئۆگىنىشىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مېدىتسىنا كومىتېتى ئىمتىھانىنىڭ (Medical Board Exam) بىرىنچى قەدىمىنى تۈگەتكەن ئىدىم. ئەمدى كېيىنكى ئىككى يىلنى ئابستراكىت نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ ئەمەس، بەلكى ئۆگەنگەن نەزەرىيەۋى بىلىملىرىمنى دوختۇرخانا ۋە ئامبۇلاتورىيەدە بىمارلارنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە

تەتبىقلاشنى ئاساسلىق ۋەزىپەم قىلىپ بىمارلار بىلەن ئۆتكۈزەتتىم. مەن بۇ مەزگىلدە تۈنجى بولۇپ كىچىنى كىچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەيدىغان ئاياللار ۋە تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ تولغاق ۋە تۇغۇت ئۆيلىرىدە ئۆلگۈدەك ئىشلەش بىلەن باشلىدىم.

كۈن ئولتۇراي دېگەندە خىزمەت بىناسىغا قاراپ ماڭغاچ تولغاقنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى بالىياتقۇ بوينىنىڭ كېڭىيىشى دەمسىز، بوۋاقنىڭ قانچىلىك تۆۋەنلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان «بېكەت» لەرنىڭ نامىنى دەمسىز، ئىشقىلىپ ۋاقتى كەلگەندە لازىم بولۇش ئېھتىماللىقى بار بارلىق بىلىملەرنى ئېسىمگە ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇندۇم. بىر مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنىڭ ۋەزىپەم كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆگىنىش ۋە دوختۇرلارغا پۇتلىشىپ يۈرمەسلىك ئىدى. مېدىتسىنا دوكتورلۇق ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ ئۆزى تاللىغان بۆلۈمدە تەربىيەلىنىۋاتقان پىراكتىكانت دوختۇر ۋە ئۇزاق يىللىق كىلىنىكا تەجرىبىسىگە ئىگە سېستىرالار مېنىڭ ئاساسلىق يېتەكچىلىرىم بولاتتى. ئەمما شۇنداقتىمۇ بىر قورقۇنچ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى، بىرەر كۈتۈلمىگەن ھادىسە ياكى تاسادىپىيلىق يۈز بېرىپ قېلىپ، بالىنى ئۆزۈم يالغۇز تۇغدۇرۇشقا توغرا كەلسە ھەم مەغلۇپ بولسام قانداق بولۇپ كېتەرمەن، دېگەن خىياللار بىلەن كاللام ۋەھىمىگە تولغان ئىدى .

ئۇلار مېنى ماڭا يېتەكچىلىك قىلىدىغان پىراكتىكانت دوختۇر بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن دوختۇرلار ئارام ئۆيىگە باشلاپ كىرىشتى. مەن كىرىپلا كىرىسلودا يېتىۋېلىپ قولىدىكى ساندىۋىچنى ئاچ قالغان ئادەمدەك ۋەھشىيلىك بىلەن يالماپ يۇتۇپ، تېلېۋىزور كۆرگەچ بىر تەرەپتىن ئىلمىي ژۇرنال ماقالىسى ئوقۇۋاتقان تۇم قاپقارا چاچلىق بىر ياش ئايالنى كۆردۈم... مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئەھۋال سورىدىم.

«ھەي» دېدى ئۇ: «ئىسمىم مېلىسسا. ياردەم كېرەك بولسا مېنى مۇشۇ يەردىن ياكى دىجۇرنىخانىدىن تاپالايسىز. ھە راست، سىزنىڭ ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشىڭىز بىمارىمىز گارسىيا خانىمغا قاراش. ئۇ 22 ياشتا، ھامىلىسى قوشكېزەك، يەنە كېلىپ بالدۇر تۇغۇلۇپ قېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللارنىڭ ھەممىسى نورمال تۇغۇت قاتارىدىكىلەر.»

مېلىسسا بىر تەرەپتىن ساندىۋىچنى ئىشتىھا بىلەن يېگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن گارسىيا خانىمنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ھەققىدىكى بىر قاتار پاكىتلار بىلەن مېنى كۆمۈۋېلىۋەتتى:

«بۇ قوشكېزەكلەر ئەمدى يىگىرمە ئۈچ يېرىم ھەپتىلىك بولدى. ئۈمىدىمىز قانچىلىك ۋاقىت ئۇزارتالىساق شۇنچىلىك ۋاقىت ئۇزارتىپ، ھامىلىنىڭ بەكرەك يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش. 24 ھەپتە ھامىلىنىڭ ھايات قېلىشىدىكى ئەڭ تۆۋەن چەك، شۇڭا ھەر بىر كۈننىڭ قىممىتى

ناھايىتى زور. بىز بىمارنىڭ تولغىقىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل دورىلارنى بېرىۋاتىمىز». ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا چاقىرغۇسى سايرىدى.

«بولدى» دېدى ئۇ، جىددىيلىك بىلەن پۇتىنى كېرىسلودىن چۈشۈرۈپ:

«مەن چىقمىسام بولمايدۇ. سىز بىردەم بۇ يەردە دەم ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ. تېلېۋىزوردا نۇرغۇن ياخشى قاناللار بار. ياكى بولمىسا مەن بىلەن بىللە چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ.»

مەن مېلىسساغا ئەگىشىپ سېسترالار پونكىتىغا چىقتىم. بىر تام پۈتۈن دولقۇنسىمان يىراقتىن ئۆلچەش لىنىيىلىك كۆزىتىش ئېكرانى بىلەن تولغان ئىدى .

«ئاۋۇ نېمە؟» سورىدىم مەن.

«ئۇ پارتورىمېتىر ۋە ھامىلىنىڭ يۈرەك رىتىم ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئەسۋاب. مەن سىزنى بىمار بىلەن كۆرۈشتۈرەي. ئۇ ئىنگلىزچە بىلمەيدۇ. سىز ئىسپانچە بىلەمسىز؟» سورىدى ئۇ.

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

ئۇ مېنى بالنىستقا باشلاپ كىردى. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. تۇغۇتلۇق ئايال كارىۋاتتا تىپتىنچ ياتاتتى. قورسىقىغا كۆزىتىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، تولغاق ئەھۋالى ۋە ھامىلىنىڭ يۈرەك رىتىمى، بايا مەن دىجورنىخانىدا كۆرگەن ھېلىقى يوغان ئېكرانغا يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە ئېرى ئايالنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىمدىغان

ھالدا چەكسىز ئەندىشىلەر ئىچىدە غەمكىن ئولتۇراتتى. مېلىسسا ئۇلارغا بىرنەچچە ئېغىز ئىسپانچە بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىغاندىن كېيىن مېنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى.

## 5-قىسىم

كېيىنكى بىرنەچچە سائەتكىچە ھەممە ئىشلار نورمال داۋام قىلدى. مېلىسسا دەم ئېلىش ئۆيىدە ئۇخلاپ قالدى. مەن گارسىيانىڭ جەدىۋېلىدىكى قەدىمكى تەسۋىرىي يېزىقتا ئوخشايدىغان ئەگرى-بۈگرى خەتلەرنى تەرجىمە قىلىپ باقتىم. ئاخىرى بىرنەچچە قۇرنىلا ئوقۇپ چۈشىنەلىدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ئېلىنا بولۇپ (گارسىيا ئۇنىڭ فامىلىسى)، بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تۇغۇتى ئىدى. ئۇ تۇغۇتتىن بۇرۇنقى كۆتۈنۈشكە ئېرىشمىگەن ھەم سۇغۇرتىسىمۇ يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭ يەۋاتقان دورىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىر كىچىك ۋاراقچىغا خاتىرلىۋالدىم ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ نېمە دورا ئىكەنلىكىنى ئاختۇرۇپ باقماقچى بولدۇم. ئارام ئېلىش ئۆيىدىن بىر دەرسلىك كىتابىنى تېپىۋالدىم ، ئۇنىڭدىن بالدۇر تۇغۇلۇپ قېلىش توغرىسىدا ئازراق ئوقۇدۇم. كىتابتا دېيىلىشىچە، بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغان بوۋاقلار ساق-سالامەت تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ، مېڭىگە قان چۈشۈش ، مېڭە پارالىچ بولۇپ قېلىش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدىكەن. ئۇنداق دېگەن بىلەنغۇ، مېنىڭ ئاكام سۇمانمۇ 30 يىل ئىلگىرى سەككىز ھەپتە بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغىنىغا قارىماي (تەخمىنەن 30 ھەپتىدە تۇغۇلغان دېگەن گەپ) ھازىر ئۇ نېرۋا كېسەللەر بۆلۈمى دوختۇرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن سېستىرانىڭ يېنىغا باردىم ، ئۇنىڭدىن ئېكراندىكى ئەگرى-بۈگرى

خەتلەرنى ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. بۇ خەتلەر گەرچە دوختۇرنىڭ ئىنشاسىدەكلا (يازما) ئېنىقسىز كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بىمار ئەھۋالىنىڭ مۇقىم ياكى جىددىي ئىكەنلىكىنى ئالدىن ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى-دە، ماڭا تولغاق ۋە ھامىلە يۈرىكىنىڭ تولغاققا بولغان ئىنكاسىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىسىڭىز سىز ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ...

ئۇ ئاغزىنى ئاچقان پېتى داڭقىتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ قاتتىق تەشۋىشلەنگەنلىكى چىرايىغا چىقىپ كەتتى ، ئۇ بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماستىن، ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىلىنانىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى، ئاندىن تېزلا ئېتىلىپ چىقىپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى-دە، مېلىسساغا تېلېفون قىلدى، مېلىسسامۇ ھايال ئۆتمەيلا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالا-چەكمەن بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە لاپپىدە بىرنى قارىۋېتىپلا بالىنىستقا ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. ئۇ كىرىپلا يان تېلېفوننى ئېچىپ دىجورنى دوختۇرغا تېلېفون قىلىپ، مەن ئاران چالا-پۇچۇق چۈشىنەلەيدىغان قىسقارتما ئاتالغۇلار بىلەن بىر نېمىلەرنى دېدى. پەمىمچە، بۇ قوشماقلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىدى، پەقەت دەرھال قەيسەرىيە (تۇغۇت) ئوپېراتسىيىسى قىلىش ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قىلىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى.

مەنمۇ توپقا يېپىشىپ ئوپېراتسىيە ئۆيگە كىردىم. ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئىلىنا ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە ياتقۇزۇلۇپ ئۇنىڭ ۋېنا تومۇرىغا ئوكۇللار ئېسىلدى. بىر سېسترا جىدديلىك بىلەن ئىلىنانىڭ يوغانغان قورسىقىنى دېزىنفېكسىيە قىلدى. مەسئۇل دوختۇر ۋە پىراكتىكانت دوختۇرغا قېتىلىپ مەنمۇ قول ۋە بىلەكلىرىمنى ئىسپىرت بىلەن تازىلىدىم. ئاندىن بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ چاققانلىقىنە ھەرىكەتلىرىنى تەقلىد قىلدىم. ناركوز دوختۇرى بىمارنىڭ نەپەس يولىغا نەيچە سالغۇچە، باش دوختۇر يەنى دېجورنى دوختۇر تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى:

«تېز بولۇڭلار» دېدى ئۇ: «ۋاقتىمىز كۆپ ئەمەس، تېزراق بولمىساق بولمايدۇ».

مەسئۇل دوختۇر تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ قورسىقىنى يارغىنىدا مەن ئۇنىڭ يېنىدىلا تۇردۇم، ئۇ ئوپېراتسىيە پىچىقى بىلەن بىمارنىڭ كىندىك ئاستى ۋە تومپىيىپ چىققان بالىياتقۇسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن بىر ئۇزۇن ئەگرى سىزىقچە ھالەتتە يېرىق ئاچتى. مەن كاللامدىن دەرسلىك كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك ئاناتومىيەلىك رەسىملەرنى قېزىپ چىقىرىشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشقاچ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ تۇردۇم. ئوپېراتسىيە پىچىقى تېگە-تەگمەيلا قورساق تېرىسى سىرتمىدەكلا ئېچىلىپ كەتتى، ئاندىن ئۇ پىشقان قوللىرى بىلەن ئوپېراتسىيە پىچقىنى قورساق مۇسكۇلىنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان بىر قەۋەت ئاق رەڭلىك سىرىق ئەت

قىسمىغا ئاپىرىپ شارتتىدە كەستى-دە، قولى بىلەن سىرىق ئەتنى مۇسكۇلنىڭ ئۈستىدىن ئاجىرىتىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا قوغۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان بالىياتقۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن بالىياتقۇنىمۇ كېسىۋىدى، بىر كىچىككىنە چىراي كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولدى-دە، غىپپىدە قىلىپ قانغا مىلىنىپ غايىب بولدى. شۇ ئەسنادا دوختۇر قولىنى سىلىپلا ئاۋۋال بىر بوۋاقنى ئاندىن يەنە بىرىنى چاققانلىق بىلەن تارتىپ چىقىرىۋالدى. ئۇلار كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، قىمىرلاپمۇ قويمايتتى، كۆزلىرى يۇمۇق ھالەتتە بولۇپ، ۋاقىتسىز ئۆۋسىدىن چۈشۈپ كەتكەن قۇش باللىرىغا ئوخشاپ قالغان، سۈزۈك تېرىلىرىنىڭ ئاستىدىن سۆڭەكلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ كىشىگە بوۋاقنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى بەئەينى باللار سىزغان بوۋاقنىڭ سىزما رەسىملىرىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇلار شۇ قەدەر كىچىك ئىدىكى، خۇددى دوختۇرنىڭ ئالقىنچىلىكلا چوڭلۇقتا بار ئىدى، شۇڭا ئۇلارنى قۇچاققا ئېلىشمۇ ئەپسىز ئىدى. بوۋاقلار دەرھال نارەسىدە جىددىي پەرۋىشچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى ۋە ئۇدۇل نارەسىدە ICU (ئاي سي يۇۋ) سىغا (يەنى نارەسىدە ئېغىر كېسەللەر كۆتۈنۈش ئۆيىگە) ئەپ كېتىلدى.

ئەڭ جىددىي خەتەر ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئوپېراتسىيە سۈرئىتى سەل ئاستىلاپ جىددىيچىلىك پەسەيدى ، ھەممە ئىشلار سەل رىتىمغا چۈشتى. ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قاننى توكلۇق پىچاقتا داغماللاپ توختىتىشقا باشلىغان

ئاشۇ دەقىقىلەردە، ئوپېراتسىيە ئۆيىنى بىر خىل گۆش قاقلىغاندىكى پۇراق قاپلىدى. بالياتقۇمۇ تىكىلىپ بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى قاتارسىغا رەتلىك تىكىلگەن يىپلار خۇددى ئۇنى مەھكەم چىشلەپ تۇرغان بىر قاتار چىشلارغىلا ئوخشايتتى.

«پىروفېسسور، قورساق پەردىسىنىمۇ تىكەمدۇق؟» دېدى مېلىسسا، «مەن يېقىندا كۆرگەن ماتېرىيالدىغۇ تىكىش تەلەپ قىلىنمىغان ئىكەن»، داۋاملاشتۇردى ئۇ.

«تەڭرى يىملاپ ياراتقان نەرسىنى ھېچكىم ئاجرىتىمەن دەپ يۈرمىسۇن» باش دوختۇر شۇنداق دېدى-دە، داۋاملاشتۇردى: «بىز ئاجرىتىۋەتكەن تەقدىردىمۇ بۇ پەقەت ۋاقىتلىق ئىش، مەن نەرسىلەرنى قولۇمغا قانداق ئالغان بولسام شۇ پېتى قالدۇرۇشنى ياقتۇرىمەن، بىز يەنىلا تىكىپ قويايلى».

قورساق پەردىسى دېگىنىمىز قورساق ئىچكى قىسمىنى ئوراپ تۇرغۇچى بىر خىل پەردە. ئەپسۇس باشلىنىشىدىلا قانداقسىگە كۆرەلمىگىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مانا ئەمدى پەقەتلا كۆرەلمەي قالدىم. ماڭا يارا ئېغىزى ئاجايىپ بىر قالايمىقان توقۇلمىدەك كۆرۈنەتتى، ئەمما تاشقى كېسەللىك دوختۇرىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئېنىق تەرتىپى بار بولۇپ، خۇددى ھەيكەللەرنىڭ مەرمەر تاشلىرىغا ئوخشاش رەتلىك ئىدى .

مېلىسسا قورساق پەردە يېپىنى ئەكېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى ۋە موچىننى يارا ئېغىزىغا ئاپىرىپ قورساق مۇسكۇلى بىلەن بالىياتقۇ ئارىسىدىكى بىر قەۋەت سۈزۈك توقۇلمىنى تارتىپ چىقتى. توساتتىن قورساق پەردىسى ۋە ئۈستىدىكى كېسىلگەن قىسمى ئېنىق كۆرۈندى، مېلىسسا ئۇنى تىكىپ بولۇپ مۇسكۇل ۋە سىرتقى ئەت قىسمىغا كەلگەندە چوڭ يىڭنە ۋە بىر نەچچە يۇمىلاق ئۇرالما يىپ بىلەن تىكىشكە باشلىدى. مەسئۇل دوختۇر چىقىپ كەتتى، ئەڭ ئاخىردا تېرە قەۋىتى تىكىلدى، يەنە بىر نەچچە يىپلىق قىسمى قالغاندا، مېلىسسا مەندىن سىناپ باققۇم بار-يوقلۇقىنى سورىدى. مەن يىڭنىنى ئالدىم-دە تېرە قىسمىغا سانجىغاندا قولۇم شۇنداق تىترەپ كەتتى، يىڭنىنى تارتىپ چىقارغاندا يىڭنە ئېگىلىپ كەتكەن بولۇپ، مەن تىككەن تىكىشلەر ئارىسىدىن ئازراق ماي ماراپ قالدى .

مېلىسسا ئۇھسىنىغىنچە: «بۇنداق قىلسىڭىز تەكشى چىقمايدۇ، سىز ئالدى بىلەن ھەقىقىي ئېپىتىدىرما قەۋىتىنى چىڭ تۇتۇشىڭىز كېرەك، قاراڭ، ماۋۇ ئاق رەڭلىك سىزىقچىلارنى كۆردىڭىزمۇ؟» دېدى .

مەن كۆرگەن ئىدىم. ئېنىقكى، پەقەت كاللامنىلا ئەمەس، بەلكى كۆزلىرىمنىمۇ چېنىقتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى .

«قايچا» دەپ تووۋلىدى مېلىسسا. ئۇ قولىدىكى قايچا بىلەن مەن تىككەن تىكىشلەرنى شارتىدە كېسىۋەتتى-دە، يارا ئېغىزىنى ئوڭشاپ قايتىدىن تىكتى. ئاندىن ئۈستىنى تېڭىق داكىسى بىلەن تېڭىپ قويغاندىن

كېيىن، بىمار ناركوزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلىدى.

خۇددى مېلىسسا بايا ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىدەك، 24 ھەپتە يېتىلىش ھامىلىنىڭ ھايات-ماماتىنىڭ چېگراسى ھېسابلىناتتى. بۇ قوشماقلار بولسا پەقەت 23 ھەپتە 6 كۈن بەرداشلىق بەرگەن، ئەزالىرى ئاساسەن يېتىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەھۋالى يار بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئەسلى يەنە 4 ئاي ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قوغدىلىشى، ئانا-بالىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى كىندىك بىلەن ئارقىلىق ئوكسىگېنلانغان قان ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنىشى كېرەك ئىدى، ئەمما شۇ تاپتا بوۋاقلار ئۆپكىسى ئارقىلىق ئوكسىگېننى سۈمۈرۈشى كېرەك ئىدى، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ئۆپكىسى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بولغاچقا، ئۆپكىسى پۈۋلىنىپ گاز ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا، يەنى نەپەسلىنىشكە تېخى ئاجىزلىق قىلاتتى.

مەن نارەسىدە ئىغىر كېسەللەر كۈتۈنۈش ئۆيىگە يەنى NICU (ئېن ئاي سي يۈۋ) غا بوۋاقلارنى كۆرگىلى باردىم. ئۇ يەردە قوش كېزەكلەرنىڭ ھەر بىرى ئايرىم ھالدا سۈزۈك سولياۋ ئىنكۇباتور (تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرۇش ساندۇقى) غا سېلىپ قويۇلغان بولۇپ، غىژىڭلاپ تۇرغان غايەت زور ئەسۋابنىڭ شۇنچە كۆپ ئېلېكتىر سىم ۋە نەيچىلىرى ئارىسىدا ئاران ئىلغا قىلغىلى بولغۇدەك كىچىك كۆرۈنەتتى. ئىنكۇباتورنىڭ يان

تەرپىدە كىچىككىنە بىر يوچۇق بولۇپ، باللىرىنى كۆرۈشكە كەلگەن ئاتا-ئانىلار شۇ يوچۇقتىن قوللىرىنى ئارانلا كىرگۈزۈپ نارسىدىسىنىڭ بىرلا پۇتىنى ياكى قولىنى سىلاش ئارقىلىق، بوۋاقلارغا ئۇلار ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئىنسانىي تېگىشىش سېزىمىنى ئاتا قىلاتتى.

قۇياش ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلدى، مەنمۇ ئىشتىن چۈشتۈم. مەن ئۆيگە قايتىپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتتىم، ئەمما قوشماقلارنى باليياتقۇدىن ئېلىۋاتقان شۇ كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئۇيقۇمنى قاچۇردى. خۇددى شۇ پىشىپ يېتىلمىگەن ئۆپكىلەردەك، مېنىڭمۇ تېخى بىر ھاياتنى ساقلاپ قىلىشتەك چوڭ مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىشقا تەييارلىقىم پۈتمىگىنىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم .

ئۇ كۈنى كەچتە خىزمەتكە قايتىپ كەلگىنىمدە، مېنى ئەمدىلا ئانا بولۇش ئالدىدىكى بىر ئايالغا قاراشقا ئورۇنلاشتۇردى. ھېچكىم بۇ قېتىملىق تۇغۇتتا بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئىشلار ئويلىغىنىمىزدەكلا جايىدا كېتىپ باراتتى، ھەتتا بوۋاقنىڭ دەل ئۇنىڭ مۆلچەرلەنگەن بوشىنىش كۈنى ئىدى. سېستىرا بىلەن بىللە، مەن بۇ ئانىنىڭ تۇغۇت جەريانىنى كۆزىتىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تولغاق رىتىملىق ھالدا بارا-بارا كۈچىيىۋاتاتتى. سېستىرا باليياتقۇ بوينىنىڭ 3 سانتىمېتىردىن بەش سانتىمېتىرغا، ئاندىن 10سانتىمېتىرغا كېڭەيگەنلىكىنى دوكلات قىلدى.

«بولدى، ئەمدى كۆچسە بولىدۇ» دېدى سىسترا .

ئارقىدىنلا ماڭا قاراپ «خاتىرجەم بولۇڭ، بالا تۇغۇلاي دېگەندە سىزنى چاقىرىمىز» دېدى .

مەن مېلىسسانى دەم ئېلىش ئۆيىدە ئۇچراتتىم. بىر ئازدىن كېيىن، تۇغۇت ئۆيىگە دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى كىرىپ كەلدى، ئانىنىڭ بوشىنىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپلا قالغان ئىدى. ئىشىك تۈۋىدە مېلىسسا ماڭا بىر ئوپېراتسىيە كىيىمى، ئوپېراتسىيە پەلىيى ۋە ئۇزۇن بىر جۈپ ئاياق قاپلىغۇچنى سۇندى .

«سەل تۇرۇپ ھەممە يەر مەينەت بولۇپ كېتىدۇ» دېدى ئۇ .

بىز تۇغۇت ئۆيىگە كىرگەن ۋاقىتتا، مېلىسسا مېنى تاكى بىمار تەرەپكە، يەنى بىمارنىڭ يانپىشى تەرەپتىكى مەسئۇل دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئىتتىرگەندە قەدەر ھاڭۋاقتىلىق بىلەن بىر چەتتە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن.

«كۆچەك!» سىسترا قىز ئۇنى رىغبەتلەندۈرەتتى. «يەنە بىر قېتىم، بايىقىدەكلا، ھە، چىرقىرىماي تۇرۇپ كۆچەك».

ۋارقىراپ-چىرقىراشلار داۋاملىشىۋەردى، ھايال ئۆتمەي قان ۋە باشقا سۇيۇقلۇقلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. يا پىرا! نەپەس ئىشلەنگەن تېببىي دىياگراممىلار ئېچىنىشلىق تەبىئىي تاللىنىشقىلا ئەمەس، ھاياتلىقنىڭ تۆرىلىشىگىمۇ قەتئىيلا ۋەكىللىك قىلالمايدىكەن ئەمەسمۇ. (بۇ كۆرۈنۈش

ھەرگىزمۇ ئەن گېيدىس تارتقان سۈرەتلەرگە ئوخشىمايتتى). بارا-بارا شۇنى ئېنىق ھېس قىلىشقا باشلىدىمكى، ئەمەلىي قول تىقىپ ئىش قىلىدىغان دوختۇر بولۇپ تەربىيەلىنىش، دەرسخانىدا كىتابتىن بىلىم ئالىدىغان مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىسىنىڭ تەربىيەسىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىكەن. كىتاب ئوقۇش ۋە تاللاش سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش بىلەن گەجگىسىگە ئېغىر مەسئۇلىيەت ئارتىلغان ھالدا ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلەشنىڭ ھېچقانداق ئوخشاشلىقى باردەك ئەمەس. بوۋاقنىڭ بېشىنى تارتقاندا كالىلىنى سەگەك تۇتۇپ مۈرىسىنىمۇ تەڭ رەۋىشتە چىقىرىۋېلىش كېرەكلىكىنى بىلگەنلىك شۇنى قىلالايدىغانلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. تارتقاندا بەك كۈچىۋەتسەم نېمە ئىش بوپ كېتەر؟ (نىرىبلارنىڭ ساقايتقۇسىز زەخمىسى، دېگەن سادا كاللامدا ياڭرىدى). تۇغۇتلۇق ئايال ھەر بىر كۈچىگەندە بالىنىڭ بېشى ئاز-ئازدىن سىرتىغا چىقاتتى-يۇ، كۈچەشتىن توختاش ئارىلىقىدا كەينىگە قايتىپ، ئالدىغا ئۈچ قەدەم، كەينىگە ئىككى قەدەملىك سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. مەن ساقلاۋاتاتتىم. مېڭە ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولغان كۆپىيىشنى كونترول قىلاتتى، بۇ بولسا خەتەرلىك بىر ئىش ئىدى. دەل مۇشۇ مېڭە تولغاق ۋە تۇغۇت بۆلۈملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، يەنە شۇ مېڭە، يۈرەك رىتىمى ئۆلچىگۈچ، دۈمبىدىن يىڭنە سانجىپ ناركوزلاش، تۇغۇت ئوپېراتسىيەسى دېگەندەكلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە بىر زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىشىنىڭ بىۋاستە سەۋەبچىسى ئىدى.

مەن يەنىلا نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇراتتىم، مەسئۇل ۋىراچ ماڭا بوۋاقنىڭ بېشىنى تۇتىشىمنى ئېيتتى، ئارقىدىنلا ئايالنىڭ يەنە بىر كۈچىشى بىلەن، مەن سىپايىلىك بىلەن بوۋاقنىڭ ئەمدىلا كۆرۈنگەن مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئاستا-ئاستا تارتىپ چىقاردىم. ئۇ چوڭ ھەم بۇدرۇق قىزچاق بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى ھۆل ئىدى، ھېچبولمىغاندا تۇنۇگۈن ئاخشامقى قۇشقاچچىلىك بوۋاقنىڭ ئۈچ ھەسسىچە چىقاتتى. مىلىسسا كىندىكنى قىستى، مەن كەستىم. بوۋاقنىڭ كۆزلىرى ئېچىلدى-دە، ئىگراپ يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنى يەنە بىر دەقىقە ئۇزۇنراق كۆتۈرىۋالدىم ، ئۇنىڭ قولۇمغا بەرگەن ۋەزنىدىن ئۇنىڭ ھەقىقي مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئارقىدىنلا ئۇنى سېسترا قىزغا تاپشۇردۇم، سېسترا ئۇنى ئانىسىنىڭ يېنىغا ئاپاردى .

مەن كۈتۈمخانىغا كىرىپ بۇ خۇشخەۋەرنى ئايالنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە يەتكۈزدۈم (پەقەت يولدىشىلا تۇغۇت ئۆيىدە ئايالىغا ھەمراھ بولۇشقا يول قويۇلاتتى). بۇ يەرگە يىغىلغان ئون نەچچە كىشى خۇشاللىققا چۆمۈپ، ھاياجان ئىلكىدە بىر-بىرى بىلەن قول تۇتۇشماقتا، قۇچاقلاشماقتا ئىدى. مەن بولسام گويا كى، ئەھدى بىلەن تاغدىن چۈشۈپ بۇ كاتتا خەۋەرنى يەتكۈزگەن ئۇلۇغ بېشارەتچىدەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. تۇغۇت جەريانىدىكى بارچە پاراكەندىچىلىكلەر بۇلۇتتەك تاراپ كەتتى؛ مەن

باياتىن تېخى مۇشۇ يەردە كۆتۈرگەن بوۋاق، ماۋۇ ئەرنىڭ جىيەنى، ئاۋۇ قىزنىڭ سىڭلىسى ئىدى.

تۇغۇتخانىغا كىرىپلا خۇشلۇقۇمدا مېلىسسانىڭ ئالدىغا يۈگۈردۈم.

«ھەي، تۈنۈگۈنكى قوشكېزەكلەر قانداقراق، بىلەمسىز؟» سورىدىم مەن.

ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپلا كەتتى. بىلسەم بىرىنچى بوۋاق تۈنۈگۈن چۈشتىن جان ئۈزۈپتۇ. ئىككىنچى بوۋاق 24 سائەتكىچە ئامان قالغان بولسىمۇ، ئەمما بايا بىز ھېلىقى قىز بوۋاقنى تۇغدۇرۇۋاتقاندا ئۇمۇ تۈگەپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا، پۈتۈن ئەس-يادىمنى ساموئېل بېكېت (Samuel Beckett)نىڭ بۇ قوشكېزەكلەر ئارقىلىق يۇقىرى پەللىگە يەتكەن مېتافورى چىرمىۋالدى :

«تۆرەلگەنىنىڭ ھامان بىر كۈن ئۆلمىكى باردۇر، ئوخشاش كۈندە، ئوخشاش سائەتتە... تۇغۇلدۇق بىز قەبرە ئۈستىگە، نۇر چاقنىغان ئاشۇ پەيتتە، ئەگىشەركەن كېچىگە كېچە». مەن بولسام «گۆركار» نىڭ يېنىدا قولۇمغا «قىسقۇچ » نى ئېلىپ تۇراتتىم. بۇ جانلار زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

«بىئارام بولۇۋاتامسىز؟» داۋام قىلدى ئۇ: «ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ نۇرغۇن ئانىلار ھامىلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەڭگىمەي ئامالى يوق، بۇ ئىككىسىدە ھېچ بولمىغاندا ئۈمىد بار ئىدى».

ئۇچقۇنى بار، يانغىنى يوق. 543-نومۇرلۇق كېسەلخانىدا ئانا ھۆكىرەپ يىغلىماقتا، چاناقلىرى قىزارغان ئاتا بولسا ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى: ئۇلار شادلىقنىڭ قارشىسىدا تۇرماقتا؛ ئۆلۈم كەلمىكى مانا مۇشۇنداق ئۇشتۇمتۇتلا بولىدۇ، ئۇ شۇقەدەر چىدىغۇسىز ۋە ئادالەتسىزدۇر... بۇ قانداقمۇ ئەقىلغا سىغسۇن؟ بۇنىڭغا نە چارە، نە تەسەللىلىرىمىز بار؟

## 6-قىسىم

«جىددىي تۇغۇت ئوپېراتسىيەسى راستتىنلا زۆرۈرمىدى؟» دەپ سورىدىم مەن.

«ئەلۋەتتە» دېدى ئۇ، «بۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر پۇرستى ئىدى».

«ئەگەر ئوپېراتسىيە قىلمىغان بولساقچۇ؟»

«ئۇ ھالدا ئۇلار ئانىنىڭ قورسىقىدىلا ھاياتىدىن ئايرىلغان بولاتتى، ھامىلە يۈرەك ئىزلىغۇچىدا كۆرستىلىشىچە، ھامىلە قېنى كىسلاتالىشىپ كېتىۋاتقان ئىكەن. نېمىشقىكىن ھامىلە كىندىك تومۇرىدا مەسىلە كۆرۈلگەن ياكى باشقا بىر ئېغىر چاتاق چىققان ئىدى».

«ھامىلە يۈرىكى ئىزلىغۇچىدا كۆرۈنگەن چاتاقنىڭ زادى بولماي قالغان دەرىجىدە يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟ سىزچە بالدۇر تۇغۇلۇپ قىلىش بىلەن تۇغدۇرۇشقا كېچىكىپ قىلىشنىڭ قايسىسى بەكرەك يامان؟»

«بۇنى ئۆزىڭىز ھۆكۈم قىلىڭ.»

نېمە دېگەن قىيىن ھۆكۈم بۇ! ئەجەبا، مەن مۇشۇ كەم-گىچە ”ساندۇقچىقا فرانسۇزچە قىيام سۈركەيمۇ ياكى رۇبىنچە قىيام سۈركەيمۇ؟“ دېگەندىنمۇ قىيىنراق قارارلارنى چىقىرىپ باققان بولغىيمىدىم؟ مەن بۇنداق قىيىن قارار چىقىرىش ۋە ئاقىۋىتىگە ئىگە

بولۇشنى قانداقمۇ ئۈگىنەلەيمەن؟ يەنە ئۈگىنىشىمگە تېگىشلىك مېدىتسىناغا دائىر نۇرغۇن ئەمەلىي بىلىملەر بار، بىراق ھايات-ماماتلىق پەيتىگە كەلگەندە، پەقەت بىلىملا بولسا يېتەرلىكمۇ؟ ئېنىقكى، ئەقىللىق بولۇشلا كۇپايە قىلمايدىكەن، يەنە ئېنىق بولغان ئەخلاقىي تونۇشنىڭ بولۇشىمۇ زۆرۈر ئىكەن. شۇنىڭغا چىن پۈتىشىم كېرەككى، مەيلى قانداقلا قىلماي، بۇ يەردە مەن پەقەت بىلىملا ئەمەس، يەنە دانالىقنىمۇ ئۈگىنىۋېلىشىم زۆرۈر.

نېملا دېگەن بىلەن، تۆنۈگۈن دوختۇرخانىغا قەدەم باسقىنىمدا، ھايات ۋە مامات مەن ئۈچۈن پەقەت مەۋھۇملا بىر ئۇقۇم ئىدى. مانا ھازىر ئىككىلىسىنى يېقىن ئارلىقتىن كۆردۈم. بەلكىم بىككېت كىتابىدا ياراتقان پېرسوناژ پوززونىڭ دېگىنى توغرىدۇ: بەلكىم ھايات راستىنلا پەقەت بىر ”ئان“، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتكەچ بىزنىڭ ئۇنى تەپەككۇر قىلىشىمىزنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق. بىراق مەن ھازىر پۈتۈن زېھنىم بىلەن ھايات ۋە ماماتنىڭ شاھىدى بولمىش- قىسقۇچ تۇتقان گۆركارنىڭ رولىنى ئوينىشىم كېرەك .

ئۇزاق ئۆتمەي، مېنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىدىكى پىراكتىكا نۆۋىتىم ئاياغلىشىپ، تېزلا ئۆسمە تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە يۆتكەلدىم. بۇ جەرياندا مېدىتسىنا فاكۇلتېتىدىكى ساۋاقدىشىم مارى بىلەن ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان بولدۇق. نەچچە ھەپتە ئۆتۈپلا، بىر قېتىملىق ئۈيقۇسىز

كېچىدىن كېيىن، ئۇ ۋىپىل (Whipple) ناملىق ئوپېراتسىيەگە ياردەمچى سۈپىتىدە قاتنىشىدىغان بولدى. بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئوپېراتسىيە بولۇپ، ئاشقازان ئاستى بېزى راكىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ئۈچۈن، قورساقتىكى نۇرغۇن ئەزالارنى قايتىدىن رەتكە سېلىشقا توغرا كېلەتتى ۋە بۇ ئوپېراتسىيە جەريانىدا ئۈنىڭدەك مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىسى ياندا ئۇدا توققۇز سائەتكە يېقىن ئۆرە تۇرۇپ كۆزىتەتتى، ياكى ئېشىپ كەتسە ئېگىشىپ ئانچە-مۇنچە ياردەملىشەتتى. بۇ ئوپېراتسىيەنى كۆرۈپ بېقىش بارلىق مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىدى، ئوپېراتسىيە جەريانى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغاچ، بۇ ئوپېراتسىيەگە ئەڭ تۆۋىنى باش پىراكتىكانت دوختۇر دەرىجىلىكلەرلا بىۋاستە قول تىقىپ قاتنىشالايتتى. لېكىن كىشىنى ھاردۇرۇپ جۇلقىنى چىقىرىۋېتەلەيدىغان بۇ ئوپېراتسىيە تاشقى كېسەللىك دوختۇرىنىڭ ماھارىتى ئۈچۈن چوڭ بىر سىناق ھېسابلىناتتى. ئوپېراتسىيە باشلىنىپ 15 مىنۇتتىن كېيىن مەن مارىنىڭ كارىدوردا يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ۋىپىل ئوپېراتسىيەسى باشلانغاندا تاشقى كېسەللىك دوختۇرى ئاۋۋال قورساقتىن بىر ئېغىز ئېچىپ كىچىك كامېرانى كىرگۈزەتتى ۋە يۆتكەلمە ئۆسمە بار-يوقلۇقىنى كۆزىتەتتى. ئەگەر راك ھۈجەيرىسى كەڭ كۆلەمدە تارقالغان بولسا، ئوپېراتسىيە قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق دەپ قارىلىپ، ئوپېراتسىيەنى توختىتاتتى. مارى ئوپېراتسىيەخانىدا توققۇز سائەت ئۆرە تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ:« ئاھ

تەڭرىم، ئۆتۈنەي، مەن بەكلا چارچاپ كەتتىم، ئىلاھىم نۇرغۇن يۆتكەلمە ئۆسمىلەر بار بولۇپ چىققاي» دەپ ئىچىدە ئىلتىجا قىلغان ئىدى. دېگەندەك، بىمارنىڭ يارىسى قايتىدىن تىكىپ قويۇلدى، ئوپېراتسىيە بىكار قىلىندى. مارى بېشىدا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى، كەينىدىنلا چوڭقۇر ھەم ئازابلىق بىر ئاھانەت تۇيغۇسى ئۇنىڭ روھىنى قىيىن قىستاققا ئېلىشقا باشلىدى. مارى ئوپېراتسىيەخانىدىن ئېتىلىپ چىقتى، بۇ چاغدا ئۇ دەردىنى تۆكۈش ئۈچۈن «نادامەت قاچىسى» دىن بىرسىگە ئېھتىياجلىق ئىدى، مەن دەل شۇ «نادامەت قاچىسى» ئىدىم.

مېدىتسىنا ئوقۇشۇمنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدا، ساۋاقداشلىرىمنىڭ بىر-بىرلەپ جاپاسى ئازراق (مەسىلەن رېنتگېن بۆلۈمى، تېرە بۆلۈمى دېگەندەك) ساھەلەرنى تاللاپ، پىراكتىكانت دوختۇرلۇقىغا ئىلتىماس قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم. بۇ ئىش مېنى سەل گاڭگىرىتىپ قويغانىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن بىر قانچە داڭلىق مېدىتسىنا فاكۇلتېتلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلىرىنى توپلاپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەن كۆرگەن بۇ خىل كەسىپ تاللاش يۈزلىنىشى ھەممىسىدە ئوپمۇ-ئوخشاش ئىكەن: مېدىتسىنا دوكتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار ئاتالمىش «سۈپەتلىك تۇرمۇشلۇق»- يەنى ئىش ۋاقتى ئازادە، مائاشى يۇقىرىراق، بېسىمى ئازراق ساھەلەرگە خۇشتار ئىكەن. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مېدىتسىنا دوكتورلۇق ئوقۇشىغا ئىلتىماس

ماقالىسىدە تىلغا ئالغان غايىۋى ئارزۇلىرى ۋە جاسارىتى سۇندىكەن ياكى ئۈنىڭدىن ئەسەرمۇ قالمايدىكەن.

ئوقۇش پىلانلىرىغا كەلگەندە، بىز داۋالاش ئىلمىدىكى دىئاگنوز بىلەن داۋالاشقا ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىر يىللىق ئىشخانا پراكتىكىسىغا قاتناشتۇق. ئۇ قەسەملەر ھىپوكرات، مەيمۇنىد، ئوسلېر ۋە شۇ قاتاردىكى ساناقلىق ئۇلۇغ تېببىي ئالىملار ھېكمەتلىرىنىڭ ئۈزۈندىلىرىن تۈزۈلەتتى، ئەمما بىر نەچچە ئوقۇغۇچى قەسەمدە يېزىلغان بىمارلارنى ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆرۈش دېگەندەك سۆزلەرنى چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىپ قالدى. (ئەمما قالغانلىرىمىز بۇ ئىختىلاپنىڭ ئۈزۈنغىچە داۋاملىشىشىغا يول قويمىدۇق. قەسەمدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ئۆز پېتى قالدى. بۇ خىل ئۆز-مەركەزلىك خاھىشى ماڭا خۇددى مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ تەشەببۇسىغا قارىمۇ-قارشىدەك، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، پۈتۈنلەي ئورۇنلۇقتەك بىلىندى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل كۆزقاراش 99% كىشىلەردە بار بولۇپ، ئۇلار مائاش، خىزمەت مۇھىتى ۋە ئىش ۋاقتىغا قاراپ قايسى خىزمەتنى قىلىشنى تاللايدۇ. گەپ نەق شۇ يەردە. خىزمەت تاپقاندا «سۈپەتلىك تۇرمۇش» نى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش نورمال ئىش، بۇ ھەرگىزمۇ ئارزۇنىڭ ئۆزى ئەمەس .

ئۆزۈمنى ئىلىپ ئېيتسام، مەن يەنىلا مېڭە تاشقى بۆلۈم دوختۇرى بولۇشنى تاللايمەن. بۇ قارار ھەرگىز مۇنداقلا چىقىرىلغان ئەمەس، ئەسلىدە

مەن ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى شۇنى ئويلىشۋاتقان ۋە بىر كۈنى ئوپېراتسىيەخانىدىن چىقىۋېتىپ بىر باللار مېڭە تاشقى بۆلۈم دوختۇرىنىڭ مېڭىسىدە چوڭ ئۆسمە بولغانلىقتىن بېشى قاتتىق ئاغرىغان بالىسىنى دوختۇرغا ئېلىپ كەلگەن ئاتا-ئانا بىلەن ئولتۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شۇ دەقىقىدە  بۇ قارارىمغا تەستىق تامغىسىنى ئۇرۇۋەتكەن ئىدىم. دوختۇر ئۇلارغا پەقەت  داۋالاشقا ئائىت ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، يەنە بۇ ئەھۋالنىڭ نەقەدەر زور بىر تىراگېدىيە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ بۇ ئىشنىڭ ئىنساني تۈيغۇغا ياتىدىغان قىسمىنىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈدى ۋە ئۇلارغا يول كۆرسەتتى. ئويلىمىغان يەردىن بالىنىڭ ئاپىسى رېنتگېن بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى بولۇپ چىقتى. ئۇ بالىسىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلغان بولۇپ، بالىسىنىڭ مېڭىسىدىكى ئۆسمىنىڭ يامان خاراكتېرلىك ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا يالتىراق نۇر سايە تاشلاپ تۇرغان سولياۋ ئورۇندۇقتا گويا روھىي چىقىپ كەتكەن مۇردىدەك غەمكىن بىر ھالەتتە ئولتۇراتتى.

«ئۇنداقتا، كلايىر...» دەپ سۆزنى باشلىدى دوختۇر سىپايىلىق بىلەن.

«ئېيتىڭچۇ، ئەھۋال راستىنلا مەن ئويلىغاندەك ئېغىرمۇ؟» دەپ سورىدى ئانا دوختۇرنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا، «سىزنىڭچە بۇ راكمۇ؟»

«مەن ئېنىق بىر نىمە دېيەلمەيمەن، ئەمما مېنىڭ بىلىدىغىنىم ۋە شۇنداقلا سىلەرگىمۇ ئايان بولغىنى شۇكى، ھاياتىڭلار ئۆزگىرىش بوسۇغىسىدا، ياق، ئالىلقاچان ئۆزگىرىپ بولدى. بۇ ئەھۋال خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل داۋاملىشىدۇ، چۈشىنىۋاتامسىلەر؟ سىلەر ئەلۋەتتە بالىغا ھەمراھ بولساڭلار ياخشى، ئەمما  چارچىغاندا قايتىپ ئارام ئېلىشىڭلارمۇ مۇھىم. بۇ خىل كېسەل يا رىشتىڭلارنى تېخىمۇ مەھكەم باغلايدۇ، يا بولمىسا ئائىلەڭلارنى تامامەن ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. سىلەر ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك بىر-بىرىڭلارنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق. مەن ئىككىڭلارنىڭ كېچىچە ئۇخلىماي بالىغا ھەمراھ بولماي دەپ دوختۇرخانىدىن پەقەت كەتمەي تۇرىۋېلىشىڭلارنى خالىمايمەن. بولامدۇ؟»

دوختۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوپېراتسىيە پىلانىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، شۇنداقلا ئوپېراتسىيەدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان مۇمكىنچىلىكلەر ۋە نەتىجە توغرىسىدا توختالدى. ئۇ يەنە قايسى قارارنى ھازىر چىقىرىش، قايسى قارارنى دەرھال چىقارماسلىق، ئەمما ئويلىنىشقا تەرەددۇت قىلىش ۋە قايسى خىلدىكى قارارلاردىن ئارتۇقچە ئەنسىرىمەسلىك كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى. پاراڭنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بالىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئارامسىزلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار كەلگۈسىگە دادىل يۈزلىنىشكە تەييار بولغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن زەن سالغان ئىدىم، ئۇلارنىڭ دەسلەپتىكى ھارغىن،

چۈشكۈن ۋە خۇددى روھى ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغاندەك چىرايى مانا ئەمدى سۇزۇلۇپ خېلى جۇشقۇنلىشىپ قالدى. شۇ يەردە ئولتۇرغىنىمچە، ھاياتىمىزنىڭ مەلۇم بىر ۋاقتىدا چوقۇم يۈزلىشىدىغان ھايات، ئۆلۈم ۋە ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى سوئاللارنىڭ كۆپىنچە كىشىلەر كېسەل بىلەن ئېلىشىشقا مەجبۇر بولغىنىدا ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. ھەر قانداق بىر كىشى بۇ خىلدىكى سوئاللارغا دۇچ كەلگەن رېئال ئەھۋاللاردا، بۇ خىل يۈزلىنىش ھامان  شۇ كىشىلەر ئۈچۈن بىر قېتىملىق پەلسەپەۋى ۋە بىيولوگىيەلىك چېنىقىش بولۇپ قالاتتى. ئەپسۇسكى، ئىنسان بىر جانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن «ھەممە نەرسە ھامان تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ ماڭىدۇ» دېگەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. كېسەللىك بولسا مولېكۇلالارنىڭ قالايمىقانچىلىقى، مېتابولىزم بولسا ھاياتلىق ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسي تەلەپ، ئۆلۈم بولسا ھەممىنىڭ توختىشىدۇر .

دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا كېسەل داۋالايدۇ، ئەمما مېڭە تاشقى كېسەللەر دوختۇرلىرى بولسا كىملىكنىڭ بۆشۈكى بىلەن ھەپىلىشىدىغانلاردۇر. ھەر بىر مېڭە ئوپېراتسىيەسى زورۇرىيەت تۈپەيلىدىن ئۆزىمىزنىڭ ماھىيىتىمىزگە بولغان بىر قېتىملىق مالىماتاڭچىلىق ھېسابلىنىدۇ، مەيلى خالىسۇن-خالىمىسۇن، ھەر بىر مېڭە تاشقى كېسەللەر

دوختۇرى بىمار بىلەن سۆزلەشكەندە بۇ گەپنى دىمەي ئامالى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مېڭە ئوپېراتسىيەسى بىمار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇچۇن، ئۇلار ھاياتىدا باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ ئېغىر ھېسسىي داۋلغۇش پەيدا قىلىدىغان بىر ئىش بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا زور تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىشى ئېنىق. ئەنە شۇنداق مۇھىم ۋە جىددىي پەيتتە، ئەڭ زۆرۈر مەسىلە ئۆلۈش ياكى ھايات قېلىش بولماستىن، بەلكى قانداق ھاياتنىڭ ياشاشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى ئويلىنىشتۇر. سىز ياكى ئانىڭىزنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارى بەدىلىگە بىر نەچچە ئاي ئۇزۇنراق ئۇن-تۇنسىز ھايات كەچۈرۈشنى خالامسىز؟ كۆرۈش سەزگۈچىزدىكى مەلۇم قارىغۇ نۇقتىنى داۋالاپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىڭىزنى ئاشۇرۇش ئۇچۇن ئوپېراتسىيە جەريانىدا كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان ئەجەللىك مېڭە قاناشقا تەۋەككۈل قىلالامسىز؟ ياكى تۇتقاقلىقتىن قۇتۇلۇش بەدىلىگە ئوڭ قولىڭىزنىڭ كېرەكتىن چىقىشىغا رازى بولامسىز؟ بالىڭىزنىڭ ھايات تۇرغىنىدىن ئۆلۈپ كەتكىنى ياخشىكەن دېگەن قارارغا كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ قانچىلىك نېرۋا ئاغرىقىنىڭ ئازابىنى تارتىشىغا چىداپ تۇرالامسىز؟ چۈنكى مېڭە بىزنى دۇنيا بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ھەر قانداق مېڭىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، ياخشىسى بىر دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىمار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى بىر سوئالغا باشلاپ بارىدۇ: زادى نېمە ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەرزىگۇدەك ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ؟

گويا قەدىمي يۇنان تىلىدىكى «تاكامۇللاشقان پەزىلەت arete» ئۇقۇمىنىڭ تەلىپىدەك ئەخلاقىي، ھېسسىي، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن مۇكەممەللىككە تەڭداشسىز يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان نېرۋا تاشقى كېسەللەر ئىلمى مېنى ئۆزىگە ئاداققىچە رام قىلىۋالغان ئىدى. نېرۋا تاشقى كېسەللەر ئىلمى ماڭا ھاياتنىڭ قىممىتى، كىملىك ۋە ئۆلۈم بىلەن ئەڭ بىۋاستە ۋە ئەڭ قېيىن بولغان يۈزلىشىشكە چاقىرىق قىلىدىغان بىر ساھەدەك بىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتىگە يارىشا، نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى بىر قانچە كەسىپتە: مەسىلەن، نېرۋا تاشقى كېسەللىك ئىلمى، ئېغىر كېسەللەرنى جىددىي داۋالاش ئىلمى، نېرۋا كېسەللىرى ئىلمى ۋە رېنتگېن ئىلمى قاتارلىقلاردا كامالەتكە يېتىشى زۆرۈر ئىدى. مەن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، مەن پەقەت مېڭەم ۋە قوللىرىمنى تاۋلاش بىلەن بىرگە، كەسپنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن يەنە كۆزۈمنى ۋە باشقا ئەزالىرىمنى مەشىقلەندۈرۈشۈم كېرەك ئىكەن. بۇ خىل ئىدىيە شۇ قەدەر كاللامنى چىرمىۋالدى ۋە قان-قېنىمغا سىڭىپ كېتىشكە باشلىدى: بەلكىم كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ ئاشۇ ھېسسىي، ئىلمىي، روھىي مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرگەن ۋە ھەل قىلىش چارىلىرىنى تاپقان ئىستىبداتلىق ئەللاملەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قالارمەن.

# 7-قىسىم

مېدىتسىنا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپلا لۇسىي ئىككىمىز تويى قىلدۇق ۋە يالى داشۆسى جايلاشقان كونىكتىكات ئىشتاتىدىن كالىفورنىيە ئىشتاتىغا كۆچۈپ بېرىپ پىراكتىكانت دوختۇرلۇق ھاياتىمىزنى باشلىدۇق. مەن ئىستانفوردتا، لۇسىي بولسا يېقىن ئەتراپتىكى كالىفورنىيە داشۆسى سان فىرانسىسكودا پىراكتىكانت دوختۇرلۇق پۈرسىتىگە ئېرىشتۇق (تەرجىماندىن: ئىستانفورد سان فىرانسىسكونىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان پال ئالتو دېگەن كىچىك شەھەردە، كالىفورنىيە داشۆسى سان فىرانسىسكو بولسا سان فىرانسىسكونىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئاۋات مەركىزى رايونلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقا. بۇ مەكتەپتە تولۇق كۇرۇس ئوقۇغۇچىلىرى يوق، پەقەت ھاياتلىق ئىلمى ۋە مېدىتسىنا دوكتورلىرىنى تەربىيەلەيدىغان داڭلىق داشۆ بولۇپ، مېدىتسىنا ساھەسىدە ئاساسەن ئىستانفورد بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ). شۇنداق قىلىپ بىز مېدىتسىنا ئوقۇشىنى رەسمىي ئارقىمىزدا قالدۇردۇق، ھەقىقىي مەسئۇلىيەت ئەمدى ئالدىمىزدا. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مەن دوختۇرخانىدا كەينى-كەينىدىن بىر نەچچە يېقىن دوست تۇتتۇم. بۇلارنىڭ بىرى مەن بىلەن ھەمكار پىراكتىكانت ۋىكتورىيە، يەنە بىرى بولسا ئۇنىۋېرسال تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىدىكى بىزدىن نەچچە يىل بۇرۇن پىراكتىكىسنى باشلىغان جەف

ئىدى. كەلگۈسى نەچچە يىللىق تەربىيەلىنىش جەريانىدا، بىز دەسلەپكى مېدىتسىنا جېدەللىرىگە گۇۋاھ بولۇشتىن بۇ جېدەللەرنىڭ باش رولچىسىغا ئايلىنىپ قالدۇق.

پىراكتىكانت دوختۇرلۇقنىڭ بىرىنچى يىلىدا، بىز بىر قىسىم يۈگرى-يېتىم ئىشلارنى قىلساقمۇ، ئەمما خىزمەت نورمىمىز يەنىلا غايەت زور ئىدى. دوختۇرخانىغا بارغان تۇنجى كۈنۈمدە باش پىراكتىكانت دوختۇر ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «نىرۋا تاشقى كېسەللەر پىراكتىكانتلىرى پەقەت ئەڭ نوچى تاشقى كېسەللەر دوختۇرلىرىلا ئەمەس، بەلكى دوختۇرخانىمىزدىكى ئەڭ ياخشى دوختۇرلاردۇر. بۇ سىزنىڭ نىشانىڭىز بولسۇن، بىز پەخىرلەنگۈدەك دوختۇر بولۇڭ». بۆلۈم باشلىقى ياندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ قوشۇپ قويىدى: «تاماقنى ھەر ۋاقىت سول قولىڭىزدا يەڭ. سىز چوقۇم بىرلا ۋاقىتتا ئوڭخاي ۋە سولخاي بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك». يەنە بىر كونا پىراكتىكانت دوختۇر مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «شۇنى سەمىڭىزگە سەپ قويۇڭ، باشلىق ھازىر ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بەكلا ئىشقا ئۇرۇۋاتىدۇ. ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن گۇڭگۇر-مۇڭگۇر بولۇشمىغان دەپ يۈرمەڭ.» دېدى. دوختۇرخانىنى تونۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولغان مىجەزى ئوچۇق پىراكتىكانت دوختۇر ماڭا ئىشلارنى چۈشەندۈرۈش ئورنىغا 43 بىمارنىڭ تىزىملىكىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئېيتتى: «سىزگە بىرلا ئېغىز گەپنى دەپ قوياي: ئۇلار سىزنى تېخىمۇ بەكرەك ئازابلىيالىشى

مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرالمايدۇ». ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا كېتىپ قالدى.

مەن ئىككى كۈنگىچە دوختۇرخانىدىن ئايرىلمىدىم، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا قارىماققا مۇمكىنسىز كۆرۈنگەن، كۈنلەپ ئولتۇرىدىغان جەدۋەل ئىشى پەقەت بىر سائەتلىك ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، سىز دوختۇرخانىدا ئىشلىگەندە توشقۇزىدىغان جەدۋەللەر پەقەت جەدۋەللە ئەمەس: ئۇلار خەتەر ۋە غەلىبىگە تولغان خۇلاسىلەرنىڭ پارچىلىرى ئىدى. مەسىلەن، بىر كۈنى مەتىيۇ ئىسىملىك 8 ياشلىق بالا بېشى ئاغرىغانلىقتىن دوختۇرغا كەلدى، ۋە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۇنىڭ ئاستىنقى دۆڭچە مېڭىسىنى بىر ئۆسمىنىڭ بېسىۋالغانلىقى بايقالدى. ئاستىنقى دۆڭچە مېڭە- ئۇيقۇ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، جىنسىيەت قاتارلىق ئادەمنىڭ ئاساسىي تەلپىنى كونترول قىلىدۇ. ئاستىنقى دۆڭچە مېڭىدىكى ئۆسمە پاكىز ئېلىۋېتىلمەي قالسا، مەتىيۇ (Matthew) رادىيوئاكتىپلىق نۇر بىلەن داۋالىنىشى، ياكى ئېچكىرلىگەن ھالدا ئوپېراتسىيە قىلىنىشى ۋە ياكى مېڭىسىگە نەيچە سېلىنىشى كېرەك ئىدى، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۆسمە ئۇنىڭ بالىلىقىنى نابۇت قىلىۋېتەتتى.

ئۆسمىنى پۈتۈنلەي كېسىپ ئېلىۋېتىش ئارقىلىق يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، لېكىن بۇنداق قىلغاندا ئاستىنقى دۆڭچە مېڭە زەخىمگە ئۇچرىشى ۋە نەتىجىدە مەتىيۇ قورسىقىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ

قىلىشى مۇمكىن. مەتىيۇۋنىڭ بۇرنىدىن كىچىك ئىچكى بوشلۇق ئەينىكى كىرگۈزگەندىن كېيىن دوختۇر ئىشنى باشلىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ مېڭە تاشقى سۆڭىكىنى تەشتى. مېڭىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە ئۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرەلىدى ۋە ئۆسمىنى كېسىپ ئېلىۋەتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن مەتىيۇۋ بالىنىستىتا سەكرەپ-تاقلاپ يۈرگەن بولدى، ئۇ بەزىدە ھەتتا سېستىرالاردىن كەمپۈتلەرنى ئېلىۋالاتتى، نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئۆيىگە قايتىشقا تەمشەلدى. ئۇ كۈنى كەچ مەن خۇشال ھالدا مەتىيۇۋنىڭ بارلىق دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيەتلەرنى بېجىردىم.

بىر سەيشەنبە كۈنى تۇنجى بىمارىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

ئۇ 82 ياشلىق ياشانغان، ۋىجىك، پاكىزە بىر ئايال بولۇپ، مەن بىر ئاي پىراكتىكا قىلغان ئادەتتىكى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى ئەڭ ساغلام بىمار ئىدى. (كېيىنچە بۇ بىمارنىڭ جەسىتىنى يارغاندا پاتولوگىيە دوختۇرى ھەيران قالغان ھالدا ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ 50 ياشلىق ئادەمنىڭكى بىلەن ئوخشاشلىقىنى بايقىدى). ئۇ ئۈچىيى توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان قەۋزىيەت دەپ دىياگنوز قويۇلغان ئىدى. بۇ كېسەلنىڭ ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ قېلىشىنى ئالتە كۈن كۈتكەندىن كېيىن كىچىك بىر ئوپېراتسىيە ئېلىپ باردۇق. دۈشەنبە كەچ سائەت 8 ئەتراپىدا ئۇنى يوقلىغىلى بارغىنىمدا ئۇ ناھايىتى سەزگۈر، ساغلام ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا يانچۇقۇمدىن بۇ كۈنلۈك خىزمەت خاتىرەمنى ئالدىم ۋە

ئەڭ ئاخىرقى قۇر (خارۋېي خانىمنىڭ ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى ئەھۋالى) نى قەلەم بىلەن سىزىۋەتتىم. ئەمدى ئۆيگە قايتىپ ئارام ئالسام بولاتتى.

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا تېلېفون جىرىڭشىدى، بىمار كېسەللىك ئازابىدا تىركىشىۋاتاتتى، بىيۇروكراتلارچە ئۆز-ئۆزۈمدىن قانائەتلىنىش تۇيغۇم تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغاندەك بولدى، كارىۋىتىمدا ئولتۇرۇپ: «بىر لىتىر رىنگېر سۇيۇقلۇقى، (LR) سۆت كىسلاتاسى ئېلېكتروكاردىئوگراما (EKG)، كۆكرەك پىلىيۇنكىسى، تىزدىن ھەرىكەتلىنىڭلار، مەن ھازىرلا بارىمەن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردۈم. ئاندىن يېتەكچى دوختۇرغا تېلېفون ئۇردۇم، ئۇ قان تەكشۈرۈشۈمنى تاپىلىدى ۋە باشقا مۇھىم ھالقا ئېسىمگە كەلگەندە ئۇنىڭغا قايتا تېلېفون ئۇرۇۋېتىشۈمنى ئېيتتى. مەن دوختۇرخانىغا تېزلا باردىم، مەن بارغاندا خارۋېي خانىمنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشقان، يۈرەك رىتىمى تېزلاشقان، قان بېسىمى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، قانداق ئۇسۇل قوللىنىشىمدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانمايۋاتاتتى. مەن ئادەتتىكى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى بىردىنبىر كىم چاقىرسا شۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان پىراكتىكانت ئىدىم، خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىلغان، بارمىسامۇ بولىدىغان (بىمارنىڭ ئۇخلاش دورىسىنى ئاپىرىپ بېرىش)، بارمىسام بولمايدىغان (جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە ئائورتا (غول ئارتېرىيە) ئۆسمىسى ئوپېراتسىيەسىگە قاتنىشىش) قاتارلىق بىر قاتار مەزمۇنلار يېزىلغان خاتىرە

دەپتىرىم بىرياقتا تاشلىنىپ ياتاتتى. مەن تۈنجۇقۇپ قىلىۋاتاتتىم، قىينىلىۋاتاتتىم، لېكىن قانداق ئۇسۇل قوللانماي خارۋىي خانىمدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمايۋاتاتتى.

خارۋىي خانىمنى ICU (ئېغىر كېسەللەر پەرۋىشخانىسى) غا يۆتكىدۇق، ICU دا دورا ئوكۇللارنى بېرىش ئارقىلىق ئۆلۈم گىرداۋىدىن قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولدۇق. مەن كېيىنكى نەچچە سائەت جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە قۇتقۇزۇلىۋاتقان بىمار ۋە ئۆلۈم بىلەن تىركىشىۋاتقان ICU دىكى خارۋىي خانىم ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈردۈم. ئەتىگەن سائەت 5:45 ئۆتكەندە جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدىكى بىمار كۆزىتىش ئۆيىگە يۆتكەلدى، بۇ ۋاقىتتا خارۋىي خانىمنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر تۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھايات تۇرۇشى ئۈچۈن 12 لىتىر سۇيۇقلۇق، ئىككى بىرلىك قان، نەپەسلەندۈرگۈچ، ۋە ئۈچ خىل ئۇخشىمىغان تىپتىكى كۆكرەك باسقۇچ ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى.

سەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە دوختۇرخانىدىن ئايرىلغىنىمدا خارۋىي خانىمنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدا ھېچبىر ياخشىلىنىش ياكى ئېغىرلىشىش ئەھۋالى يوق ئىدى. كەچ سائەت سەككىز بولغاندا تېلېفون جىرىڭشىدى. خارۋىي خانىم ئۆزگىرىپ قالغان بولۇپ، ئېغىر كېسەللەر پەرۋىشخانىسىدىكى دوختۇرلار خارۋىي خانىمغا يۈرەك نەپەسنى قايتا قوزغىتىش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. مەن تېز سۈرئەتتە دوختۇرخانىغا

قايتىپ باردىم، خارۋىي خانىم يەنە بىر قېتىم ئۆلۈم گىرداۋىدىن قايتىپ كەلدى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى، بۇ قېتىم ئۆيگە قايتماي دوختۇرخانا ئەتراپىدىن كەچلىك تاماق يېدىم.

كەچ سائەت سەككىز بولغاندا تېلېفونۇم جىرىڭشىدى، ۋە خارۋىي خانىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى.

ئۆيگە قايتىپ ئۇخلىدىم.

ئاچچىقىم كېلەتتى ۋە ئازابلىناتتىم. نېمىلا دېگەن بىلەن خارۋىي خانىم مېنىڭ بىمارىم ئىدى. ئەتىسى خارۋىي خانىمنىڭ جەسىتىنى يېرىشقا قاتناشتىم. مەن پاتولوگىيە دوختۇرىنىڭ ئۈنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىشىنى كۆرۈپ تۇردۇم، ۋە ئىچكى ئەزالارنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزەتتىم، قولۇمدا ئىنچىكىلىك بىلەن ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈپ، ئۆز قوللۇرۇم بىلەن تىككەن ئۈچىيدىكى يىپلارنى تەكشۈردۈم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەن بىمارنىڭ كېسەللىك تارىخىغا بىماردەك مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەرگىزمۇ بىمارنى كېسەللىك تارىخىدەك كۆرمەيدىغان بولدۇم.

ئاشۇ بىرىنچى يىلى، مەن ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندەك بولدۇم. بەزىدە قايسى بىر بۇلۇڭلاردا ئۆلگەنلەرگە كۆزۈم چۈشۈپ قالاتتى، يەنە بەزىدە ئوخشاش بالىنىست ياكى ئوپېراتسىيە ئۆيلىرىدە قازا قىلغانلارنى كۆرۈپ ئۇلارنى قۇتقۇزالمىغىنىمدىن نومۇس قىلاتتىم.

تۆۋەندىكىلىرى مەن ئۆلۈمگە شاھىت بولغان بىر قىسىم كىشىلەر:

1.بىر ھاراقكەش، ئۇنىڭ قېنى ئۇيۇشمايدىغان بولۇپ قالغان بولۇپ، تىرە ئاستى ۋە بوغۇملىرى ئارىسىدا قان ئېقىپ، قانسىراپ ئۆلگەن ئىدى. ئۇنىڭ تىرە ئاستىدىكى قان يىغىلىپ قالغان ئورۇننىڭ دائىرىسى كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ كىشى ئېسىنى يوقىتىشتىن بۇرۇن ماڭا قاراپ «ھاراققا سۇ قوشۇپ ئىچىۋاتىمەن، ماڭا ئۇۋال بولدى» دەپ قويااتتى.

2. ئۆپكە ياللۇغى سەۋەبلىك ئالەمدىن ئۆتكەن ئايال، پاتولوگىيە دوختۇرى بولۇپ، ئاخىرقى نەپىسىدىمۇ پاتولوگىيە تەجرىبخانىسى توغرىلىق پىچىرلايتتى، ۋەھالەنكى ئۇ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى پاتولوگىيە تەجرىبخانىسىدا ئۆتكۈزگەن ئىدى.

3. يۈز قىسمىدىن كەلگەن توك تەپكەندەك ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن نېرۋا تاشقى ئوپېراتسىيەسى قىلىنغان بىر ئەر، ئوپېراتسىيەدە ۋېنېرا تومۇرى بېسىۋېلىش سەۋەبىدىن ئاغرىق پەيدا قىلغۇچى دەپ گۇمان قىلىنغان نېرۋا ئۈستىگە كىچىككىنە سۈيۈق جىسىم قويۇپ قويدۇق. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ كىشىدە قاتتىق باش ئاغرىقى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئاساسەن ھەممە كىلىنىكىلىق ۋە خىمىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنى قىلدۇق، لېكىن كېسەللىك سەۋەبىنى تاپالماي دىياگنوز قويۇشقا ئامالسىز قالدۇق.

4. نۇرغۇن مېڭە زەخملىرى: ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشلار، ئوق تېگىپ يارىلىنىشلار، قاۋاقخانىدا ئۇرۇشۇپ قېلىپ يارىلىنىشلار، موتوسىكلىت قازالىرى، ماشىنا قازالىرى، ۋە بىر قانداغاي ھۇجۇمى زەخمىسى.

بەزىدە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ھېس قىلىش مۇمكىن ئىدى، بۇخىل ۋەھىمە بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋادىلا لەيلەپ يۈرەتتى، شۇنچىلىك ئېغىر ۋە ئازابلىق ئىدى. نورمال ئەھۋال ئاستىدا تېخى ئۇنى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا نەپەس بىلەن تەڭ ئىچىمىزگە سۈمۈرۈۋالاتتۇق. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ تىنچىق كۈنلەردە، بۇخىل ۋەھىمىنىڭ ئېغىرلىقى ئادەمنىڭ نەپىسىنى قىيىنلاشتۇراتتى. بەزى كۈنلىرى، دوختۇرخانىدىمۇ مۇشۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولاتتى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىسسىق ياز كۈنلىرى، تەرگە چۆمۈلۈپ تۇرۇپ، دوختۇرخانىدا ۋاپات بولغان كىشىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ يامغۇر كەبى كۆز ياشلىرىغا ھەمراھ بولاتتىم.

پراكتىكا قىلغان ئىككىنچى يىلى، جىددىي ئەھۋال ئاستىدا دوختۇرخانىغا ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. بەزى بىمارلارنى قۇتقۇزغىلى بولمايتتى، بەزىلىرنى قۇتقۇزغىلى بولاتتى. بىر كۈنى ھوشسىز ياتقان بىر بىمارنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدىن كۆزىتىش ئۆيىگە ئېلىپ چىقتىم، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىدىن قان ئاققۇزغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئويغىنىشىغا قاراپ تۇردۇم. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆيدىكىلىرىگە بېشىدىكى كېسىلگەن يارىسى توغرىلىق قاقشاشقا باشلىدى. مەن

ھاياجاندىن ئېسىمنى يوقاتقان ئىدىم، ئەتىگەن سائەت ئىككى بولغىچە دوختۇرخانىنىڭ ئەتراپىدا ئۆزۈمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمنى بىلەلمەي قالغانغا قەدەر پىيادە ماڭدىم، ئاندىن 45 مىنۇت تىمسىقلاپ يۈرۈپ ئاران تەستە قايتىدىغان يولۇمنى تېپىپ قايتىپ كەلدىم.

پىراكتىكانتلار ھەر ھەپتىدە يۈز سائەت ئەتراپىدا ئىشلەيتتۇق، ئەسلى دوختۇرخانىنىڭ قائىدىسىدە 88 سائەت ئىشلەيدىغانلىقىمىز بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، دائىملا ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ ئىشلەيتتۇق. بىر كۈنى ئىشلەپ كەچ قالغان ئىدىم، تۇيۇقسىز كۆزلىرىم ياشاڭغىراشقا، بېشىم چىڭقىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى، ئېنېرگىيە ئىچىملىكى ئىچتىم، بۇ ۋاقىتتا ئەتىگەن سائەت ئىككى بولغانلىقىنى بايقىدىم. خىزمەت ۋاقتىدا ھېس قىلمىغان ھارغىنلىق، ئىشتىن چۈشكەندە ھالىمنى قويمايتتى. دەلدەڭشىگەن ھالدا ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا باردىم، ئۆيگە قايتىپ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ماشىنامدا بىردەم مۈگدىۋېلىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدىم.

پىراكتىكانتلارنىڭ ھەممىسىلا بۇخىل بېسىمغا چىداپ بولالمايدۇ. بىر پىراكتىكانت دوختۇر بىمارلارنىڭ ئەيىبلىشى ۋە ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسئۇلىيەتكە چىداپ بولالماي قالغان ئىدى. ئۇ بىر تالانلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئىدى، لېكىن ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ئېتىراپ قىلماي تۇرۇۋالاتتى. بىر كۈنى ئارام ئېلىش ئۆيىدە

ئۇنىڭ بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاندا، ئۇ كەسپىي ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ياردەم قىلىشىمنى ئۆتۈندى.

«ماڭا قاراڭ» دېدىم مەن: «مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ: كەچۈرۈڭ، يۈز بەرگەن ئىشلار مېنىڭ خاتالىقىم، مەن بۇنداق خاتالىقنى قايتا سادىر قىلمايمەن، دەۋەتسىڭىزلا بولىدۇ.»

«لېكىن ھېلىقى سېستىرا شۇنداق قىلمىغان بولسا، مەنمۇ...»

«ياق، سىز چوقۇم كەچۈرۈم سورىغاندا خاتالىقنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىز ۋە كەچۈرۈم ئېچىڭىزدىن چىقىشى كېرەك»

«لېكىن..»

«ياق، كەچۈرۈم سوراڭ»

مۇشۇنداق تالىشىپ ئولتۇرۇپ بىر سائەت ئۆتكەندە ئۇنىڭدا ئۈمىد يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ بولدى قىلدىم.

ئېغىر بېسىم يەنە بىر خىزمەتدىشىمنى پۈتۈنلەي بۇ ساھەدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ باشقا بىر بېسىمى يېنىكرەك بولغان مەسلىھەتچىلىك خىزمەت ئىزدەشنى تاللىدى.

تۆلىگەن بەدىلى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولغانلارمۇ كۆپ ئىدى.

ئىقتىدارىمنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، زىممەمدىكى يۈكمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتاتتى. قانداق كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ، قانداقلىرىنىڭكىنى بولمايدۇ، ھەمدە قانداق كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى

قۇتقۇزماسلىق كېرەك دېگەندەك مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشنى ئۆگىنىش بىر خىل ئىنتايىن تەستە يېتىلدۈرگىلى بولىدىغان ئىقتىدار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ باققان. بىمارنى جىددىي ئوپېراتسىيە ئۆيىگە يۆتكەپ ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ يېرىكىنىڭ سوقۇشىنى قامدىغۇدەك قىسمىنىلا قۇتقۇزۇپ قىلىپ ئاخىرىدا بىمار مەڭگۇ سۆزلىيەلمەيدىغان، پەقەت نەيچە بىلەن تاماقلىنىدىغان بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا بىز ئۇنى ئۇ ھەرگىز خالىمايدىغان بىر مەۋجۇتلۇققا مەھكۇم قىلغان بولىدىكەنمىز.. مەن ئاخىرى بۇنىڭ بىمارنىڭ ئۆلۈشىگە يول قويغاندىن نەچچە ھەسسە ئازابلىق مەغلۇبىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. بۇ ۋاقىتتا ئاڭسىز ۋە كۈچسىز ئېلىپ بېرىلىدىغان، يوق ھېسابىدىكى ئاجىز مىتابولىزىممۇ بىمار ئۈچۈن چىدىغۇسىز بىر يۈك بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا بىمار بىلەن ۋىدالىشىشقا چىدىيالمىغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كېسەل يوقلاشلىرىمۇ توختاپ پەقەت بىرەر دوختۇرخانىنىڭ ئۇگچە قارىشىغا تاشلىنىپ قالىدۇ، ئاخىرىدا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆپكە ياللۇغى ياكى جاننى ئالىدىغان كارىۋات چاقىسىنىڭ يالماپ تۈگىتىشى بىلەن ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ.

بەزىلەر مۇشۇنداق بىر ھاياتنى ساقلاپ قىلىش ۋە ئەپ كېلىدىغان پىشكەللىكىنى قوبۇل قىلىشنى تاللايدۇ. ئەمما كۆپىنچە كىشىلەر بۇنى تاللىمايدۇ ياكى تاللىيالمايدۇ. شۇڭا نېرۋا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى قارار چىقارغاندا بىمارغا قاراپ ماسلىشىشنى ئۆگىنىشى زۆرۈر.

مېنىڭ بۇ كەسپنى تاللىشىمنىڭ سەۋەبى، ئەڭ بولمىغاندا قىسمەن سەۋەبى دەل ئۆلۈم: يەنى ئۇنى تۇتۇپ، سىرىنى ئېچىش ۋە ئۆلۈم بىلەن كۆزنى مىت قىلماي تورۇپ ئېلىشىش ئىدى. نېرۋا تاشقى كېسەللەر ئىلمىنىڭ مېنى شۇنچە رام قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ مېڭە ۋە ئاڭنى باغلاپ تۇرغىنىدەك، ھايات بىلەن ئۆلۈمنىمۇ باغلاپ تۇرىدىغانلىقى ئىدى. مېنىڭ نەزىرىمدە، بۇ خىل مۇناسىۋەت بوشلۇقىدا ئۆتكۈزگەن ھاياتىم قەلبىمنى ھېسداشلىققا تولدۇرۇشتىن باشقا، مەۋجۇتلۇقۇمغا بىر خىل رەھىدارلىق ئېلىپ كېلەتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مېنى مۇرەككەپ ماتېرىيالىزملىق قاراشلاردىن، ئۆز-مەركەز ئۇششاق ئىشلاردىن خالاس قىلىپ، مەسىلىنىڭ ھەقىقىي نېگىزىنى تېپىپ چىقىشىمغا، يەنى ھايات-ماماتقا تاقىشىدىغان قارارلارنى چىقىرىش ۋە شۇ قارارلار ئۈستىدە جان تىكىشكە ئۈندەيتتى... ۋە بەلكىم مەن مۇشۇ ساھەدە ھالقىش پەيدا قىلالارمەن؟

لېكىن پىراكتىكا مەزگىلىدە ئىشلار باشقىچە بولۇپ چىقتى. تۇغمەس مېڭە زەخملىرى بىلەن ھەپىلىشىش ماڭا ئۆلۈمگە قانچە يېقىن تۇرغانچە كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ ئۆلۈمنىڭ تەبىئىتىدىن شۇنچە يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلىشكە باشلىدى، بۇنى خۇددى ئاسترونومىيە ئۆگىنىمەن دەپ، قۇياشقا ئۇدۇل قاراپ كۆزنى قارىغۇ قىلىۋالغانغا ئوخشىتىشقا بولاتتى. مەن بىمارلارنىڭ ئەڭ ھەل قىلغۇچ مىنۇتلىرىدا ئەسلا

ئۇلار بىلەن بىللە ئەمەس، بەلكى پەقەت بىمارلار تۇرغان يەردە ئىدىم. مەن شۇنچە كۆپ ئازابقا شاھىت بولدۇم، تېخىمۇ يامان بولغىنى مەن ئۇنىڭغا كۆنۈپ كېتىۋاتاتتىم. باشقا كەلگەندە، قانغا مىلىنىپ تۇرغاندىمۇ سېستىرالار، دوختۇرلار ۋە سىز بىلەن ئوخشاش كىمگە چىقىپ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغانلار بىلەن رىشتىڭىز باغلىنىپ، شۇ قان ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قالىدىغان مۇھىتقىمۇ ماسلىشىشنى، ئۇنىڭدا لەيلەشنى، ئۈزۈشنى، ھەتتا ھاياتتىن ھوزۇرلىنىشنىمۇ ئۆگىنىۋالىدىكەنسىز.

ۋەقەگە ئۇچرىغانلار ئوپېراتسىيىسىنى مەن خىزمەتدىشىم، پىراكتىكانت دوختۇر جەف بىلەن بىللە قىلدىم. ئۇ ھەر قېتىم مېنى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە بىمارنىڭ يارىلانغان باش قىسمىنى داۋالاشقا چاقىرغىنىدا، بىز ھەمىشە ھەمكارلىشاتتۇق. ئۇ بىمارنىڭ قورساق قىسمىنىڭ ئەھۋالىنى باھالايتتى، ئاندىن مەندىن بىمارنىڭ ئەقلىي فۇنكسىيىلىرىگە باھا بېرىپ بېقىشىمنى سورايتتى. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا: «ھە، ئۇ ھېلىھەم بىر كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولالايدۇ، ئەمما پەقەت كىچىكرەك ئىشتاتقا ۋەكىل بولغان تەقدىردە شۇنداق» دېدىم مەن، گېپىمنى ئاڭلاپ ئۇ كۈلۈپ كەتتى. شۇ دەقىقىدىن باشلاپ، ھەر قايسى ئىشتاتلارنىڭ نوپۇسى بىزنىڭ باش يارىسىنىڭ ئېغىر- يېنىكلىكىگە ھۆكۈم قىلىدىغان بارومېتىرىمىز (يەنى ئۆلچىمىمىزگە) ئايلىنىپ قالغانىدى. جەف بىمارنىڭ داۋالاش پىلانىنىڭ قانچىلىك مۇرەككەپلىكىنى دەڭسەش ئۈچۈن، مەندىن «ئۇ ۋايومىڭمۇ يا

كالىفورنىيەمۇ؟» دەپ سورايتتى (تەرجىماندىن: چۈنكى ۋايومىڭ ئامېرىكىدىكى نوپۇسى ئەڭ ئاز ئىشتات، كالىفورنىيە بولسا نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئىشتات ئىدى). بەزىدە مەن مۇنداق سورىشىم مۇمكىن ئىدى: «جەڧ، قارىسام بىمارنىڭ قان بېسىمى تۇراقسىز ئىكەن، ئەمما مەن ئۇنى ئوپېراتسىيەگە ئەكىرمىسەم بولمايدۇ، بولمىسا ئۇ ۋاشىنگتون ئىشتاتىدىن ئايداخو ئىشتاتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. سىز ئۇنىڭ قان بېسىمىنى تۇراقلاشتۇرالامسىز؟» (تەرجىماندىن: ۋاشىنگتون ئىشتاتىنىڭ نوپۇسى ئايداخو ئىشتاتىدىن تەخمىنەن 4 ھەسسە كۆپ)

بىر كۈنى مەن دوختۇرخانا ئاشخانىسىدا تېپىك چۈشلۈك تاماقسىز بولغان شېكەرسىز كولا ۋە ماروژنىلىق ساندىۋىچ يەۋاتقىنىمدا، بىر ئېغىر يارىلانغان كېسەلنىڭ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى ھەققىدە تېلېفون تاپشۇرۇۋالدىم، ھەمدە شۇ ھامان تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە باردىم، باشقا داۋالاش خادىملىرى كەلگۈچە، مەن قولۇمدىكى ماروژنىلىق ساندىۋىچنى كومپيۇتېرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ، كارىۋاتقا يۆلەنگىنىمچە، بىمارنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرلىرىنى يادلاشقا باشلىدىم:«ئەر، 22 ياش، موتوسىكلىت ۋەقەسىگە ئۇچرىغان، موتوسىكلىت سائەتلىك سۈرئىتى 40 مىل (يەنى 64 كىلومېتىر)، مېڭە سۇيۇقلۇقى بۇرنىغا كىرىپ كەتكەنلىك ئېھتىمالى بار...»

# 8-قىسىم

بىر كۈنى مەن دوختۇرخانا ئاشخانىسىدا تېپىك چۈشلۈك تاماقسىز بولغان شېكەرسىز كولا ۋە ماروژنىلىق ساندىۋىچ يەۋاتقىنىمدا، تېلېفون سايرىدى ۋە بىر ئېغىر يارىلانغان كېسەلنىڭ ئېلىپ كېلىنگەنلىك خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم. شۇ ھامان تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە باردىم، باشقا داۋالاش خادىملىرى كەلگۈچە، مەن قولۇمدىكى ماروژنىلىق ساندىۋىچنى كومپيۇتېرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ، كارىۋاتقا يۆلەنگىنىمچە، بىمارنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرلىرىنى يادلاشقا باشلىدىم: «ئەر، 22 ياش، موتوسىكلىت ۋەقەسىگە ئۇچرىغان، موتوسىكلىت سائەتلىك سۈرئىتى 40 مىل (يەنى 64 كىلومېتىر)، مېڭە سۆيۈقلۇقى بۇرنىغا كىرىپ كەتكەنلىك ئېھتىمالى بار...»

مەن ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرگەچ نەيچە كىرگۈزۈش ئوپېراتسىيە پەتنۇسىنى ئەپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم ۋە ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم .ئۇنىڭغا بىخەتەر ھالدا نەيچە كىرگۈزۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يارىسىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقتىم: يۈزى زەخىملەنگەن، بەدەن تېرىسى شىلىنىپ كەتكەن، كۆز قارچۇقى يوغانىغان. بىز مېڭىدىكى ئىششىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن، بىمارغا مانىتول ئوكۇلى ئۇردۇق، ھەممە ئۇنى سايىلەش ئەسۋابىغا سالدۇق، نەتىجىسى شۇكى: مېڭە سۆڭىكى

ئۈۋلىپ كەتكەن، ئېغىر قاناش كۆرۈلگەن. مەن كاللامدا ئالدىراقچان باش سۆڭەكنى قانداق يېرىپ، سۆڭەكنى قانداق تېشىپ كىرىپ، قاننى قانداق چىقىرىپ تاشلاشنى پىلانلاۋاتاتتىم. دەل شۇ پەيتتە، بىمارنىڭ قان بېسىمى تۇيۇقسىز تۆۋەنلىدى، بىز تېزلىكتە ئۇنى تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىگە قايتۇرۇپ ئاپاردۇق، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى ئوپېراتسىيە خادىملىرى ئەمدى تولۇق يىغىلىپ بولۇشىغا، بىمارنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالدى .خۇددى قۇيۇندەك جىددىيلىك ئىچىدە بىز قولىمىزدىن كەلگەن ھەممىنى ئورۇنلاپ كۆردۇق: نەيچىلەر ئۇنىڭ كۆكرىكى ۋە يوتا ئارتېرىيەسىگە كىرگۈزۈلدى، ئوكۇللار ئۇنىڭ ۋېنا تومۇرىغا ئۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ قان ئايلىنىشتىن توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆكرىكى تۈگۈلگەن مۇشتلار بىلەن بېسىلماقتا ئىدى. تەخمىنەن يىگىرمە سائەتلىك ئېلىشىشتىن كېيىن، ئاخىرى ئۆلۈمنىڭ ئۇنى ئېلىپ كېتىشىگە يول قويماي ئامالسىز بولمىدى .بېشىدىكى زەخىم ئۇ قەدەر ئېغىر بولغاچقا، بىز بىردەك، بۇ بىمارنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى ئوبدانراق بولدى دەپ پىچىرلاشتۇق.

بىمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر جەسەتنى كۆرۈش ئۈچۈن كىرىپ كەلگىنىدە، مەن تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىدىن غىپپىدە ئايرىلدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى شېكەرسىز كولا، ماروژنى ساندۇۋىچ... ۋە تاشقى بۆلۈمنىڭ تىنجىق ئىسسىقى دېگەنلەر يادىمغا چۈشتى. ئورنۇمغا جىددىي

قۇتقۇزۇشتىكى بىرەيلەننى دىجورنىلىقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بايا مەن قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز قالغان ئوغلىنىڭ جەستى ئالدىدىكى ماروژنى ساندىقچىمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خۇددى جىندەكلا تاشقى بۆلۈمدە يەنە پەيدا بولدۇم.

ماروژنى ساندىچىمنى توڭلاتقۇغا سېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىشىمغا (يەنى ئېرىپ كەتكەن ماروژنىنىڭ توڭلىشىغا) نەق يېرىم سائەت كەتتى. بىمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاخىرقى خوشلىشىش سۆزلىرىنى ئېيتىۋاتقىنىدا مەن چىشىمغا كىرىۋالغان شاكىلات دانچىلىرىنى كولىغاچ ئىچىمدە بۇ ساندۇقچ راستىنلا بوپ قويىدىكەن دەپ ئويلىدىم. شۇ تاپتا، دوختۇر بولغان بۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەخلاقىي جەھەتتە ئىلگىرىلەش تۈگۈل چېكىنىپ كەتتىمۇ، قانداق؟ دېگەن ئويلار كاللامنى چىرمىۋالدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مېدىتسىنا فاكۇلتېتىدىكى ساۋاقدىشىم لاۋرىينى ماشىنا سوقۇۋەتكەنلىكىنى ۋە بىر نېرۋا تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى دوختۇرىنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئوپېراتسىيە قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. دوختۇرلار ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا يېڭىدىن جان كىرگۈزگەن ئىكەن، لېكىن ئەتىسى ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. مېنىڭ ئۇ توغرىلىق باشقا ھېچنېمىنى بىلگۈم كەلمىدى. «بىرسى ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دەپ ئاڭلايدىغان دەۋرلەر كەلمەسكە كەتكەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدىلىكتە بۇ سۆز پەندورانىڭ سېھىرلىك قۇتىسىنى

بىراقلا ئېچىۋەتتى (تەرجىماندىن: پەندورا قەدىمىي يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى تۇنجى يارىتىلغان ئايال بولۇپ، تەڭرى زېيۇس ئۇنىڭغا بىر گۈزەل قۇتا سوۋغا قىلىپ مەڭگۈ ئاچماسلىقنى تاپىلىغان، لېكىن زېيۇس كۆزدىن غايىب بولا-بولمايلا پەندورا قىزىقماقلىقى تۈپەيلى قۇتىنى ئاچقان ۋە بۇ قۇتىدىن دۇنيادىكى بارلىق بالايى-ئاپەتلەر تۆكۈلگەن. شۇڭا قارىماققا ئادەتتىكىدەك كۆرۈنىدىغان، لېكىن ئويلاپ يەتكۈسىز ئاقىۋەت ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلار پەندورانىڭ سېھىرلىك قۇتىسى دەپ ئاتىلىدۇ.) بۇ قۇتىدىن چىققىنى ئاشۇ مەن ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان كۆرۈنۈشلەر بولدى: ئەنە چاقلىق بىمار ھارۋىسى ئېچىنىشلىق غىچىرلاپ ئوپېراتسىيەخانىغا ئېلىپ كىرىلمەكتە، تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ پوللىرى قانغا مىلەنگەن، نەيچىلەر ئۇنىڭ كانىيىدىن كىرگۈزۈلمەكتە، ئۇنىڭ يۈرىكى مۇشلانماقتا. ئۇنىڭ قوللىرى كۆزۈمگە كۆرۈنمەكتە، مانا مەن ئۆز قولۇم بىلەن پىچاقنى ئېلىپ لاۋرېنىڭ بېشىنى چۈشۈردۈم، ئوپېراتسىيە پىچىقى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يارماقتىمەن، سۆڭەك ئۈششكىسىنىڭ غىژىلدىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلانماقتا ۋە سۆڭەكتىن كەلگەن كۆيۈك پۇرىقى بۇرۇنۇمغا ئۇرۇلماقتا، سۆڭەكنى كەسكۈچە توزانلىرى توزۇپ ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرمەكتە، ئۇنىڭ بىر پارچە باش سۆڭىكىنى ئاجرىتىپ ئالغىنىمدا ھېلىقى تونۇش غىرتىدە قىلغان ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى. ئۇنىڭ چېچىنىڭ يېرىمى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، بېشى ماخچىيىپ قالغان. ئۇ ئۆزىگە زادىلا

ئوخشمايتتى، ئۇ دوستلىرى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن ناتونۇش بىرىگە ئايلىنىپ قالغان. ھە راست، ئۇنىڭ كۆكرىكىدىمۇ نەيچىلەر بار، پۇتلىرى جاغىلداپ تىترەۋاتقاندەك...

مەن قۇتىدىن ئۇنچە ئىنچىكە ئىشلارنى كۆرستىپ قويۇشنى سورىمىغان ئىدىم، ئەمما مەن يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە ھەممىنى بىلىپ بولدۇم.

نەق شۇ مىنۇتتا، ھېسداشلىقىمنى يوقاتقان بارلىق دەقىقىلەر خىيالىمغا نەلەردىندۇر پەيدا بولدى: ھېلىقى قېتىم بىمار ئەنسىرەپ تۇرسىمۇ زورلاپ دوختۇردىن چىقىپ كېتىشكە قىستىغىنىم، يەنە بىر قېتىم بىمارنىڭ باشقا تەلەپلىرىنى ئورۇندايمەن دەپ ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىغا پەرۋا قىلمىغىنىم. مەن ئازابتىن ئىڭراۋاتقان كىشىلەرنى كۆردۈم، كۆزەتتىم ۋە ئۇلارنىڭ ئازابلىرىنى چىرايلىق ئورالغان دىئاگنوزلارغا قاچىلىدىم، مانا ئەمدى ئۇلارنى قانچىلىك قىيىنغىنىنى مەن ھېس قىلالمىغان ئازابلار - ئاشۇ ئاچچىقلانغان، قىساسكار ۋە تەڭداشسىز ئازابلار قەھرى بىلەن قايتىپ كېلىپ ياقامدىن ئالماقتا. مەن ئۆزۈمنىڭ تولستويى ئەسەرلىرىدىكى پەقەت قۇرۇق شەكىلۋازلىققا، كىسەللەرنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئۆلۈك يادلاشقىلا بېرىلىپ، ئەڭ مۇھىم بولغان ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى ئۇنتۇغان دوختۇرلارنىڭ ئۆلۈك ئوبرازىغا ئايلىنىپ قىلىشتىن قورقاتتىم. («دوختۇرلار ناتاشانى ئايرىم كۆرگىلى ۋە مەسلىھەتلەشكىلى كېلىشىدۇ، كۆپرەك فرانسۇزچە، گېرمانچە ۋە لاتىنچە

سۆزلىشىدۇ، بىر-بىرىنى ئەيىبلىشىدۇ ۋە ئۆزى بىلىدىغان كېسەللەرگە ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن دورىلارنى يېزىپ بېرىدۇ، لېكىن ھېچكىم ناتاشانىڭ نېمە كېسەل بىلەن ئاغرىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ»).

يېقىندىن مېڭە راكى دەپ دىياگنوز قويۇلغان بىر ئانا مېنى ئىزدەپ كەلدى، ئۇ ئايال قايمۇققان، قورققان ئىدى. مەن بولسام چارچىغان ئىدىم، قۇلىقىمغا ھېچنېمە كىرمەيتتى. مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئالدىراپلا جاۋاب بېرىپ، ئوپېراتسىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈردۇم ۋە ئۆزۈمنى بۇ ئايالنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشكە يېتەرلىك ۋاقتىم يوقلىقىغا ئىشەندۈردۇم. لېكىن نېمە ئۈچۈن بۇ ئايالنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە ۋاقىت چىقارمىدىم؟ بىر مىجەزى چۇس مال دوختۇرى نەچچە ھەپتىگىچە دوختۇر، سېستىرالار ۋە فىزىكىلىق داۋاش ئۇستىسىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ياخشى گەپلىرىنى ئاڭلىمىدى؛ نەتىجىدە، خۇددى بىزنىڭ ئاگاھلاندۇرغىنىمىزدەك، ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى يارىسى يېرىلىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئوپېراتسىيەخانىغا ئەپچىقىپ، يېرىلغان يارا ئېغىزىنى تىكىپ قويدۇم.

ئۇ ئاغرىقتىن چىقراپ كەتكىنىدە ئىچىمدە، خوپ بولدى، دەپ ئويلايتتىم . ئەمەلىيەتتە ھېچكىمگە ھېچقاچان خوپ بولمايتتى.

ۋىليام كارلوس بىلەن رىچارد سېلزېرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياخشى قىلالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، كۆڭلۈم ئازراق ئارام تاپتى ۋە تېخىمۇ ياخشى قىلىشقا قەسەم قىلدىم .

تراگېدىيەلەر ۋە مەغلۇبىيەتلەر ئارىسىدا، مەن كىشىلىك مۇناسىۋەتكە، بىمار بىلەن تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئەمەس، بەلكى بىمار بىلەن دوختۇر ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە سەل قاراشتىن قورقاتتىم. بىر دوختۇرغا نىسبەتەن، تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى يېتەرلىك ئەمەس .پىراكتىكانت دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قىلىش ئەمەس (چۈنكى ھەممە ئادەم ھامان ئۆلىدۇ)، بەلكى بىمار ياكى بىمارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۆلۈم ياكى كېسەللىكنى چۈشىنىشكە يېتەكلەش. بىمار ئەجەللىك مېڭە قاناش سەۋەبلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نېرۋا تاشقى كېسەللىك دوختۇرى بىلەن قىلىشقان تۇنجى سۆھبىتى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ بىمارنىڭ ئۆلۈمىنى قانداق ئەستە تۇتۇشىلىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تىنچ ھالدا سەۋر قىلىشتىن »)بەلكىم ئۆمرى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ» دەپ قاراشتىن) تارتىپ ئوچۇق ئاشكارا ئۆكۈنۈشكىچە («بۇ دوختۇرلار گېپىمىزنى ئاڭلىمىدى، ئۇلار ھەتتا ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ باقمىدى!») ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغاندا، تىل تاشقى كېسەل دوختۇرلىرىنىڭ بىردىنبىر قورالى بولۇپ قالىدۇ .

ئېغىر مېڭە زەخىمىسى ئېلىپ كېلىدىغان ئۆزگىچە ئازابلارنى تولۇقى بىلەن چۈشىنەلەيدىغانلار پەقەت دوختۇرلارلا ئەمەس ئىدى، كۆپىنچە

ھاللاردا بۇ خىل زەخىم كەلتۈرگەن ئازابنى بىماردىن بەكرەك ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تارتاتتى .بۇنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك كىشىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ، ئېغىر مېڭە زەخىمىسىگە ئۇچرىغان كىشىلەرمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى. ئۇلار ئۆتمۈشنى ئەسلەيدۇ، ئۇلارنىڭ كونا خاتىرىلىرى كۆز ئالدىدا قايتا نامايەن بولىدۇ، ئۇلار مۇھەببەتنى قايتىدىن ھېس قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان بەدەن (جەسەت) ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەن كەلگۈسىدىكى مۇمكىنچىلىكلەرنى كۆرۈپ يېتەلەيتتىم، يەنى نەپەسلىنىش ماشىنىسىنىڭ بويۇندىن ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېچىلغان ئېغىز بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانلىقىنى، بەل قىسمىغا ئېچىلغان تۆشۈكتىن مەلھەمسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ بەدەنگە كىرگۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى، بەلكىم ئۇزاق مۇددەتلىك، ئازابلىق ۋە پەقەت ئازراقلا ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىنلىكى، ھەتتا بەزىدە ئۇلار بىلىدىغان كىشىنىڭ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. بۇ دەقىقىلەردە مەن ئادەتتىكىدەك ئۆلۈمنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم ئەلچىسى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتىم. بىمارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئۇلار بىلىدىغان مۇكەممەل، ھەممە ئىشتا مۇستەقىل ئىنسانىنىڭ پەقەت ئۆتمۈشتىلا قالغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزى گەپ قىلالىغان بولسا قانداق بىر كەلگۈسىنى تاللايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلىشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈشۈمگە توغرا كېلەتتى.ئەگەر ياش

ۋاقتىمدا تېخىمۇ تەقۋادار بولغان بولسام، بەلكىم ھازىر بىر باستىر بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى، چۈنكى بۇ دەل مېنىڭ نەزىرىمدىكى باستىرنىڭ ئوينايدىغان رولى ئىدى.

***

مەن قايتا دىققىتىمنى ئاغدۇرۇپ ھېس قىلسام، ۋاقىپ رازىنامىسى، يەنى بىمار كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلغانلىقىقا قويۇپ بېرىدىغان ئىمزاسى - ھەرگىزمۇ يېڭى دورا ئېلاندىكى بارلىق خەۋپلەرنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە تونۇشتۇرىدىغان چۈشەندۈرۈشكە ئوخشاش ئەدلىيە مەجبۇرىيىتى بولماستىن، بەلكى كېسەللىك ئازابىنى تارتىۋاتقان قېرىنداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىق كېلىشىمى تۈزىدىغان ياخشى پۇرسەت ئىكەن.بىز بىرلىكتە تىرىشىمىز، بۇ بىزنىڭ چىقىش يولىمىز - گەرچە بۇ خەۋپلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياخشى نەتىجىگە كاپالەتلىك قىلىمەن. پىراكتىكانت دوختۇرلۇق ھاياتىم بۇ باسقۇچقا كەلگەندە خىزمەت ئۇنۇمىم ئاشتى، تەجرىبەممۇ كۆپەيدى. مەن ئاخىرى ئازراق تىنىۋالغۇدەك، ئۆز ھاياتىمنى ئۇنچىۋالا مۇھىم دەپ قارىمايدىغان، بىمارلىرىمنىڭ سالامەتلىكىگە بولغان تولۇق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالالايدىغان بولدۇم.خىياللىرىم داۋامىدا يۆتكەلدى. تېبابەت ئوقۇغۇچىسى بولغاچ، لۇسي ئىككىمىز داۋامىنىڭ كېڭەيمەندىكى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىمارلىرىغا تەسەللى ۋە

ئازادلىك ئىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. يۈرەك ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇپ يېڭىلا ئويغانغان بىر ئايالدىن: «قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ يەيدىغان بىرەر نەرسە ئەكىلىپ بېرەيمۇ؟» دەپ سورىدى دادام».

«نىمە بولسا مەيلى»، دېدى ئۇ ئايال، «قورسىقىم ئېچىپ كەتتى».

«ئۇنداقتا، چوڭ راك بىلەن كالا گۆشى بۇيرۇتايمۇ؟» دېدى ۋە تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ سېسترالار پونكىتىغا تېلېفون قىلىپ، «مېنىڭ بىمارىمغا چوڭ راك بىلەن كالا گۆشى ئەكېلىپ بېرىڭلا!» دېدى ۋە بىمارغا بۇرۇلۇپ «ھازىرلا كېلىدۇ، لېكىن قارىماققا كۈرۈك توخۇ گۆشىدە قىلغان ساندىۋىچقا ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن.» دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ چىقىشقاقلىقى، بىمارلىرىغا بولغان ئىشەنچىسى ئىزچىل ماڭا ئىلھام بېرىپ كەلمەكتە. 35.ياشلىق بىر ئايال ئېغىر كېسەللەر پەرۋىشخانىسىدا (ICU) ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئايال سىڭلىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگىلى نەرسە كېرەك سېتىۋالغىلى چىققاندا، تۇتقاقلىق كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قاپتۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بىر ياخشى سۈپەتلىك ئۆسمە چوڭ مېڭىسىنىڭ ئوڭ ماڭلاي قىسمىنى بېسىۋالغان ئىكەن .ئوپېراتسىيەنىڭ خەتىرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ بىر ياخشى سۈپەتلىك ئۆسمە بولۇپ، ئۆسمىنىڭ ئورنىمۇ ياخشى ئىدى، ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىنى ساقايتقىلى بولاتتى. ئەگەر

ئوپېراتسىيە قىلمىسا بىر ئۆمۈر ئەكس تەسىرى كۆچلۈك تۇتقاقلىق دورىسى يېيىشكە توغرا كېلەتتى. لېكىن مەن ئۇ ئايالنىڭ مېڭە ئوپېراتسىيەسىدىن ھەممىدىن بەك قورقۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىگە تونۇش قايناق سودا بازىرىدىن تۇيۇقسىزلا ھەرخىل سىگنال ئاۋازلىرى ۋە دېزىنفېكسىيە پۇرىقى بىلەن تولغان ناتونۇش ئېغىر كېسەللەر پەرۋىشخانىسىغا (ICU)كېلىپ قالغاچقا ئۆزىنى ناھايىتى غېرىب ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم .ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ئوپېراتسىيەنىڭ خەتىرى ۋە ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى قالدۇق ئاسارەتلەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرسەم، ئۇ ئوپېراتسىيەنى رەت قىلىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلمايدىغانلىقى توغرىسىدا جەدۋەلگە ئىمزا قويغۇزۇپلا، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم تۈگەيدى، دەپ قاراپ، كېيىنكى بىمارنى قوبۇل قىلسامىمۇ بولاتتى. لېكىن ئەكسىچە مەن ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە چاقىرىپ، تىنچ ئولتۇرۇپ ئوپېراتسىيە قىلىش ۋە قىلماسلىق توغرىسىدا ئەستايىدىل پاراڭلاشتۇق.

پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئۇ يۇزلەنگەن زور تاللاشنىڭ بارا-بارا قىيىن لېكىن چۈشىنىشلىك بولغان قارارغا ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن ئۇنى بىر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە قاتارىدا ئەمەس بەلكى بىر ئادەم قاتارىدا كۆردۇم. ئاخىرىدا ئۇ ئوپېراتسىيە قىلىشنى تاللىدى، ئوپېراتسىيە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆيىگە قايتتى، تۇتقاقلىق

كىسەلنى قايتا قوزغالمىدى. ھەرقانداق ئېغىر كېسەللىكە گىرىپتار بولغان بىمار، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. لېكىن مېڭە كېسەللىكلىرىنىڭ يەنە تېخىمۇ غەلىتە ۋە چۈشىنىكسىز ئاقىۋەتلىرى بار. ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاسايىشلىق دۇنياسىنى ئاللىبۇرۇن ئۆزگەرتىۋەتتى؛ بىمارنىڭ تېنى ئىسسىق، يۈرىكى تېخى سوقۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مېڭىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى چۈشىنىش نېمە دېگەن قىيىن؟ ئاپەتنىڭ يىلتىزى بىر يۇلتۇزنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، نېرۋا تاشقى بۆلۈم دوختۇرىنىڭ دىياگنوزىنى ئاڭلىغان چاغدىكى ھېسسىياتنى، پەقەت بىمارنىڭ شۇ سۆزنى ئاڭلىغان دەقىقىدىكى كۆزلىرىلا ئەڭ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيتتى. بەزىدە بۇ دىياگنوز چوڭ مېڭىگە شۇنداق چوڭ زەربە بولىدۇكى، بۇنىڭ تەسىرىدە چوڭ مىڭىدە ئېلېكتىر سىگنال ئۈزۈلۈپ قىلىش ھادىسىسى يۈز بېرىش مۇمكىن. بۇ خىل ھادىسە» پىسخىكىلىق» ئۇنىۋېرسال كېسەللىكى دېيىلىدىغان بولۇپ، يامان خەۋەر ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېغىر دەرىجىدە ئايلىنىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ھىندىستاننىڭ چەت-ياقا يۇرتلىرىدىن تۇرۇقلۇق 1960-يىللاردا ئۇنىڭ ئوقۇشىنى قوللىغان دادىسىنىڭ دوختۇرخانىدا ئۇزۇن مۇددەت يېتىپ ئاخىرى تۈگەپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئانام ئالىي مەكتەپتىكى يالغۇز كۈنلىرىدە ئاڭلايدۇ ۋە بۇ ئۇشتۇمتۇت خەۋەرنىڭ زەربىسىدە پىسخىك تۇتقاقلىق كېسىلى بولۇپ قالىدۇ. بۇ تۇتقاقلىق تاكى ئۇ دادىسىنىڭ تەزىيە

مۇراسىمغا قاتناشقۇچە داۋام ئەتكەن ئىكەن. بىمارلىرىمنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ مېڭە راكىغا گىرىپتا بولغىنىنى ئاڭلاپلا ھوشىنى يوقاتقان ئىدى. مەن لابراتورىيىلىك تەكشۈرۈش، ئېلېكتىر دىئاگرام، مېڭە سايىلەش قاتارلىق بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنى قىلغۇزغان بولساممۇ، ئۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى ئېنىقلاشقا ئامال بولمىدى. ئاخىرى كارغا كەلگەن سىناق بولسا ئەڭ ئاسان سىناق بولۇپ چىقتى: مەن بىمارنىڭ بىلىكىنى يۈزىنىڭ ئۈستىگە ئەكەپلا قولۇمنى قويۇپ بەردىم. پسىخىكىلىق ھوشسىزلانغان بىمار ئادەتتە دەل ئۆزىنىڭ ئۇرۇپ سېلىشتىن ساقلانغۇدەك دەرىجىدىكى ھۇشيارلىقنى ساقلىيالايتتى. بۇ خىل بىمارلارنى داۋالاش ئۇچۇن بىمارنى ئىلھاملاندۇرىدىغان گەپلەرنى تاكى بىمارغا تەسىر قىلىپ ھوشىغا كەلگەنگە قەدەر سۆزلەۋېرىشكە توغرا كېلەتتى.

مېڭە راكىنىڭ ئىككى ۋارىيانتى (تۈرى) بار ئىدى: يەرلىك ئۆرۈندىكى راك ۋە ئۆسمە كۆچۈشتىن كېلىپ چىققان مېڭە راكى. بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكىسى بەدەننىڭ باشقا ئورۇنلىرىدىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنىڭ كۆچۈشىدىن، بولۇپمۇ ئۆپكە راكىنىڭ كۆچۈشىدىن پەيدا بولاتتى. ئوپېراتسىيە بۇ كېسەلنى يىلتىزىدىن ساقايتالمايدۇ، ئەمما بىمارنىڭ ھاياتىنى ئۇزارتىدۇ؛ كۆپىنچە كىشىلەر ئۇچۇن، مېڭىدە راكى بار دېگەنلىك بىر-ئىككى يىل ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. لى خانىم ئاتمىشقا ئۇلىشاي دەپ قالغان، يۈز ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر دوختۇرخانىدىن

ئىككى كۈن ئاۋۋال مېنىڭ پەرۋىشىمگە كۆچۈرۈلگەن، سۇس يېشىل كۆزلۈك ئايال ئىدى. ئۇنىڭ يولدىشى چاقماق كۆينىكىنى پادىچىلار ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ كىيىۋالغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ يېنىدا جىددىيلەشكىنىدىن توختىماي تويلۇق ئۈزۈكى بىلەن ھەپىلىشىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغىنىمدا لى خانىم ماڭا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى: ئالدىنقى نەچچە كۈندىن بېرى، ئۇ ئوڭ قولىنىڭ چىملداۋاتقىنىنى ھېس قىلىدۇ، كەينىدىنلا ئوڭ قولىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ، ئاخىرى ئۇ جىلتكىسىنىڭ تۈگمىسىنىمۇ ئېتەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەن بولۇش ئېھتىماللىقىدىن ئەنسىرەپ دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى جىددىي قۇتقۇزۇشقا بارىدۇ. ئۇ يەردە ئۇ ماگنىتلىق رېزونانسلىق سايىلەش ماشىنىسىغا چۈشكەندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتىلىدۇ.

«بىرەرى سىزگە سايىلەش سۈرەتلىرىدە نېمىنىڭ كۆرسىتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىمۇ؟» دەپ سورىدىم مەن. «ياق».

دېمەك، ھەممەيلەن بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى يەتكۈزۈشتىن ياغلىق قاپاقتىن قاچقاندەك بىر-بىرىگە ئىتتىرىشىپ قويۇشقان ئىكەن. كۆپىنچە ۋاقىتتا، بىز ئۆسمە كېسەللەر دوختۇرى بىلەن شۇم خەۋەرنى يەتكۈزۈش كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكى ھەققىدە قىزىرىشىپ قالاتتۇق. مەن قانچە قېتىملاپ شۇنداق قىلدىم؟ بولدى، بۇنداق تالىشىش مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن،

دەپ ئويلىدىم. مەن «خوپ» دېدىم. مەن «بىزنىڭ دېيىشىدىغان گەپلىرىمىز ناھايىتى كۆپ، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسە سىز ئۆزىڭىزگە نېمە ئىش بولدى دەپ ئويلىغىنىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ بىرەر سوئالىڭىز جاۋابسىز قالمىسۇن ئۈچۈن، سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزنى ئاڭلاپ بېقىشىنىڭ ماڭا كۆپ ياردىمى تېگىدۇ.»

«شۇ، مەن ئەسلى مېڭەمگە قان چۈشكەن ئوخشايدۇ دېگەن، قارىسام ئەھۋال ئۇنداق ئەمەستەك تۇرامدۇ نېمە؟» «توغرا دېدىڭىز، مېڭىڭىزگە قان چۈشمەپتۇ» بىر ھازا توختىۋالدىم مەن. مەن ئۇ بىر ھەپتە بۇرۇن ياشىغان ھايات بىلەن ئەمدىلىكتە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ھايات ئوتتۇرىدىكى ھاڭدەك زور پەرقنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم. لى خانىم ۋە يولدىشى مېڭە راكى دېگەن بۇ سۆزنى ھەر قانداق باشقا بىر كىشىدەكلا ئاڭلاشقا ھازىر ئەمەستەك قىلاتتى. شۇڭا مەن بىر قانچە قەدەم ئارقىغا يېنىپ ئالدىرىماي ئېغىز ئاچماقچى بولدۇم .

«مېڭە سايىلەش سۈرەتلىرىدىن قارىغاندا مېڭىڭىزدە بىر كاللەك گۆش ئۆسۈپ قاپتۇ، دەل شۇ نەرسە سىزدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ». ئۆيدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. «سايىلەش سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ باققۇڭىز بارمۇ؟» «ماقۇل ». مەن كارىۋات يېنىغا قويۇلغان كومپيۇتېردا سۈرەتلەرنى ئاچتىم ۋە ئۇنى سۈرەتنىڭ ئاستى-ئۈستىنى ئېنىقراق بىلىۋالسۇن دەپ، بۇ بۇرنىڭىز، بۇ كۆزىڭىز، بۇ قۇلىقىڭىز دەپ

كۆرسەتتىم. ئاندىن مەن رەسىمنى ئۈستىگە سىيرىپ مېڭىدىكى چىرىپ كەتكەن قارا يەرنى ئوراپ تۇرغان ئاق رەڭلىك كاللەك ئۆسمىگە توغرىلىدىم . «نىمە بۇ؟» دەپ سورىدى ئۇ. «ھەر نىمە بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ياللۇغلىنىپ قالغان چىغى، بۇنى پەقەت ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئاندىن بىلەلەيمىز.» مېنىڭ سوئالدىن قېچىش خاھىشىم يەنىلا كۈچلۈك ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ يۈزىدە جىلۋىلەنگەن ئەنسىرەش ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. «ئوپېراتسىيە قىلمىغۇچە بىز ئېنىق بىر نىمە دېيەلمەيمىز» دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم مەن، «ئەمما بۇ نەرسە قارىماققا مېڭە ئۆسمىسىگە بەكلا ئوخشاپ كېتىدىكەن» «بۇ راكما؟» «يەنە دېسەم، بىز ئوپېراتسىيە ئارقىلىق بۇ نەرسىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئەۋرىشكە ئېلىپ پاتولوگىيەلىك (كېسەل كېلىپ چىقىش ئىلمى بويىچە) تەكشۈرۈش قىلغاندىلا ئاندىن تولۇق جەزملەشتۈرەلەيمىز. ئەمما مېنى زادى پەرەز قىلىپ باق دېسىڭىز، شۇنداق، بۇ راستىنلا مېڭە راكىغا ئوخشايدىكەن خانىم.»

# 9-قىسىم

سايىلەش سۈرەتلىرىدىن قارىغاندا مەنچە بولسا بۇ شۈبھىسىزكى مېڭە راكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىرى بولغان جاھىل خاراكتېرلىك شىلىمسىمان نېرۋا ھۈجەيرە راكى ئىدى. شۇنداق، مەن لى خانىم ۋە ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ ئېپادىسىگە قاراپ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قەدەم ئالدىم. شۇنداقتىمۇ، مېڭە راكى بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلار باشقا گەپلەرنى ئېسىدە تۇتماسلىقى ئېنىق. بىر تەلەگكە تىراگېدىيەدىن، ئەڭ ياخشىسى بىر قوشۇقتىن بۆلۈپ خەۋەردار بولۇش ئاقلانىلىك ئىدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى بىمارلارلا ھەممىنى تولۇق ئاڭلاشنى تەلەپ قىلاتتى، كۆپىنچىسى ھەزىم قىلىشى ئۈچۈن ئازراق ۋاقىتقا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇلار كېسەلنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە سوئال سورىمىدى، ياخشى يېرى بۇ كېسەل جەددىي زەربە خاراكتېرىدىكى كېسەللەردەك ئون مىنۇت ئىچىدە چۈشەندۈرۈپلا دەرھال بىر قارارغا كەلمىسە بولمايدىغان جەددىي كېسەل بولمىغاچقا، مەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىشىغا سەل ۋاقىت بەردىم. مەن كەلگۈسى بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئۇلارنى نىمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم: يەنى، ئوپېراتسىيەنىڭ جەريانى؛ بىز گۆزەللىك نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ پەقەت ئۇنىڭ ئازراقلا چېچىنى قىرىۋېتىدىغىنىمىز؛ ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ سەل ئاجىز بولۇپ قىلىپ يەنە

ئەسلىگە كېلىدىغانلىقى؛ ھەممە ئىش ئوڭغا تارتىپ قالسا ئۇنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا دوختۇرخانىدىن چىقىدىغانلىقى؛ بۇنىڭ تېخى مارافوندىكى تۇنجى قەدەم ئىكەنلىكى؛ ئارام ئېلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى؛ ئۇلارنىڭ مەن باياتىن بىرى دېگەن گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئەستە تۇتۇشقا مەجبۇر ئەمەسلىكى ۋە مېنىڭ بۇ گەپلەرنى ھەر ۋاقىت ئۇلارغا تەكرارلاپ بېرىدىغانلىقىم دېگەندەكلەر.

ئوپېراتسىيەدىن كېيىن، بىز يەنە پاراڭلاشتۇق، بۇ قېتىم بىز خىمىيەلىك داۋالاش، رادىياتسىيەلىك داۋالاش ۋە كېسەلنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە مۇزاكىرىلەشتۇق. بۇ كەمگىچە مەن بىر قانچە قائىدىلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. بۇنىڭ بىرىنچىسى، تەپسىلىي ئۆلچەملەشكەن ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار تەتقىقات ئورۇنلىرىدا سۆزلەشكە ماس كېلىدۇ، بالنىستتا ئەمەس. ئۆلچەملەشكەن ئىستاتىستىكىلىق مەلۇمات ھېسابلىنىدىغان كاپلان-مايىر ئەگرى سىزىقى ۋاقىت ئوقى بويىچە ھايات قالىدىغان بىمارلارنىڭ سانىنى ئۆلچەيدۇ. بۇ بىز كېسەلنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە كېسەلنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى بىكىتىشتە ئىشلىتىدىغان ئۆلچەم ئىدى. شىلىمسىمان نېرۋا ھۆجەيرىسى راكىغا كەلسەك، بۇ ئەگرى سىزىق جىددىي تۆۋەنلەيدۇ ۋە ئىككى يىلدىن كېيىن ھايات قالىدىغان بىمارلارنىڭ نىسبىتى ئاران بەش پىرسەنت بولىدۇ. ئىككىنچىسى، دەل توغرا بولۇش مۇھىم، ئەمما چوقۇم بىمارغا ئۈمىد قالدۇرۇش زۆرۈر. «بۇ كېسەلنىڭ ئوتتۇرىچە ھايات قېلىش

ۋاقتى ئاران 11 ئاي» ياكى «سىزنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىڭىز 95%» دېگەننىڭ ئورنىغا، مەن «بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كۆپ قىسىم بىمارلار ئۇزۇن ئايلار ھەتتا نەچچە يىللار ياشايدۇ» دەيتتىم. مەنچە بۇ تېخىمۇ سەمىمىي بىر ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىدى. مەسىلە شۇكى، مەلۇم بىر بىمارنىڭ بۇ ئەگرى سىزىقنىڭ قايسى يېرىگە توغرا كېلىدىغىنىنى ئېيتىپ بەرگىلى بولمايتتى: ئۇ ئالتە ئايدا ئۆلۈپ كېتەمدۇ ياكى ئاتمىش ئايدىمۇ؟ خۇلاسىلىشىمچە، نەق دېگىلى بولىدىغاندىنمۇ ئاشۇرۇپ دەل توغرا سانني دېيىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزى بىر مەسئۇلىيەتسىزلىك. دەل ساننى دەپ بېرىدىغان ئاتالمىش ئەپسانىچى دوختۇرلار (مەسىلەن، ماڭا نەق ئالتە ئاي ئۆمرۈم قالغىنىنى دېگەن دوختۇر) زادى قانداق ئادەملەر؟ ئۇلارغا ئىستاتىستىكا دەرسىنى كىممۇ ئۆگەتكەن بولغۇيتتى؟ دەپ ئويلىنىپ قالاتتىم.

خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، بىمارلار كۆپىنچە سۈكۈت ئىچىدە تۇرىدۇ. (دېگەن بىلەن، بىمار دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى جاپا-مۇشەققەتكە قاقشىماي چىدىغۇچى، ئەمەسمۇ.) كۆپىنچە ھاللاردا غۇرۇرىنى ساقلاش ياكى ھەيرانۇ-ھەس قىلىش سەۋەبىدىن بۇ خىل شۇم خەۋەرلەر تېشىلگەندە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى ۋە بىمارنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆزلەش ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولۇپ قالاتتى. پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى (ئادەتتە بىمارنىڭ ئۆزى ئەمەس بەلكى

جورىسى) دەرھال قەتئىي ئىرادىگە كېلەتتى ۋە: «بىز بۇ كېسەل بىلەن كۈرەش قىلىمىز ۋە چوقۇم يېڭىپ چىقىمىز، دوختۇر» دەپ ئىپادە بىلدۈرەتتى. بىمارلارنىڭ كېسەلگە قارشى قوراللىنىشىنىڭ تۈرلىرى كۆپ ئىدى، بەزىلىرى دۇئا قىلىشقا چۈشسە، بەزىلىرى ئۆسۈملۈك دورىلاردىن، يەنە بەزىلىرى غول ھۈجەيرىلەردىن شىپا ئىزدەشكە تەمشىلەتتى. بۇ خىل قەتئىيلىك ماڭا جانان چىنىدەك نازۇك ۋە يۈرەكنى ئېزىدىغان ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەھكەم يېپىشۋالغان، ئەمما رېئاللىقتىن تولىمۇ يىراق ئۈمىدۋارلىق بولۇپ تۇيۇلاتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئوپېراتسىيەدىن يېڭى چىققاندا ئۇرۇشقا تۇتقاندەك قەتئىي روھنىڭ بولۇشى ئوبدان ئىش ئىدى. كۆزنىتىش ئۆيىدە قېنىق كۈلرەڭلىك چىرىۋاتقان ئۆسمە، خۇددى يۇمران مېڭە پۈرمىلىرىنىڭ ياۋۇز تاجاۋۇزچىسىدەك كۆرۈنەتتى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ غەزىپىم كېلەتتى (قولۇمغا چۈشتۈڭ مانا ھۇ ئاناڭنى، دەپ ئىچىمدە تىللايتتىم). گەرچە ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان راك ھۈجەيرىلىرى ساغلام كۆرۈنىدىغان مېڭە رايونلىرىغا تاراپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆسمىنى كېسىپ تاشلاش كىشىگە يەنىلا بىر خىل قانائەتلىنىش تۇيغۇسى بېغىشلايتتى.

ئۆسمىنىڭ ئاساسەن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان قايتا بىخلىنىشىنى باشقا بىر كۈندە چۈشەندۈرۈش كېرەك ئىدى. بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا سالغىلى بولمايدۇ-دە. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئوچۇق

سۆزلۈك ھەرگىزمۇ بارچە چوڭ ھەقىقەتلەرنى بىراقلا تۆكمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئەمەس، بەلكى بىمارنىڭ غېمى تاغدىمۇ-باغدىمۇ دېگەننى چۈشەنگەن ئاساستا ئۇلارغا راست گەپنى ئىمكانىيەت يول قويغان دائىرىدە چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرەتتى.

شۇنداقتىمۇ، كىشلەر ئارىسىدىكى ئۇچۇق سۆزلۈكنىڭ مەلۇم بەدىلى بولاتتى.

ئۈچىنچى يىلىنىڭ بىر ئاخشىمى، مەن جەف بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇمۇ ئوخشاشلا جاپالىق ۋە تەلىپى يۇقىرى بولغان بىر كەسىپتە يەنى ئومۇمىي تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىدە ئىدى. ئىككىلىمىز قارشى تەرەپتىكى چۈشكۈنلۈكنى سەزدۇق. «سەن ئاۋۋال دېگىن» دېدى جەف. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر بالىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ بالا مېڭىسىگە ئوق تېگىپ دوختۇرخانىغا كەلگەن ئىدى، بىز قۇتقۇزۇشلىشقا شۇنچە تىرىشساقمۇ تىرىلەي دەپ قىلىپ ئاخىردا يەنىلا ئۆلۈپ كەتتى... يېقىنقى جانغا زامىن بولىدىغان ۋە ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكىلى بولمايدىغان مېڭە ئۆسمىسىنىڭ دىياگنوزىنى ئالغان ماڭا نىسبەتەن بۇ بالىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ ساقىيىپ كېتىشى مېنىڭ ئۈمىد چىرىغىم بولۇپ قالغان ئىدى، ئەمما بۇ بالا مەغلۇپ بولغان ئىدى. جەف جىمىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشنى كۈتۈپ تۇردۇم. ھېكايە سۆزلەش ئورنىغا ئۇ تۇساتتىن كۈلۈپ كەتتى ۋە بىلىكىمنى نوقۇپ تۇرۇپ:

«بوپتۇ، بولغان بىر نەرسە ئۆگەنگەن بولدۇم، بۇندىن كېيىن خىزمەتتە كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالسا، روھىمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىرەر نىرۋا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بىلەن مۇڭداشسام بولغۇدەك.»

شۇ كۈنى يېقى يەكشەنبە بىر ئانىغا ئۇنىڭ بوۋىقىنىڭ بىشى يوق تۇغۇلغانلىقى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بولۇپ، كەچتە ئۆيگە ماشىنىلىق ماڭغاچ رادىيونى ئاچتىم، ئامېرىكا مەركىزى رادىيو ئىستانسىسىدا كالىفورنىيەدە داۋاملىشىۋاتقان قۇرغاقچىلىق ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز، ياشلىرىم تاراملاپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى.

مۇشۇ مىنۇتلاردا بىمارلار بىلەن بىللە بولۇش بەلگىلىك روھىي بېسىم ئېلىپ كېلەتتى، ئەمما بۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. مەن ئەزەلدىن بىرەر دەقىقە سەرپ قىلىپ نىمە ئۈچۈن بۇ خىزمەتنى قىلىۋاتقىنىم ياكى بۇنىڭ ئەرزىش-ئەرزىمەسلىكى ھەققىدە ئويلىنىشىپ ئولتۇرمىغان ئىدىم. بىر جاننى ساقلاپ قېلىش، جاننىلا ئەمەس ئۇنىڭ كىملىكىنى ھەتتا بىرىنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئۆزى سۆز كەتمەيدىغان بىر مۇقەددەس ئىش ئىدى.

بىمارنىڭ مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن بۇرۇن، مەن چوقۇم ئۇنىڭ ئېڭىنى، كىملىكىنى، قىممەت قاراشلىرىنى، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ نىمە قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا قانداق بىر ئېغىر ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ

ئاخىرلىششىغا يول قويۇشنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىم كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم. مېنىڭ ئوپېراتسىيەدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بېغىشلىغان يۈرەك قېنىمنىڭ بەدىلى ئېغىر بولدى، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مەغلۇبىيەت مېنى چىدىغۇسىز گۇناھكارلىق تۇيغۇسىغا مەھكۇم قىلاتتى. مېدىتسىنا ئىلمى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس ۋە مۇمكىنسىز ئىدىكى: سىز باشقىلارنىڭ ئازابلىرىنى زىممىڭىزگە ئېلىشىڭىز ۋە بۇ ئازابنىڭ ئېغىرلىقىدىن يەر بىلەن يەكسان بولۇشتەك ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

دوختۇرلۇق پراكتىكىسىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، قوشۇمچە تەربىيىلەشكە مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىلاتتى. مېدىتسىنا ئىلمىگە يىگانە خاس بىر ئالاھىدىلىك، نېرۋا تاشقى كېسەللەر ئىلمىنىڭ جېنى بولسا ھەممىدە ئىلغارلىقنى قوغلىشىش ۋە بۇ ئىلمىنىڭ ئۆزىدىلا ئىلغارلىقنى ساقلاشنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىدە ئىپادىلىنەتتى. بۇ ساھەنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، نېرۋا تاشقى كېسەللەر دوختۇرلىرى چوقۇم ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىشى ۋە باشقا ساھەلەردىمۇ كامالەتكە يېتىشىگە توغرا كېلەتتى. بەزىدە بۇ خىل تىرىشىش ئاممىغا ئاشكارىلىنىدۇ، مەسىلەن، نېرۋا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى ۋە ژۇرنالىست سانجاي گۇپتانىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىدى. ئەمما كۆپىنچە ئەھۋاللاردا دوختۇرلار ئۆزىنىڭ ساھەسىگە يېقىن كېلىدىغان ساھەلەرگىلا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئەڭ جاپالىق ۋە ئەڭ

ھۆرمەتكە سازاۋەر يول دەل بىرلا ۋاقىتتا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى ۋە نېرۋولوگىيە ئالىمى بولغانلارنىڭ تۇتقان يولى ئىدى.

تۆتىنچى يىلىمدا، مەن ئىستانفوردتىكى بىر مەخسۇس ھەرىكەت نېرۋا بىئولوگىيىسى ۋە نېرۋا سۈنئىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان، مەسىلەن پالەچ بولۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ كومپيۇتېر مائۇسى ياكى ماشىنا ئادەم بىلىكىنى ئاڭ بىلەن كونترول قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان تېخنىكىلارنى چىقىرىشقا مەركەزلەشكەن بىر تەجرىبىخانىدا ئىشلەشكە باشلىدىم. تەجرىبىخانىمىزنىڭ يېتەكچىسى بولسا ماگىا ئوخشاش ئىككىنچى ئەۋلاد ھىندىستانلىق بولۇپ، ئۇ ئېلىكتېر ئىنژېنىرلىقى ۋە نېرۋا بىيولوگىيە پروفېسسورى ئىدى. كۆپچىلىك يېقىملىق قىلىپ ئۇنى «V» دەپ ئاتىشاتتى. V مەندىن يەتتە ياشلا چوڭ ئىدى، ئەمما بىز ئاكا-ئىنىلەردەك چىقىشىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ تەجرىبىخانىسى مېڭە سىگناللىرىنى ئوقۇش ساھەسىدە دۇنيانىڭ يېتەكچىسىگە ئايلىنىپ قالدى، ئەمما ئۇنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەن بىر قارىمۇ-قارشى تەتقىقات تۈرىنى باشلىۋەتتىم: يەنى تەتقىقات تېمام «قانداق قىلىپ مېڭىگە سىگناللارنى يوللاش» ئۈستىدە ئىدى. دېگەن بىلەن، ئەگەر ماشىنا ئادەم قولى ئىشلەتكۈچى بىر قىزىل ھاراق ئىستاكانىنى قانچىلىك قاتتىق تۇتقانلىقىنى سېزەلمىسە، ئۇ ھالدا ئۇ چوقۇملا نۇرغۇن ئەينەك ئىستاكانلارنى سۇندۇرۇپ قوياتتى، ئەمەسمۇ. مېڭىگە سىگنال

يوللاش ياكى «نېرۋا كونتروللاش» ساھەسىنىڭ ئىشلىتىلىشچانلىقى بۇنىڭدىن كۆپ كەڭرى ئىدى: مېڭە سىگناللىرىنى كونترول قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق دېگەنلىك بىر قاتار نۆۋەتتە داۋاسى يوق ياكى بويسۇندۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتقان نېرۋا ۋە روھىي كېسەللەرنى داۋالاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىنىمىزدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ كېسەللەر خامۇشلۇق كېسىلىدىن تارتىپ خانىتىڭتون كېسىلىگىچە، ئېلىشىپ قىلىشتىن تارتىپ تورېت يېغىندا كېسەللىكى، ھەتتا بىتاقەتلىك كېسىلى... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تېخنىكا كېسەل داۋالاشقا چەكسىز ئىمكانىيەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. مەن ئەمدى ئوپېراتسىيەنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، گېنېتىكىلىق داۋالاشتىكى يېڭى تېخنىكىلارنى «شۇ تۆردىكى تۈنجى قېتىملىق» تەجرىبىلەردە سىناق قىلىپ قوللىنىشقا ئاتلانغان ئىدىم.

بۇ تەجرىبىخانىدا بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن، V بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەپتىلىك كۆرۈشۈشلىرىمىزنىڭ بىرىدە يەنە سۆھبەتنى باشلىدۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن قىلىشىدىغان بۇ سۆھبەتلەرنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. V مەن تونۇيدىغان باشقا ئالىملارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ يۇمشاق سۆزلەيتتى، باشقا كىشىلەر ۋە كلىنىكا خادىملىرىنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۇ ماڭا نەچچە قېتىم ئۆزىنىڭمۇ بىر تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بولغۇسى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى. شۇنى چۈشىنىپ

يەتتىمكى، ئالىملىق بولسا بىر خىل سىياسىيلىققا ئىگە، شىددەتلىك رىقابەتكە تولغان، كىشىنى ھارغۇزىدىغان ۋە كىشىنى ئاسان يولنى تاللاشقا قىزىقتۇرىدىغان بىر كەسىپ ئىكەن.

ھەر قانداق كىشى V غا ئەڭ سەممىي بىر يولدا ماڭىدىغان بىرى دەپ ئىشەنسە بولاتتى. كۆپىنچە ئالىملار ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئەڭ داڭلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ نامىنى تونۇتۇش لازىم دەپ ئىشەنسە، V پەقەت ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا ۋە ھېچقانداق ساختىلىق ئىشلەتمەي ئېلان قىلسىلا بولىدۇ دېگەن قاراشتا چىڭ تۇراتتى. مەن ئەزەلدىن مۇۋاپىققىيەت قازانغان كىشىلەر ئىچىدە ئۇ قەدەر ئاقكۆڭۈللىرىنى ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدىم. V ھەقىقىي بىر تاكامۇللاشقان ئىنسان ئىدى.

ئۇ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇپ ماڭا كۈلۈمسىرەش ئورنىغا، غەمكىن كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئۇھ تارتقاچ ماڭا: «دەرھال دوختۇرلۇق پوسماڭنى كىيىۋېلىشىڭنى سورايمەن» دېدى.

«بولىدۇ»

«ئۇلار ماڭا ئاشقازان ئاستى بېزى راكىغا گىرىپتار بوپسەن دەيدۇ.»

« V… خوش، قېنى قۇلقىم سەندە.»

ئۇ ئۆۋزىنىڭ بارغانچە ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھەزىمنىڭ چېكىنگەنلىكى ۋە بۇ زاماندا ئاللىقاچان ئۆلچەملىك مەشغۇلات

ھېسابلانمايدىغان CT سايىلەش سۈرەتلىرىدىن ئاشقازان ئاستا بېزىدە بىر كاللەك گۆش بارلىقى بايقالغانلىقى قاتارلىقلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. بىز كېيىنكى قەدەممىزدىكى ئىشلار ھەققىدە مۇڭداشتۇق. ئۇ ئازابلىق Whipple ۋىپول ئوپېراتسىيىسى قىلىشى كېرەك ئىدى (بۇ ئوپېراتسىيەدە ئۈنىڭ بىر يۈك ماشىنىسى تەرىپىدىن سوقۇۋېتىلگەندەك ھېس قىلىدىغانلىقىنى دەپ بەردىم)، كىمنىڭ ئەڭ ياخشى ئوپېراتسىيەچى ئىكەنلىكى، بۇ كېسەلنىڭ ئۈنىڭ ئايالى ۋە باللىرىغا بولغان تەسىرى ۋە ئۈنىڭ ئۆزۈن سوزۇلغان خىزمەتتىكى داۋامسىزلىقى جەريانىدا تەجرىبىخانىنى قانداق ماڭدۇرۇش قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلەشتۇق. ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ كېسەل تەرەققىياتى كىشىنى ئۈمىدسىزلىككە باشلايتتى، ئەلۋەتتە V نىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«پاۋل» دېدى ئۇ توختىۋېلىپ، «سىنىڭچە مېنىڭ ياشىغىنىمنىڭ ئەھمىيىتى بارمۇ؟ سەنچە مەن ھاياتىمدا توغرا قارارلارنى چىقاردىممۇ؟ »

بۇ سوئال مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى: ھەتتا ئۈنىڭدەك پەزىلەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئۆلگىسىنى ياراتقان كىشىمۇ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەندە بۇ خىل سوئاللارنى سوراۋاتاتتى.

Vنىڭ ئوپېراتسىيىسى، خىمىيىلىك داۋالاش ۋە رادىئاتسىيىلىك داۋالاشلىرى بەكمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلدى، ئەمما ئوڭۇشلۇق بولدى. بىر يىلدىن

كېيىن مەن دوختۇرخانىغا قايتىپ كىلىنىكىلىق خىزمەتكە قايتىدىن كىرىشىش ئالدىدا ئۇمۇ خىزمەتكە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چېچى ئازلاپ ئاقىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇر خىرەلەشكەن ئىدى. ئاخىرقى ھەپتىلىك سۆھبىتىمىزدە، ئۇ ماڭا قاراپ: «قارا، بوگون داۋالانغىنىمنى ئەرزىيدىغاندەك ھېس قىلغان تۇنجى كۈن. ئەلۋەتتە، باللىرىم ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشقا بەرداشلىق بىرەتتىم، ئەمما بوگون پۈتۈن تارتقان ئازابلىرىم ئەرزىيدىغاندەك ھېس قىلغان تۇنجى كۈن» دېدى.

بىز دوختۇرلار بىمارلارنى قانچىلىك ئېغىر سىناقلارغا قويىدىغىنىمىزنى تىرناقچىلىقمۇ چۈشەنمىسەك كېرەك.

ئالتىنچى يىلىمدا، مەن دوختۇرخانىدا پۈتۈن كۈن ئىشلەشكە چۈشتۈم، V نىڭ تەجرىبىخانىسىدىكى تەتقىقاتىم ئارام كۈنلىرى ياكى بىكار ۋاقتىمدا قىلىنغان ئىشىم بولۇپ قالدى. كۆپىنچە كىشىلەر، ھەتتا ئەڭ يېقىن خىزمەتداشلىرىممۇ نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى پىراكتىكىسىنىڭ قانداق بىر قارا ئۆڭكۈر ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. مېنى ئەڭ ياقتۇرىدىغان سېستىرالارنىڭ بىرى، بىر كۈنى كەچ سائەت ئونغىچە داۋاملاشقان بىر قېتىملىق تەس ۋە ئۇزۇن ئوپېراتسىيەنى تۈگىتىشىپ بەرگەندىن كېيىن:

«تەڭرىگە كۆپ شۈكرى، ياخشىغۇ مەن ئەتە ئارام ئالىمەن. سىلەرچۇ؟» دەپ سورىدى.

«ياق جۇمۇ»

«لېكىن ھېچبولمىغاندا ئەتىگەندە كېچىكىپرەك كەلسەڭلار بولىدۇ، شۇنداققۇ؟ ئادەتتە قانچىدە ئىشقا چۈشىسىلەر؟»

«سەھەر ئالتىدە»

«چاقچاق قىلماڭ، راستمۇ؟»

«راست»

«ھەر كۈنى»

«شۇنداق، ھەر كۈنى»

«ھەپتە ئاخىرلىرىدىچۇ؟»

«بولدى، سورىمايلا قويۇڭ»

دوختۇرلۇق پراكتىكىسى جەريانىدا مۇنداق بىر گەپ بار ئىدى: كۈنلەر ئۇزۇن، يىللار قىسقا. نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى پراكتىكىسىدا، ھەر كۈنلۈك خىزمەت ئادەتتە سەھەر ئالتىدە باشلىنىپ ئوپېراتسىيە ئاخىرلاشقۇچە داۋاملىشاتتى. قانچىلىك بالدۇر تۈگىشى ئوپېراتسىيە ئۆيىدىكى ئىشلارنى قانچىلىك تېز پۈتتۈرۈشىمىزگە باغلىق ئىدى.

بىر پراكتىكانت دوختۇرنىڭ ھۈنىرى ئۇنىڭ تېخنىكىسى ۋە سۈرئىتى بىلەن باھالىناتتى. بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايتتى، ئەمما بەك ئاستا بوپ كەتسىڭىزمۇ يەنىلا بولمايتتى. يارا ئېغىزىنىڭ تۈنجى تىكىشىنى تىكىپ بولۇپلا ئەگەر بەك توغرا بولۇش ئۈچۈن كەچكىچە لايىپاسلىق قىلسىڭىز

ئوپېراتسىيە تېخنىكىدىن گەپ ئاچقىلى تۇراتتىڭىز: «ئاپلا، قارىغاندا بۇگۈن بىز ھۆسىن تۆزەش ئوپراتسىيەچىسىنى خاتا ھالدا مىڭە ئوپراتسىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇقمۇ نېمە؟» ياكى بولمىسا «ھە، مەن سىزنىڭ ئىستىراتىگىيىڭىزنى چۈشىنىپ بولدۇم، سىزنىڭ مەقسىتىڭىز يارىنىڭ ئۈستى يېرىمىنى تىكىپ بولغاندا يارىنىڭ ئاستى يېرىم ئۆزلۈكىدىن تولۇق ساقىيىپ قالسۇن دېمەكچىكەنسىز، شۇنداق بولغاندا ئىشنىڭ يېرىمىلا قالدىمۇ ئەمەسمۇ؟ قالتىس مانا!» تېخى باش پىراكتىكانت يېڭى پىراكتىكانتنىڭ بېشىدا تۇرىدۇ يول كۆرسىتىدۇ: «ئاۋۋال تېز تىكىشنى ئۆگىنىڭ، ياخشى تىكىشنى كېيىن ئۆگىنىۋالىسىز». ئوپراتسىيە ئۆيىدە، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى سائەتتە. بىمارنى ئويلىساق: ئۇ ناركوزدا تۇرغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ چۈنكى ئۇزۇن مەشغۇلاتلار داۋامىدا، نېرۋىلار يارىلىنىشى، مۇسكۇللار ئۈزۈلۈپ كېتىشى ياكى بۆرەك كاردىن چىقىشى مۇمكىن ئىدى. باشقىلارنى ئويلىساق: بۈگۈن ئاخشام سائەت قانچىدە بۇ يەردىن قۇتۇلارمىز؟ دېگەنلەر خىيالغا كېلەتتى.

مېنىڭچە ۋاقىتنى قىسقارتىشنىڭ ئىككى ئىستىراتېگىيىلىك ئۇسۇلى بار ئىدى، بۇنى خۇددى تاشپاقا بىلەن توشقانغا ئوخشىتىش مۇمكىن. توشقان قانچە تېز قىلالىسا شۇنچە تېز ئىلگىرلەيدۇ، قوللار چاقمەقتەك تېز، ئەسۋابلار تاراقلاپ يولغا چۈشۈپ كېتىدۇ، تېرە خۇددى سىرتمىدەك ئېچىلىدۇ، ھەرىدەلگەن سۆڭەكنىڭ تورىغى قونۇپ بولماستا

ئېلىۋېتىلىدىغان باش سۆڭەك داستا ھازىر بولاتتى. نەتىجىدە، سۆڭەكنىڭ ئېچىلغان قىسمىنى ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىدىن بىرەر سانتىمېتىردىن كېڭەيتىشكە توغرا كېلەتتى، چۈنكى دەسلەپ دەل جايىدا كېسىلمىگەن بولاتتى. تاشپاقىغا كەلسەك، ئەكسىچە، ھەر بىر قەدەمنى خاتاسىز ئاۋايلاپ ئالىدۇ، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدۇ. ئوپېراتسىيەنىڭ ھېچقانداق باسقۇچىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېقىشنىڭ ھاجىتى قالمايتتى، ھەممە مەشغۇلات نەق توغرا ۋە ئۆلچەم بىلەن ماڭاتتى. ئەگەر توشقان بەك كۆپ كىچىك خاتالىقلارنى ئۆتكۈزسە، توختىماي يېڭىدىن تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ-دە، تاشپاقا يېڭىدۇ. ئەگەر تاشپاقا ھەر بىر قەدەمنى پىلانلاشقا بەك كۆپ ۋاقت سەرپ قىلسا، ئۇ ھالدا توشقان يېڭىدۇ.

ئوپېراتسىيە ئۆيىدىكى قىزىق ئىش، مەيلى قانچىلىك جىددىي ئىش قىلىڭ ياكى ئېغىر-بېسىق مەشغۇلات قىلىڭ، ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى ھېس قىلغىلى بولمايتتى. ئەگەر خىيدىگېر ئېيتقاندەك زېرىكىش دېگەنلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى ھېس قىلالاش بولسا، ئۇ ھالدا ئوپېراتسىيە دەل ئەكسىچە ئىدى: كۈچلۈك دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، سائەت ئىستىرېلكىسىنى ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. بەزىدە ئىككى سائەت بىر مىنۇتتەك سېزىلەتتى، ھەتتا ۋاقىتنىڭ ۋىششىدە قىلىپ ئۆتكىنىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىڭىز. لېكىن بەزىدە ئەجەبلىنىشكە

باشلايتتىڭىز: بىمار قانچىلىك ۋاقىتتا ئويغىنار؟ ئىككىنچى بىمار قاچان كىرەر؟ بۈگۈن كەچ سائەت قانچىدە ئۆيگە قايتارمەن؟

ئادەتتە ئاخىرقى بىمارنىڭ ئوپېراتسىيىسى تۈگىگەندە قەدەملىرىنىڭ سۈرلىشىپ قىلىشىغا قاراپ ئاندىن بىر كۈننىڭ زادى قانچىلىك ئۇزۇنلۇقىنى ھېس قىلاتتىم. دوختۇرخانىدىكى بىر نەچچە باشقۇرۇش تېپىدىكى خىزمەتلىرىنى پۈتتۈرۈپلا ئۆيگە قايتىدىغانلارنىڭ سۆزلىرى مېڭەمگە بولقا بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى.

«بۇ ئىشنى ئەتە قىلساقمۇ بولامدۇ؟»

«ياق»

ئۇلار خۇددى يەر شارى ئارقىغا چۆرگىلەپ قۇياشقا قايتىدىن يېقىنلاپ قالغاندەك ئۇھ تارتاتتى.

## 10-قىسىم

باش پىراكتىكانت بولۇپ قالغان ۋاقتلىرىمدا ھەممە مەسئۇلىيەت مىنىڭ زىممەمگە چۈشتى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇش پۈرسىتىنىڭ ئىككىلىسى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن كۆپ ئىدى. مەغلۇبىيەتنىڭ ئازابلىرى مېنى تېخنىكىدىكى ئىلغارلىق «ئەخلاقىي ئۆلچەم» دېگەن قاراشقا ئەكېلىپ قويغان ئىدى. ياخشى نىيەت ھەرگىزمۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، بولۇپمۇ ھەممە مىنىڭ ئىقتىدارىمغا قاراشلىق بولۇپ قالغاندا، ئۆلۈم ۋە غەلىبە ئارىسىدىكى پەرق پەقەت بىر ئىككى مىللىمېتىر خاتالىق پەرقى بولغاندا ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى، بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئىشەنگۈسىز تەلەي بىلەن مېڭە ئۆسمىسىدىن ئامان قالغان مەتيۇۋ ئىسىملىك ئوغۇل قايتىدىن دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئاستىنقى دۆڭچە مېڭىسى ئوپېراتسىيە جەريانىدا ئازراق زەخىملەنگەن بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى سەككىز ياشلىق تاتلىق بالا ئەمدىلىكتە 12 ياشلىق يالماۋۇزغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ يېيىشتىن زادىلا توختىمايتتى، ئۇ ياۋايىلەرچە باشقىلارنى مۇشلايتتى. ئاپىسىنىڭ بىلەكلىرى كۆكىرىپ كەتكەن يارىلارغا تولغان ئىدى. ئاخىرى ئامال بولماي مەتيۇۋ دوختۇرغا ئەپ كېلىنگەن ئىدى: چۈنكى ئۇ بىر مىللىمېتىرلىق زەخىم پەيدا قىلغان ئالۋاستىغا ئايلىنىپ

قالغان ئىدى. ھەر قانداق بىر ئوپېراتسىيەدە، دوختۇر ۋە بىمارنىڭ ئائىلىسى بىرلىكتە ئوپېراتسىيەدىن كەيىن چىقىدىغان خەتەرگە قارىغاندا پايدىسىنىڭ كۆپلۈكىنى بىرلىكتە قارار قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ ئەھۋالغا كىشىنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ھېچكىمنىڭ مەتىيۇۋنىڭ 20 يېشىدا 300 قاداقلىق (272 جىڭلىق) سېمىز ھالىتىنى كۆرگۈسى يوق ئىدى.

يەنە بىر كۈنى، مەن بىر بىمارنىڭ مېڭىسىگە پاركىنسون كېسىلى تىترەش ئالامىتىنى داۋالاش ئۈچۈن 9 سانتىمېتىرلىق چوڭقۇرلۇقتا بىر ئېلېكترلىق تەنچە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. نىشان ئورۇن دۆڭ مېڭگە ياندىكى كىچىككىنە بادام شەكىلدىكى نېرۋا يادروسىدا ئىدى. بۇ نېرۋا تۈزۈلۈشىنىڭ ئوخشىمىغان قىسىملىرى ئوخشىمىغان فۇنكسىيەگە ئىگە ئىدى: ھەرىكەت، ئاڭ، ھېسسىيات دېگەندەك. ئوپېراتسىيە ئۆيىدە، بىز تىترەشنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئېلېكتر ئېقىمىنى قوزغاتتۇق. كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ ھەممىمىز بىمارنىڭ سول قولىغا قارىدۇق ۋە تىترەشنىڭ ئازلىغانلىقىغا چىن پۈتتۇق.

ئەمما بىمارنىڭ ئەجەبلىنىپ قىلغان سۆزى ھەممىمىزنىڭ مەغرۇر خوشلۇقىمىزنى نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇۋەتتى:

«مېنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ.»

«ئېلېكتر ئېقىمىنى توختىتىڭلار!» دېدىم مەن.

«ھە، ئەمدى بۇ ئازابلىق ھېسسىياتمۇ يوقاپ كەتتى.»

«بىز ئېلېكتىر ئېقىمى ۋە قارشىلىقنى قايتىدىن سىناق تەكشۈرۈپ باقايلى، بولامدۇ؟». بولىدۇ، ئېقىمنى ئاچتۇق...

«ياق، ھەممە نەرسە... شۇ قەدەر ئازابلىق، شۇ قەدەر قاراڭغۇ... ئازابلىق»

«ئېلېكتىرلىق تەنچىنى چىقىرۋېتىڭلار!»

بىز ئېلېكتىرلىق تەنچىنى چىقىۋېتىپ، ئىككى مىللىمېتىر ئۇتۇك تەرەپكەراق كىرگۈزدۇق. تىترەش يوقىدى، تەگرىگە شۈكرى، بۇ قېتىم بىمارمۇ باشقىچە ھېس قىلمىدى.

بىر قېتىم، بىر مېڭە ئوپېراتسىيەسى كۆزەتچى ۋىراچ بىلەن بىللە مېڭە غولى بىنورمال يېتىلىشى تۈپەيلىدىن كەينى مېڭە بويۇن سۆڭەك ئوپېراتسىيەسى قىلىنىدىغان بىر قېتىملىق كىچىلىك ئوپېراتسىيەگە قاتناشتىم. بۇ ئەڭ نازۇك ئوپېراتسىيەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شۇ مېڭە رايونىغا كىرىشنىڭ ئۆزى بەدەندىكى ئەڭ قىيىن كىرگىلى بولىدىغان قىسىم ھېسابلىناتتى. ئەمما ئۇ كۆنى مەن ئۇستىلىشىپ كەتتىم: ئوپېراتسىيە سايمانلىرى خۇددى بارماقلىرىمنىڭ داۋامىدەك تۇيۇلاتتى؛ تېرە، مۇسكۇل ۋە سۆڭەكلەر ئۆزلۈكىدىن ئېچىلغان سىرتىمدەك ئۆزىنى ئاشكارىلايتتى؛ مانا مېڭە غولىغا ئۆسۈپ قالغان بىر سېرىق رەڭلىك، پارقىراق ئۆسۈكچە ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز كۆزەتچى ۋىراچ مېنى توسىدى.

«پاۋل، ئەگەر سىز ئىككى مىللىمېتىر چوڭقۇرراق كېسىپ سالسىڭىز نېمە ئىش يۈز بېرەر؟» دېدى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

مېڭە ئاناتومىيەسى مېڭەمدىن چاقماق تېزلىكىدە كەچتى.

«قوشماق كۆرۈش سەزگۈسى؟»

«ياق،» دېدى ئۇ. «قۇلۇپلىنىش يىغىندا كېسەللىكى». ئەگەر يەنە ئىككى مىللىمېتىر چوڭقۇرلىسىڭىز، ئۇ ھالدا بىمار پۈتۈنلەي پارالىچ بولۇپ قالىدۇ، پەقەت كۆزىنى چىمچىقلىتالايدۇ. ئۇ مىكروسكوپقا قاراپ سۆزلىمەيۋاتاتتى. «بۇنىسى مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر تونۇشلۇق ئىدى، چۈنكى مەن ئۈچىنچى قېتىم مۇشۇ ئوپېراتسىيەنى قىلغاندا دەل مۇشۇنداق ئىش يۈز بەرگەن.»

نېرۋا تاشقى كېسەللەر ئىلمى ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ كىملىكىگىمۇ دىققەت ئېتىبارىنى ئاغدۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئوپېراتسىيەگە قاتنىشىش قارارىنىڭ ئۆزىلا بىراۋنىڭ ئۆز ئەقىدىلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈشتىن باشقا، يەنە بىمارنىڭ كىملىكى ۋە نېمىنى مۇھىم دەپ بىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە تاقىشاتتى. بەزى مېڭە رايونلىرىغا چېقىلىشقا زادى بولمايتتى، مەسىلەن ئاساسىي ھەرىكەت پوستلاق قەۋىتى، بۇ رايونغا زەخىم يەتسە تەسىرگە ئۇچرايدىغان ماس بەدەن ئەزالىرىنىڭ پالەچ بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەڭ تەڭگىلى بولمايدىغان رايون بولسا چوڭ مېڭىنىڭ تىلنى كونترول قىلىدىغان قىسىملىرى ئىدى. ئۇلار ئادەتتە

مېڭىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ۋېرنىك رايونى ۋە بىروكا رايونى دەپ ئاتىلاتتى، بىرى تىلنى چۈشىنىشكە، يەنە بىرى سۆزلەشكە ئىشلىتىلەتتى. بىروكا رايونى زەخىمگە ئۇچرىسا، بىمار سۆزلەش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ، ئەمما بىمار يەنىلا ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدۇ. ئەگەر ۋېرنىك رايونى زەخىملەنسە، ئۇ ھالدا بىمار تىلنى ئاڭلاپ چۈشىنەلمەس بولۇپ قالىدۇ، گەرچە بىمار سۆزلىيەلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلىرى بىر-بىرىگە باغلانمىغان، يا قولاشمايدىغان يا گىراماتىكىسى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئىككىلى رايون زەخىملەنسە، ئۇ ھالدا بىمار ئىنسانىيلىقىنىڭ يادرولۇق بىر نەرسىسى مەڭگۈگە بولانغان غەلىتە بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دېگەن گەپ. بىر بىمار مېڭىسى يارىلىنىپ ياكى مېڭىسىگە قان چۈشۈپ دوختۇرخانىغا كەلگەندە، مۇشۇ رايونلارنىڭ زەخىمگە ئۇچرىشى تاشقى كېسەللەر دوختۇرىنىڭ ئوپېراتسىيە ئارقىلىق بىمارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش قىزغىنلىقىنى چەكلەپ قويىدۇ: تىلسىز ھايات قانداقمۇ مەۋجۇت بولسۇن؟

مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىسى ۋاقتىلىرىمدا، مەن تۇنجى ئۇچراشقان بىمار نەق مېڭىسىدە ئۆسمە بار 62 ياشلىق ئەر بولۇپ، دەل مۇشۇنداق بولۇپ قالغان ئىدى. بىز بىر ئەتىگەنلىكى ئۇنى ياتاق ئۆيىگە سوراپ كىردۇق ۋە پىراكتىكانت ئۇنىڭدىن سورىدى: «مايكول ئەپەندىم، بۈگۈن ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟»

«تۆت ئالتە بىر سەككىز ئون توققۇز» دەپ جاۋاب قايتۇردى بىمار، ئازراق تۈزۈت بىلەن.

ئۆسمە ئۇنىڭ سۆز سىگنال يوللىرىنى توسۇپ قويغان ئىدى، شۇڭا ئۇ پەقەت بىر قاتار سانلار ئارقىلىق سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، ئەمما ئۇنىڭدا يەنىلا ئازراق ئاھاڭدارلىق بار ئىدى، ھەم ھېسسىيات ئىپادىلىرىمۇ ساق ئىدى: كۈلۈمسىرەش، قاپىقىنى تۈرۈش، ئۇھسىنىش دېگەندەك. ئۇ يەنە بىر قاتار سانلارنى ساناپ چىقتى، بۇ قېتىم ئۇ سەل جىددىي كۆرۈنەتتى. ئۇ بىزگە بىر نەرسە دېمەكچى ئىدى، ئەمما بۇ سانلار ئۇنىڭدىكى قورقۇنچ ۋە غەزەپتىن باشقا ھېچنېمىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. گۇرۇپپىمىز بالنىستتىن چىقىشقا تەمشەلگەندە، نېمىشقىدۇر مەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم.

«ئون تۆت بىر ئىككى سەككىز» ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ ماڭا يالۋۇراتتى.

«ئون تۆت بىر ئىككى سەككىز»

«كەچۈرۈڭ»؟

«ئون تۆت بىر ئىككى سەككىز» دېدى ئۇ ئازاب ئىچىدە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ گۇرۇپپىدىكىلەرگە ئەگىشىپ چىقىپ كەتتىم. ئۇ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۇنياغا

قالدۇرماقچى بولغان قانداقتۇر بىر ئۇچۇرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتتى.

ئۆسمىلەر ياكى ئارتۇقچە گۆشلەر بۇ تىل رايونلىرىنى بېسىۋالغاندا، ئوپېراتسىيەچى ۋراچ سانسىزلىغان ئالدىنى ئېلىش ئامالّلىرىنى ئىشلىتىدۇ، نۇرغۇن سايىلەش تەكشۈرۈشلىرىنى بۇيرۇيدۇ ۋە تەپسىلىي نېرۋا پسىخولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلىرىنى قىلىدۇ. ئەمما ئاچقۇچلۇق يېرى، بۇ ئوپېراتسىيە بىمار ئويغاق ۋە سۆزلەۋاتقاندا قىلىناتتى. مېڭە ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۆسمىنى كېسىۋەتمەي تۇرۇپ، ئوپېراتسىيەچى ۋراچ بىر قولدا باشقۇرۇلىدىغان يۇملاق ئۇچلۇق ئېلېكتىر تاياقچىسى بىلەن چوك مېڭىنىڭ كىچىك بىر رايوننى بېسىۋالىدۇ، ئاندىن بىماردىن ھەر خىل نۇتۇقلۇق سىناقلارنى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ: نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاش، ئېلىپبەنى يادلاش دېگەندەك. ئېلېكتىرلىق تاياقچە مېڭىنىڭ مۇھىم رايونلىرىنى غىدىقلىغىنىدا، بىمارنىڭ نۇتۇقى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ: ئا ب س د ئې گا گا گاررر ف گ خ ئى...» مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مېڭە ۋە ئۆسمىنىڭ ئىسخىمىسى سىزىلىپ قانچىلىك دەرىجىدە بىخەتەر ھالدا ئۆسمىنى ئېلىۋەتكىلى بولىدىغانلىقى بېكىتىلىدۇ ۋە بۇ جەرياندا بىمار بەزى نۇتۇق سىناقلىرى ۋە ئۇششاق پاراڭ بىلەن باشتىن-ئاخىر ئويغاق ھالەتتە تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بىر كۈنى كەچلىكى، مەن مۇشۇ خىلدىكى بىر ئوپېراتسىيەگە تەييارلىق قىلغاچ بىمارنىڭ MRI سايىلەش سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى نۇتۇققا مەسئۇل مېڭە رايونىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆسمە بىلەن توسۇۋېلىنىنغانلىقىنى بايقىدىم. بۇ ياخشى بېشارەت ئەمەس ئىدى. بىمار ھەققىدىكى خاتىرىلەرگە قارىسام، تاشقى كېسەللەر دوختۇرى، ئۆسمە مۇتەخەسسىسلىرى، تەسۋىر ئىلمى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە پاتولوگلاردىن تەشكىل تاپقان دوختۇرخانا ئۆسمە كومىتېتىنىڭ بۇ بىمارنىڭ ئەھۋالى ئۈچۈن ئوپېراتسىيە قىلىش بەكلا خەتەرلىك دەپ يېزىلىپتۇ. ئۇنداقتا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى قانداق قىلىپ يەنىلا ئوپېراتسىيەنى قىلىۋېرىش قارارىغا كەلگەندۇ؟ سەل غەزەپلەنگەن ئىدىم: بەزى يەرگە كەلگەندە ياق دېيىش بىزنىڭ بۇرچىمىز ئەمەسمۇ؟ بىمار ئوپېراتسىيە ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلدى. ئۇ ماڭا تىكىلدى ۋە مېڭىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

«ئۇ كاساپەت مېڭەمدىن يوقالسۇن، چۈشەندىڭىزمۇ؟» دېدى.

كۆزەتچى ۋىراچمۇ كىرىپ كەلدى ۋە چىراي ئىپادەمنى سەزدى بولغاي:

«بىلىمەن»، دېدى ئۇ. «مەن ئۇنى بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلماسلىققا ئۈندەپ ئىككى سائەت كاپشىدىم. ئەمدى كارىمىز بولمىسۇن. ھازىرمۇ سىز؟»

ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك ساناق ساناش ياكى ئېلىپبە يادلاش ئورنىغا، بۇ قېتىم پۈتۈن ئوپېراتسىيە جەريانىدا بىزنىڭ دۈچ كەلگىنىمىز بىمارنىڭ قارغاشلىرى ۋە پەندى-نەسىھەتلىرى بولدى.

«ئاۋۇ ئاناڭنى ئەبلەخ مېڭەمدىن يوقالدىمۇ؟ نېمىشقا ئاستىلاپ قالىسىلەر؟ تېز-تېز بولۇڭلارچۇ! ئۇ ئەبلەختىن قۇتۇلۇپلا كېتەي! مەن ئوپېراتسىيە ئۈيدە كەچكىچە تۇرسامۇ كارىم يوق، ئاۋۇ ئاناڭنى ئەبلەخنى ئېلىۋەتسەڭلارلا بولدى!»

مەن بىمارنىڭ نۇتۇقىدىكى ھەر بىر تۇسالغۇغا ئەڭ زور دىققىتىمنى بەرگەچ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن دەھشەت يوغان بىر ئۆسمىنى كېسىۋەتتىم. بىمارنىڭ مونولوگى توختىماي تۇرۇپ، ئۆسمە پىترچاشكى (تەجرىبە قاچىسى) دىن ئورۇن ئالغىنىدا ئۇنىڭ ئۆسمىدىن خالىي مېڭىسى چاقنايتتى.

«نېمىگە توختايسەن-ھوي ئاداش؟ قانداق ھاراملىق سەن؟ مەن ئاۋۇ ئەبلەخنى كۆزۈمدىن يوقات دېمىدىممۇ ساڭا؟!»

«ئېلىۋەتتىم» دېدىم مەن، «ئۆسمە يوق بولدى.

ئۇ قانداقسىگە يەنە سۆزلىيەلەيدۇ؟ ئۆسمىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ئورنىدىن قارىغاندا بۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. بەلكىم قارغاش باشقا نۇتۇقلارغا ئوخشىمايدىغان بىر مېڭە سىگنال رايونىنى ئىشلىتىدىغاندۇ ۋە

ياكى ئۆسمە ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ قايتىدىن تۈزۈلۈشىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەب بولغاندۇ...

شۇلارنى ئويلاۋېتىپ ھوشۇمنى يىغدىم، مېڭىسىنىڭ قېپىنى تىكىپ قويمىسام بولمايدۇ تېخى، نېمە ئىش بولغىنىنى پەرەز قىلىشقا ئەتە ۋاقىت كەڭرى.

مەن پراكتىكانت دوختۇرلۇقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە قەدەم قويغان ئىدىم. مەن ئەڭ مۇھىم ئوپېراتسىيەلەرنى پىششىق ئىگىلىۋالغان، تەتقىقاتلىرىممۇ ئەڭ زور مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ئىدى. شۇڭىمىكىن، خىزمەت تەكلىپلىرى ئامېرىكىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تۇشمۇ-تۇش كېلىشكە باشلىغان ئىدى. ئىستانفورد دەل مېنىڭ قىزىقىشىمغا ماس بولغان بىر يېڭى خىزمەت ئورنى ئېلاننى چىقارغان ئىدى، بۇ خىزمەت دەل مەندەك نېرۋا كونتروللاش تېخنىكىلىرىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن، بىرلا ۋاقىتتا نېرۋا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى ھەم نېرۋولوگ سالاھىيىتىنى ھازىرلىغانلارغا دەل چۈشەتتى. بىر تۆۋەن قاراردىكى پراكتىكانت دوختۇر يېنىمغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

«مەن ئۇستازلىرىمنىڭ ئەگەر سىزنى بۇ خىزمەتكە قوبۇل قىلسا مېنىڭ يېتەكچى پىروفېسسورۇم بولىدىغانلىقىڭىزنى دېيىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم!»

«ئۈش... ، تەلىيىمنى قاچۇرماڭ» دېدىم مەن.

ماگا بىيولوگىيە، پەزىلەت، ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ يەككە زەنجىرلىرى ئاخىرى رىتىملىق بىر دۇنيا قاراش، ھەتتا مۇكەممەل بىر روھ سىستېمىسى بولۇپ جىپسىلاشقاندەك ۋە بۇنىڭ ئىچىدىكى ئورنۇم مۇقىملاشقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. يۇقىرى بېسىملىق ساھەلەردىكى دوختۇرلار بىمارلار بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۆزگىرىش بوسۇغىسىدا تۇرغاندا، ھاياتلىق ۋە كىملىكى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان ئەڭ ھەقىقىي مىنۇتلىرىدا ئۇچرىشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى شۇ بىمارنىڭ ھاياتىنىڭ زادى نېمە قىممىتى بارلىقىنى چۈشىنىش، شۇنداقلا ئەگەر مۇمكىن بولسا شۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇش ياكى مۇمكىن بولمىسا خاتىرجەم بىر ئۆلۈمنىڭ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشىگە يول قويۇش ئىدى. بۇنداق چوڭ ھوقۇق ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلاردىن زور مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇلار يەنە كېلىپ چىقىدىغان گۇناھكارلىق ۋە ئەيىبلەش تۇيغۇسىنىڭ دەردىنى تارتىشقىمۇ مەھكۇم ئىدى.

سان دىياگودىكى بىر ئېلمىي يىغىنغا قاتنىشىۋاتقىنىمدا تېلېفونۇم سايرىدى. ئۇ مېنىڭ ھەمكار پىراكتىكانتىم ۋىكتورىيە ئىدى.

«پاۋىلمۇ سىز؟»

بىر چاتاق چىققانلىقىنى پەملەپ قورسىقىمنىڭ ئىچىگە بىر ئاغرىق كىردى.

«نېمە ئىش ئىدى؟» دېدىم مەن.

ئۇ جىمىپ كەتتى.

«ۋىكتورىيە؟»

«جەفتىن ئىش چىقتى، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ»

«نىمە؟!»

جەف ئوپېراتسىيە تەربىيەلىنىشىنى ئوتتۇرا غەربىي قىسىم رايونىدا تاماملاۋاتقان ئىدى، ئىككىلىمىز تەڭرى ئۇرغاندەكلا ئالدىراش ئىدۇق.. بىز ئالاقىنى ئۈزۈپ قويغانتۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئەڭ ئاخىرقى سۆھبىتىمىزنى ئەسلەشكە ئۇرۇندۇم، ئەمما ئەسلىيەلمىدىم.

«ئېنىقكى، ئۇ.. ئۇ زور بىر قىيىنچىلىققا ئۇچراپتۇ، ئۇنىڭ بىمارى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاخشام ئۇ بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ئۆزىنى تاشلىۋاپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەن ھېچنىمىنى ئۇقمايمەن.»

مەن بولغان ئىشنى چۈشىنىش ئۈچۈن سوئال قويۇشقا تىرىشتىم. ئەمما كاللامغا بىرمۇ سوئال كەلمەيتتى. مەن پەقەت خۇددى ئوكيان دولقۇنلىرىدەك مىسلىسىز زور گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. دەل شۇ خىل تۇيغۇ ئۇنى بىنانىڭ ئۈستىگە ئەپچىقىپ سەكرەشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى.

مەن شۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانا ئىشىكىدىن بىللە چىققان بولۇشۇمنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە؟ بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلالىغان بولسام ئىدى، كاشكى. ئۇنىڭغا ھايات ھەققىدە ۋە

ياشاشنى تاللىغان ھاياتىمىزدا نېمىلەرنى چۈشەنگىنىمنى سۆزلەپ بېرەلىگەن بولسامتىم، ئۇ ماڭا چوقۇم دانالىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن تەكلىپ بەرگەن بولاتتى، ئەمەسمۇ؟ بىز ۋە بىمارلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا: جېنى بار، نەپەسلىنىدىغان ۋە مېتابولىزم ئېلىپ بارىدىغان بىر جانلىق بولۇپ ياشاشنىڭ ئۆزى پىشانىمىزگە پۈتۈلگەن ئىدى. نۇرغۇنلارنىڭ ھاياتى ئۆلۈمگە بولغان ئامالسىزلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم بىز ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ بېشىغا ھامان كېلىدۇ. ئەمما جەڭ ئىككىمىز خۇددى ياقۇپ ۋە پەرىشتىلەردەك ئۆلۈم بىلەن ھەپىلىشىشكە، ئېلىششقا يىللارچە مەشغۇلەندۈرۈلگەن ئىدۇق، شۇ ئارقىلىق بىر ھاياتلىقنىڭ مەنىسى بىلەن يۈزلىشەتتۇق. بىز ئەخلاقىي بۇرچىنىڭ ئېغىر كىشەنلىرىنى تاقاشقا ماقۇل كەلگەن ئىدۇق. بىمارلىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە كىملىكى بەلكىم قوللىرىمىزدا ئىدى، ئەمما ئۆلۈم ھامان ئۇتاتتى. مەيلى سىز قانچىلىك مۇكەممەل بولۇپ كىتىڭ، ئەپسۇسكى دۇنيا ئۇنداق ئەمەس ئىدى. مەخپىيەتلىك دەل زىممىمىزدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقى، ئۇتتۇرىدىغىنىمىز، قولىمىز ياكى قارارىمىزنىڭ خاتالىشىپ قالىدىغانلىقى، ۋە شۇنداقتىمۇ بىمارلىرىمىزنىڭ ھاياتىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن جېنىمىزنى تىكىپ قويىدىغانلىقىمىزنى بىلىشتە ئىدى. بىز مەڭگۈ مۇكەممەل بولالمايمىز، ئەمما بىز توختىماي جاننى تىكىپ كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە، مۇكەممەللىككە چەكسىز يېقىنلاشقان بىر نۇقتىغا يېتەلەيدىغىنىمىزغا ئىشەنسەك تامامەن بولىدۇ.

# ئىككىنچى باب

## 11-قىسىم

*ئەگەر مەن يازغۇچى بولسام ھەر خىل ئۆلۈملەرنى توپلاپ بىر كىتاب يازاتتىم ۋە مۇنداق قوشۇپ قوياتتىم: باشقىلارغا ئۆلۈشنى ئۆگەتكەنلەر بىرلا ۋاقىتتا يەنە ياشاشنىمۇ ئۆگەتمەكتە.*

*-«پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ئۆلۈم تەتقىقاتى ئىكەنلىكى ھەققىدە»، مىشېل مونتېين*

دوختۇرخانا كارىۋىتىدا لۇسى ئىككىمىز يانمۇيان يېتىپ يىغلاۋاتاتتۇق، CT تەسۋىرى كومپيۇتېر ئېكرانىدا ھېلىمۇ چاقناپ تۇراتتى. مېنىڭ دوختۇرلۇق سالاھىيىتىم ھازىر پەقەتلا مۇھىم ئەمەس ئىدى. راك بەدىنىمدىكى نۇرغۇن ئەزالارغا تارقىلىپ بولغان بولۇپ، دىياگنوز ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ياتاق جىمجىت. لۇسى «سىزنى سۆيىمەن» دېدى. «مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكۈم يوق» دېدىم مەن. مەن ئۇنىڭغا مەندىن كېيىن قالسا چوقۇم يەنە توي قىلىشنى، چۈنكى ئۇنىڭ يالغۇز قېلىشىغا چىدىيالمايدىغىنىمنى ئېيتتىم. مەن يەنە قەرزلىرىمنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى ئېيتتىم. ئاندىن بىز ئۆيدىكىلەرگە تېلېفون قىلىشقا باشلىدۇق. ئارىلىقتا ۋىكتورىيە كىردى، بىز دىياگنوز نەتىجىسى ۋە كېيىنكى داۋالاش پىلانلىرى ھەققىدە بىردەم پاراڭلاشتۇق. ئۇ بالىنىست دوختۇرلىقتا قايتىش ئۈچۈن نىمىلەرنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەشكە باشلىۋېدى، مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۈم.

«ۋىكتورىيە» دېدىم مەن، «مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ دوختۇرلۇق سالاھىيىتىم بىلەن بۇ دوختۇرخانىغا قايتىپ كېلەلمەيمەن، سىزچىچۇ؟»

ھاياتىمنىڭ بىر بابى ئاخىرلاشقاندەك ئىدى، بەلكى پۈتۈن ھايات كىتابىمنىڭ ئاخىرى كۆرۈنۈۋاتاتتى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى ھاياتلىقتا يول كۆرسەتكۈچى ئەمەس بەلكى يولىدىن ئازغان، قايمۇقۇپ قالغان قويغا ئوخشىتاتتىم. ئېغىر كېسەل، ھاياتنى ئۆزگەرتىپلا قالماي پۈتۈنلەي خانىۋەيران قىلىۋېتىدىكەن. ئۇ خۇددى سىزگە زادى نېمىنىڭ ھەقىقىي مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى كۈچلۈك بىر دەستە نۇردىن بەكرەك كۆز ئالدىڭىزدىكى يولنى كۈكۈم تالقان قىلىۋېتىدىغان ئوتقا ئوخشايتتى. مەن بىر ئامال قىلىشىم كېرەك ئىدى.

ئىنىم جىۋان قېشىمغا كەلدى ۋە دېدى: «سەن ئالىلقاچان نۇرغۇن ئۇتۇق قازاندىڭ، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، شۇنداققۇ؟»

ئۇھ تارتتىم. ئۇ ياخشى كۆڭلى بىلەن دەۋاتاتتى، بىراق بۇ گەپ ماڭا قۇرۇق گەپلا بىلىندى. مېنىڭ ھاياتىم كۈچ يىغىش بىلەن ئۆتكەن، لېكىن ئەمدىلىكتە ئاشۇ يىغقانلىرىم بىكارغا كەتتى. مەن نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزگەن ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئازلا قالغان ئىدىم. لېكىن ھازىر جىسمىم تۈگەشتى، كەلگۈسىم ۋە شەخسىي سالاھىيىتىممۇ يوق بولدى، بۇرۇن بىمارلىرىم دۇچ كەلگەن مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى مېنىڭمۇ بېشىمغا كەلدى. ئۆپكە راكى دېگەن دىياگنوز جەزملەشتى. ئىنچىكە پىلانلانغان ۋە مىڭ

جاپادا قولغا كېلەيلا دەپ قالغان كەلگۈسۈم پارغا ئايلاندى. خىزمەتتىكى ئەڭ يېقىن تونۇشۇم بولغان ئۆلۈم مانا ئەمدى مېنى يوقلاپ كەلدى. بىز مانا يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپتىمىز، لېكىن ئۇنى يەنىلا تونۇيالمايتتىم. ئەسلى مەن ھاياتلىق يولۇمنىڭ بىر دوقمۇشىغا كېلىپ بولغان، بۇ دوقمۇشتا تۇرۇپ يىللاردىن بۇيان داۋالىغان سانسىز بىمارلىرىمنىڭ ئاياق ئىزىنى كۆرەلەيتتىم، ئەمدىلىكتە بولسا كۆز ئالدىمدا قۇپقۇرۇق، بوش، مەنىسىز، ئېزىتقۇدەك ئاپئاق بىر چۆللۈك سوزۇلۇپ ياتاتتى، خۇددى بىر بوران چىقىپ مەن تونۇيدىغان بارلىق ئىزلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغاندەكلا.

كۈن پېتىۋاتاتتى. مەن ئەتىسى سەھەردە دوختۇرخانىدىن چىقاتتىم. ئەسلى ھەپتە ئاخىرىغا كېلىشىپ قويغان ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىمىز شۇ كۈنى كەچكە سۈرۈلۈپتۇ. سېسترانىڭ دېيىشىچە، دوختۇر ئىشتىن چۈشۈپ باللىرىنى مەكتەپتىن ئەكىلىشتىن بۇرۇن مېنى كۆرگىلى كېلىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئېما ھەيۋارد بولۇپ، رەسمىي كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن مەن بىلەن بىر ئەھۋاللاشماقچى ئىكەن. مەن ئېمانى ئازراق بىلەتتىم، چۈنكى بۇرۇن ئۇنىڭ بىرقانچە بىمارىنى داۋالىغان ئىدىم، لېكىن بىز خىزمەت ئىشىدىن باشقا پاراڭلىشىپ باقمىغان ئىدۇق. تۇغقانلىرىم ياتاقتا جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى، لۇسى بولسا كارىۋىتىمنىڭ يېنىدا قولۇمنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئېچىلىپ ئېما كىردى، ئۇچىسىدىكى ئاق خالاتتىن ئۇنىڭ بىركۈن جاپالىق ئىشلىگىنى چىقىپ

تۇرسىمۇ، چىرايىدا يەنىلا كۈلكە جىلۋە قىلاتتى. يەنە ئىككىيلەنمۇ بىللە كىردى. ئېمما مەندىن پەقەت نەچچە ياشلا چوڭ، شۇنداقتىمۇ ئۆلۈم بىلەن ھەپىلىشىدىغان باشقا دوختۇرلارغا ئوخشاش ئۇزۇن ۋە قارا چاچلىرىغا بالدۇرلا ئاق سانجىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ ئورۇندۇقتىن بىرنى تارتىپ قېشىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

«تىنچلىقمۇ، مەن ئېمما» دېدى ئۇ. «كەچۈرسىز، بۈگۈن ئۇزۇن تۇرالمايمەن. شۇنداقتىمۇ بىر كېلىپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ‌ۋېتەي دېدىم».

قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق، ئوكۇل شلانكىسى بىلىكىمگە چىرمىشىپ كەتكەن ئىدى.

«مېنى كۆرگىلى كەلگىنىڭىزگە رەھمەت» دېدىم مەن «بالىلىرىڭىزنى ئالغىلى بارىدىغىنىڭىزنى بىلىمەن، بۇلار مېنىڭ تۇغقانلىرىم». ئۇ لۇسى، دادام، ئاپام ۋە ئاكا ئۇكىلىرىم بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملاشتى.

«بۇنداق ئىشقا يولۇققىنىڭىزدىن كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. نەچچە كۈندىن كېيىن كېسىلىڭىز ھەققىدە ئۇزاق پاراڭلىشارمىز. پاتولوگىيە بۆلۈمىدىكىلەرگە ئۆسمە ئەۋرىشكىڭىزنى ئەۋەتتۇق، شۇ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى كېيىنكى داۋالاشقا يول ئاچىدۇ. بەلكىم خىمىيەلىك داۋالاش قىلىشىمىزمۇ، قىلماسلىقىمىزمۇ مۇمكىن، ئاۋۋال تەكشۈرۈش نەتىجىڭىزنى كۈتەيلى»

بىر يېرىم يىل ئىلگىرىمۇ سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ ياتاقتا يېتىپ قالغان ئىدىم. ئۇ چاغدا ھەممەيلەن مېنى بىمار دەپ ئەمەس يەنىلا خىزمەتداش دەپ بىلەتتى، ئۇ چاغدا مەن خۇددى ئۆزۈمنىڭ تېببىي مەسلىھەتچىم ئىدىم. مەن ھازىرمۇ يەنە شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتىم. «ھازىر ۋاقتى ئەمەسلىكىنى بىلىمەن» دېدىم مەن. «لېكىن مەن كاپلان ماير ھايات قېلىش ئەگرى سىزىقى (Kaplan Meier Survival Curves) ھەققىدە پاراڭلاشساقكەن دەيمەن.»

«ياق، ھەتتائ بولمايدۇ» دېدى ئېمما كېسىپلا.

قىسقا سۈكۈتكە چۆكتۇق. ئۇنىڭ بۇنداق گەپ قىلىشقا نېمە ھەددى؟ دەيتتىم ئىچىمدە. بۇ دېگەن دوختۇرلارنىڭ -مەندەك دوختۇرلارنىڭ- داۋالاش نەتىجىسىنى ئالدىن پەرەز قىلىشتىكى مۇھىم بىر مەنبەسى تۇرسا؟ مېنىڭمۇ بىلىش ھوقۇقۇم بار دە؟

«داۋالاش توغرىسىدا كېيىنچە پاراڭلىشىمىز» دېدى ئېمما ۋە داۋام قىلدى. «خىزمەتكە قايتىشىڭىز ھەققىدىمۇ پاراڭلىشىمىز تېخى، پەقەت سىز قايتا خىزمەتكە چۈشۈشنى خالىسىڭىزلا. ئەنئەنىۋى خىمىيەلىك داۋالاش ئۇسۇلىدا ئۇنىڭ پىلاتىن (cisplatin) بىلەن پېمېترېكسېد (pemetrexed)كە ئاۋاستىن (avastin) قوشۇپ ئىشلىتىدۇ. لېكىن بىر ئەتراپ نېرۋا كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش خەۋپى چوڭ بولغان ئۇنىڭ

پىلاتىنىنىڭ ئورنىغا كاربوپىلاتىن (carboplatin) ئىشلىتىشىمىز مۇمكىن، بۇ مېڭىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدايدۇ، سىز دوختۇر، بۇنى ئەلۋەتتە بىلىسىز.»

خىزمەتكە قايتىش؟ نېمىلەرنى بىلجىرلاۋاتىدۇ بۇ ئېيما خېنىم؟ ئۇ كاللىسىدىن كەتتىمۇ ياكى مەن كېسىلىمنى بەك ئېغىر ئويلىۋالدىممۇ؟ تەخمىنەن قانچىلىك ئۆمرۈم قالدى، بۇنىڭغا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بىر ۋاقىت پىچماي تۇرۇپ ئۇ ئىشلارنى قانداق ئويلاشقىلى بولسۇن؟ بېشىم قاتتىق قېيىپ يەر پىرقىراشقا باشلىدى.

«ئىنچىكە ھالقىلىرىنى كېيىنچە سۆزلىشەيلى» دېدى ئۇ. «سىز بۇ كېلىشمەسلىكنى ھەزىم قىلىۋېلىڭ. مەن پەقەت پەيشەنبىدىكى ئۇچرىشىشىمىزدىن بۇرۇن بىر كۆرۈشۈپ چىقاي دەپلا قېشىڭىزغا كىرگەن. بۈگۈن سورايدىغان باشقا سوئالىڭىز بارمۇ، ئەلۋەتتە كاپلان ماير سىزنىڭدىن باشقا؟»

«يوق» دېدىم مەن، بېشىم ھېلىمۇ قېيىۋاتاتتى. «كەلگىنىڭىزگە رەھمەت، مەن بەك خۇش بولدۇم.»

«بۇ ئىسىم كارتام» دېدى ئۇ. «ئىشخانامنىڭ نومۇرىمۇ بۇنىڭدا بار، كۆرۈشكىچە قانداق ئىش بولسا ئىزدەڭ»

ئۆيدىكىلىرىم ۋە دوستلىرىم تېزلا ئۆزلىرىنىڭ تېببىي ساھەدىكى ئالاقە تورىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىدىكى ئۆپكە راكىنى داۋالايدىغان ئەڭ ئۇستا دوختۇرلارنى ئىزدەشكە باشلىدى. خيۇستون ۋە نيۇيوركتا خېلى چوڭ

ئۆسمە كېسەللىكلەر مەركىزى بار ئىدى، شۇ يەرگە بېرىپ داۋالانسام قانداق بولار؟ قانداق كۆچۈش كېرەك، ياكى ۋاقىتلىقلا دوختۇرخانا يۆتكىلەمدىم دېگەندەك ئىشلارنى كېيىنچە بىر نەرسە دېيىشكە ئىلىپ قويدۇق. كۆپچىلىك تېزلا نەتىجىگە ئېرىشتى. ئېمما ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، ھەتتا دۇنياغا داڭلىق ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ، دۆلەتلىك ئۆسمە كېسەللىكلەر كومىتېتىدا ئۆپكە راكى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدىغان مۇتەخەسسىس بولۇپلا قالماي يەنە بىمارلىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، كۆيۈمچان، قايسى ۋاقىتتا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان ياخشى دوختۇر ئىكەن. تۇيۇقسىز شۇنداق بىر خىيالغا كەپ قالدىم: جىمى جاھاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ، كومپيۇتېردا تاسادىپىي تەقسىم قىلىنىپ مۇشۇ دوختۇرخانىدا پىراكتىكانت دوختۇر بوپتىمەن، ئاندىن ئويلاپمۇ باقمىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، يەنە شۇ ساھەدىكى ئەڭ ئۇستا دوختۇرنىڭ بىمارى بوپتىمەن.

بۇ ھەپتە ئاساسەن كارىۋاتتىن تۇرالمىدىم، كېسىلىم تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتكەچكە، تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدىم. بەدىنىم ھازىر ئەسلىدىكى ھالىتىدىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. كارىۋاتتىن چۈشۈپ ھاجەتكە چىقىش ئاللىقاچان پوستلاق قەۋەتىمنىڭ ئاڭسىز ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى بىر ئىنتايىن تەس ئىشقا ئايلىنىپ، تېخى نۇرغۇن تەييارلىق قىلىشىمغا توغرا كېلەتتى. فىزىكىلىق داۋالاش دوختۇرى

دوختۇرخانىدىن چىققاندا ئۆيدە قىينىلىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن لازىملىق نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈپ بەردى: بىر ھاسا، مەخسۇس ئىشلەنگەن تەرەت تۇۋىقى تەگلىكى، ئارام ئالغاندا تىقىمىمغا قويىدىغان كۆپۈك تاختا دېگەندەك نەرسىلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئاغرىق توختىتىدىغان دورىلارمۇ بار ئىدى. دوختۇرخانىدىن چىققاچ ئويلاپ قالدىم، تېخى ئالتە كۈننىڭ ئالدىدا 36 سائەت ئۇدا ئوپېراتسىيە قىلالايتتىم، ئەجەب بىر ھەپتە ۋاقىت ئىچىدىلا شۇنچىلىك ئاجىزلىشىپ كەتتىم دېسە. لېكىن، ئۇ 36 سائەتتىمۇ ئۆزۈمنىڭ ھېرىپ چارچاشقا تاقابىل تۇرىدىغان ئۇششاق ئاماللىرىم بار ئىدى، يەنە كېلىپ خىزمەتداشلىرىممۇ ياردەملىشەتتى، لېكىن ئاشۇ چاغدىمۇ بەدىنىم قاتتىق ئاغرىغان ئىدى. ھازىر CT تەسۋىرى ۋە باشقا تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، مەن راكلا ئەمەس بەلكى ئاخىرقى باسقۇچ، بەدىنىم تۈگىشەيلا دەپ قالغان ئىدى. ئەجەبا ئەندىشەم ئىسپاتلانغىنى ئۈچۈنلا مەن بىر تېببىي خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن خىزمىتىمگە، بىمارلىرىمغا، نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتىم، مۇكەممەللىككە بولغان ئىنتىلىشىمنى تاشلىۋەتسەم بولامدۇ؟ كۆڭلۈمدە ئۆزۈمگە «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردىم. بۇ يەردە مۇنداق بىر زىتلىق پەيدا بولدى: مەن خۇددى پەللىگە يېتەيلا دەپ قالغاندا قاتتىق يىقىلىپ چۈشكەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرىغا ئوخشايتتىم. بىمارلارنىڭ

ھالىغا يېتىش مەجبۇرىيىتىم ئەمدى ماڭا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بېرەلمەيتى، چۈنكى ئۆزۈم بىر بىمار ئىدىم.

ئادەتتە مەن غەلىتە ئالامەتلەر بولغان بىمارنىڭ كېسىلىنى كۆرگەندە شۇ كېسەلگە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەردىن مەسلىھەت ئالاتتىم ۋە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئوقۇپ چىقاتتىم. بۇ قېتىممۇ شۇنداق باشلىدىم، ئەمما مەن نۇرغۇن دورىلار تەڭ ئىشلىتىلىدىغان خىمىيەۋى داۋالاشقا دائىر ماتېرىياللارنى ئوقۇشقا باشلىغاندا ئۇنىڭدىكى زامانىۋى ۋە مەركەزلىك داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ جىقلىقى ۋە مۇرەككەپلىكىدىن كاللامدا نۇرغۇنلىغان سوئاللار پەيدا بولۇپ كىتابنىمۇ تولۇق ئوقۇيالمىدىم. (خۇددى ئالېكساندىر پوپ ئېيتقاندەك: «خەتەرلىك ھېچ ئىش يوقتۇر چالا بىلمەكتىن، قېنىپ ئىچ، يا بۇلاققا كەلمىگىن يېقىن»)

يېتەرلىك كلىنىكىلىق تەجرىبەم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مەن ئۆزۈمنى ھازىرقى يېڭى ئۇچۇر دۇنياسىغا قويۇپ ئويلىيالمايتتىم، كاپلان ماير سىزىقىدىكى ئورنۇمنى تېخىمۇ تاپالمايتتىم. شۇڭا مەن ياۋاشلىق بىلەن كلىنىكىلىق زىيارەتنى ساقلىدىم.

ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا ئارام ئالدىم.

مەن لۇسى بىلەن ئىككىمىز تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا چۈشكەن رەسىمگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم، رەسىمدە ئىككىمىز ناھايىتى خۇشال ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتۇق. ئىشلار نېمىدېگەن كۆڭۈلسىز. ئەسلىدە ھاياتنى بىرلىكتە ياخشى ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغان بىر جۈپلەر ئۆزلىرىدىكى ئاجىزلىقلاردىن ئەسلا بىخەۋەر ئىدى. ئەمما ئويلاپ قالدىم، دوستۇم لاۋرىنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەن يىگىتى ئۇ ماشىنا ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كەتكەندە قانچە ئازابلانغاندۇ؟ ئۇنىڭ قىسمىتى مېنىڭكىدىنمۇ ئېغىرمىدۇ؟

ئائىلەمدىكىلەر مېنى دوختۇر سالاھىيىتىدىمدىن بىمار ھالىتىگە ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى تاماملىشىپ بەردى. بىز توردا دورىخانىنىڭ پوچتىدىن يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى ئۈچۈن بىر ھېسابات ئاچتۇق، ئاندىن بىر كارىۋات ۋادىكى بۇيرۇتتۇق ۋە بەل ئاغرىشنى يېنىكلىتىشكە پايدىلىق بىر قوللىنىشچان كارىۋات سىلىنچىسى سېتىۋالدۇق. ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي پىلانىمىزدا مېنىڭ كېلەر يىلدىكى كىرىمىم ئالتە ھەسسە قاتلىناتتى. لېكىن ئەمدىلىكتە بولغاندا ئۇ سان ئېنىقسىز ھالەتكە ئايلىنىپ قىلىۋاتاتتى. يەنە مەندىن كېيىن قالسا لۇسىنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىقتىساد ھەل قىلىش زۆرۈر بولماقتا ئىدى. دادام مېنىڭ بۇ تەييارلىقلىرىمنى كېسەلگە باش ئەگكەنلىك دەپ قارىدى، ئۇنىڭچە بولغاندا مەن بۇ كېسەلنى يېڭەلەيتتىم ۋە بىر ئامالىلار بىلەن ساقىيىپ كېتەتتىم. مەن بۇرۇن بىمارلىرىمنىڭ تۇغقانلىرىنىڭمۇ دەل شۇنداق

گەپلىرىنى جىق ئاڭلىغان. شۇنداق چاغلاردا مەن ئۇلارغا نېمە دېيىشنى بىلمەيتتىم، ھازىرمۇ دادامغا نېمە دېيىشنى بىلمىدىم.

نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟

ئىككى كۈندىن كېيىن لۇسى ئىككىمىز ئېمما بىلەن كۆرۈشتۇق. ئاتا-ئانام ساقلاش ئۆيىدە تىت-تىت بولۇپ ئولتۇراتتى. تېببىي ياردەمچى كىرىپ قېنىمدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئېمما ۋە ئۇنىڭ كەسپىي سېستراسى دەل ۋاقتىدا كەلدى. ئېمما بىر ئورۇندۇقنى ئالدىغا تارتىپ مەن بىلەن يۈزمۇ-يۈز قارىشىپ ئولتۇرۇپ گەپ باشلىدى.

«ياخشىمۇ سىلەر، بۇ مېنىڭ ياردەمچىم ئالېكس» دېدى ئۇ كومپيۇتېر ئالدىدا بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتقان سېسترانى ئىشارەت قىلىپ. «بىز سۆھبەتلىششكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، ئەمما ئاۋۋال ئەھۋالىڭلارنى سوراپ باقسام، قانداقراق تۇردۇڭلار؟» دېدى.

«يامان ئەمەس، ھەر ئېھتىماللىقلارنى ئويلىشىپ قويدۇق» دېدىم مەن جاۋابەن. «ھازىر ئۇبدان دەم ئېلىۋاتىمەن، ئۆزىڭىز قانداقراق؟» دەپ سورىدىم.

«مەنمۇ ياخشى» دېدى ۋە توختاپ قالدى. بىمارلار ئادەتتە دوختۇرلىرىدىن ئەھۋال سورىمايتتى. بىراق ئېمما مېنىڭ خىزمەتدىشىم ئىدى. «مەن بۇ ھەپتە ئامبۇلاتورىيە ئىشلىرىنى قىلىۋاتىمەن، بۇ خىزمەتنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز» دېدى ئۇ ۋە كۈلۈمسىرەپ قويدى. لۇسى ئىككىمىز

ئەلۋەتتە بىلەتتۇق. كېسەلخانا دوختۇرلىرى ئادەتتە قانچە ئالدىراش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەرەللىك ھالدا ئامبۇلاتورىيە خىزمىتىنى قىلمىسا بولمايتتى.

كۆلكە چاقچاقتىن كېيىن بىز ئۆپكە راكى تەتقىقاتى توغرىسىدا ئۇچۇق يورۇق پاراڭلىشىشقا باشلىدۇق. ئۇ بۇ خىل راكقا قارىتا ئىككى خىل داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ بارلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. بىرى خىمىيەلىك داۋالاش ئۇسۇلى ئىدى، بۇ ئۇسۇل ئاساسلىقى تېز پارچىلىنىۋاتقان ھۈجەيرىلەرنى نىشان قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئەسلىدىكى راك ھۈجەيرىلىرىدىن باشقا يەنە بىمار بەدىنىدىكى ئەزالارمۇ تەسىرگە ئۇچرايتتى، مەسىلەن يۇلۇن، تۈك خالتىسى ۋە ئۈچەي دېگەندەك. ئېمما خۇددى باشقا بىر دوختۇرغا لېكسىيە سۆزلەۋاتقاندەك سان-سىپىرلار بىلەن ئېنىق سۆزلەيتتى. ئەمما ئۇ باشتىن ئاخىر كاپلان ماير سىزىقىنى تىلغا ئالمىدى. يەنە بىر يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇلى بولسا تېخى تەتقىقات باسقۇچىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا راك ھۈجەيرىسىدىكى مەلۇم ئالاھىدە مولېكۇلالارنىڭ كەمتۈكلۈكى كۆزدە تۇتۇلاتتى. مەن بۇ خىل داۋالاش توغرىسىدا نۇرغۇن گەپ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بولۇپ ماڭا بۇ ئۇسۇلدا راكنى داۋالاش نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان مۈشكۈل ئىشتەك بىلىنەتتى. لېكىن ئېمما بۇ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشلەرنى تونۇشتۇرغاندا مەن ھەيران قالدىم، بۇ ئۇسۇل «بەزى»

بىمارلارغا نىسبەتەن دەرۋەقە ھاياتنى ئۇزارتالايدىغان بىر ئامالغا ئۆزگىرەۋاتقان ئىدى.

«تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئاساسەن چىقىپ بولدى» دېدى ئېمما سۆز باشلاپ. «سىزدە تىرى-فوسفو ئىنزوتىل ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ئېنزىمىنىڭ تاسادىپىي ئۆزگىرىش ئالامىتى بار ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. كۆپ ئۇچرايدىغان تاسادىپىي ئۆزگىرىشكە قارىتا قىلىنغان سىناق نۇرغۇن بىمارلارغا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ھازىرقى ئەھۋالدا ئېپىدىرما ئۆستۈرگۈچى فاكتورى قوبۇللىغۇچى ئاقسىلنى ئىشلىتىشنى قارار قىلغىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە سىز نۆۋەتتىكى ئەھۋالىڭىزدا خىمىيەلىك داۋالاش قىلىشنىڭ ئورنىغا تارسېۋا دېگەن دورىنى يېسىڭىز تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ نەتىجىسى ئەتە چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ دورا سىزگە ئەكس تەسىر كۆرسەتسە، مەن سىزنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىڭىزنى ئويلىشىپ، دۈشەنبە كۈنى خىمىيەۋى داۋالاشنى باشلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن».

مەن شۇئان بىر خىل قېرىنداشلىق مېھرىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئېممانىڭ كۆرسەتمىسى دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى نېرۋا ئوپېراتسىيە دوختۇرىنىڭ مەسلىھەتى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىمارلارنىڭمۇ تاللاش ئەركىنلىكى بار ئىدى.

«خىمىيەلىك داۋالاشتا ئاساسلىق تاللىشىمىز كاربوپلاتىن ياكى سىسپلاتىن بولىدۇ. ئايرىم تەجرىبىلەردە كۆرسىتىلىشىچە كاربوپلاتىن سىسپلاتىندىن ياخشىراق. سىسسىپلاتوننىڭ ئۈنۈمى ياخشى يۇقىرىراق بولىسمۇ زەھىرى كۈچلۈكرەك، بولۇپمۇ نېرۋىغا تەسىرى چوڭ. نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار كونىراپ قالدى ۋە زامانىۋى كۆتۈنۈش ئۇسۇلىدا بۇ ئىككى خىل دورىنىڭ بىۋاستە پەرقى بارلىقى ئېنىق ئەمەس، سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟»

«مەن كېيىنكى ئوپېراتسىيە خىزمىتىم ئۈچۈن قولۇمنى ئاياپ ئولتۇرمايمەن» دېدىم مەن. «ھاياتلا بولسام يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايمەن، قوللىرىمدىن ئايرىلىپ قالسام باشقا خىزمەت تاپسام بولىدۇ ياكى خىزمەت قىلمىساممۇ بولىدۇ».

ئۇ توختاپ قالدى. «سىزدىن بىر ئىشنى سوراي، ئوپېراتسىيە سىز ئۈچۈن مۇھىممۇ؟»

«ئەلۋەتتە بەك مۇھىم، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدا تەييارلىق قىلدىم.» دېدىم مەن.

«بولىدۇ، ئۇنداقتا مەن كاربوپلاتىن ئىشلىتىشكىزنى تەشەببۇس قىلىمەن، مەن ئۇ دورا ھايات قىلىش قالماسلىقنى بەلگىلەيدۇ دېمەيمەن، ئەمما مېنىڭچە ئۇ تۇرمۇش سۈپىتىڭىزنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرەلەيدۇ. سىزنىڭ يەنە باشقا سوئاللىرىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىدى ئېمما.

ئۇنىڭ چىرايىدىن ئوپېراتسىيەنى چوقۇم قىلىش كېرەكلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇشقا رازى ئىدىم، بەلكىم مەن ئۆزۈمنى ئوپېراتسىيە قىلىش بىر مۇمكىنچىلىك ۋە چىقىش يولى دەپ ئىشەندۈرۈۋاتقاندىمەن. ئەمما مەن سەل ئازادىلىك ھېس قىلىپ قالدىم.

«تاماكا چەكسەم بولامدۇ؟» دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

لۇسى كۈلۈپ كەتتى، ئېمما كۆزلىرىنى ئالايتىپ تۇرۇپ «بولمايدۇ، مۇھىمراق سوئالىڭىز بارمۇ؟» دېدى.

«كاپلان ماير...» مەن شۇنداق دېيىشىمگىلا ئۇ گېپىمنى بۆلىۋەتتى. «بۇنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى» دېدى ئېمما.

مەن ئۇنىڭ جاھىللىقىنى چۈشىنەلمەي قالدىم. نېمىلا دېگەن بىلەن مەنمۇ بىر دوختۇر، بۇ ئىستاتىستىكىلارنى كۆرۈپ چۈشىنەلەيمەن ۋە شۇ بويىچە تەييارلىق قىلسام بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

«بولىدۇ» دېدىم مەن، ھەممە ئىشلار ئېنىق بولدى، ئەتە EGFR نىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققاندا پاراڭلىشايلى. ياخشى چىقسا تارسېۋا تابلېتكىسىنى يېيىشنى باشلاي، بولمىسا دۈشەنبىدىن باشلاپ خىمىيەلىك داۋالاشنى باشلايلى» دېدىم.

«ماقۇل. سىزگە دەپ قويىدىغان يەنە بىر گەپ، مەن ھازىر سىزنىڭ مەسئۇل دوختۇرىڭىز. ھەر قانداق مەسىلە بولسا ئالدى بىلەن مېنى ئىزدەڭ» دېدى ئېمما.

مەن قېرىنداشلىق ھېسسىياتنى قايتا ھېس قىلدىم. «رەھمەت» دېدىم مەن. «خىزمىتىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا تىلەكداشمەن».

ئۇ چىقىپ كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كەلدى ۋە «بۇ لايىھەگە قوشۇلمىساڭلارمۇ ھېچقىسى يوق، ئەمما بەزى ئۆپكە راكىنى داۋالاشقا قارىتا مەبلەغ توپلىغۇچىلار سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىكەن، بۇ ئىشقا ھازىرلا جاۋاب بەرمىسەڭلارمۇ بولىدۇ، ئويلىنىپ بىر قارارغا كەلگەندە ئالېكسقا دەپ قويساڭلار بولىدۇ. مەن سىلەرنى ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭلار خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا زورلىمايمەن.» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

بىز قايتىپ ماشىنىدا لۇسى «ئۇ قالتىسكەن، سىزگە بەك ماس كېلىدىكەن، گەرچە...» دېدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ داۋام قىلدى. «مېنىڭچە ئۇ سىزنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ».

«خوش؟» دېدىم مەن.

«مۇنداقچە ئېيتساق بىر تەتقىقات نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، دوختۇرلار ئۆزلىرى بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەن بىمارلارغا قارىتا ئالدىن پەرەز قىلىشتا ئاجىز كېلىدىكەن» دېدى لۇسى.

«بىز ئەندىشە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تىزىملىكىدە بۇ خىل ئېھتىماللىق بەلكىم ئەڭ ئاستىدىدۇر» دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۆز ئۆلۈمۈم بىلەن بۇ قەدەر يېقىندىن ئۇچرىشىشنىڭ ھاياتىمدىكى ھېچنېمىنى ۋە ھەممىنى تەڭلا ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا

باشلىدىم. ماڭا ئۆپكە راكى دەپ دىياگنوز قويۇلۇشتىن بۇرۇنمۇ مەن ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى، ئەمما ئۇ قايسى كۈنى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مانا ھازىرمۇ ئوخشاش، ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنى بىلىمەن-يۇ قاچانلىقىنى بىلمەيمەن. بىراق ھازىر نېمىلا بولمىسۇن ئېنىقراق ئىدى. بۇ ئىلىم پەننىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ئەمەس. ئۆلۈمۈم مۇقەررەرلىشىپ بولغان، قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

# 12-قىسىم

كېسىلىم ھەققىدىكى كاللامنى چىرمىۋالغان تۇمانلار بارا-بارا تارقاپ كېتىۋاتاتتى، ھازىر مەن ھېچبولمىسا يېتەرلىك ئۇچۇرغا ئېرىشكەن ئىدىم. گەرچە سانلارنى ئىشەنچلىك دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئېمما دېگەن EGFR گېنىدىكى توساتتىن ئۆزگىرىش ھاياتىمنى ئاز دېگەندە بىر ئىككى يىل ئۇزارتالايدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ خىل توساتتىن ئۆزگىرىش يوق بولغىنىدا، بۇ كېسەل بىلەن دىئاگنوز قويۇلغان 80 پىرسەنت كىشى ئىككى يىل ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىكەن. تەلىيىمگە يارىشا، شۇ خىل توساتتىن ئۆزگەرگەن گېنىمنىڭ بولغانلىقى مەن ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىردىن باشلاپ ئۆمرۈمنىڭ ماڭا پۇتۇنلەي پايدىسىغا قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئەتىسى لۇسىي ئىككىمىز ئىسپېرما بانكىسىغا باردۇق. پىراكتىكام ئاخىرلاشقان ھامان بىز باللىق بولۇشنى پىلانلاۋاتقان ئىدۇق، بىراق ھازىر... راكقا قارشى دورىلار ئىسپېرمامغا ناچار تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، شۇڭا باللىق بولۇش ئۇچۇن داۋالىنىش باشلانغۇچە ئىسپېرمامنى توڭلىتىپ ساقلاپ قويماقچى بولدۇق. بىر ياش ئايال بىزگە ھەرخىل يورۇشلۇك مۇلازىمەتلەر، ئىسپېرمىنىڭ ساقلىنىش ئۇسۇلى ۋە بۇ ئىشنىڭ قانۇنغا چېتىلىدىغان تەرەپلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىلىدە راك كېسەللىكى بىمارلىرىغا مەدەت بېرىدىغان ھەر خىل

پائالىيەتلەر، مەسلەن ئاكتىيورلۇق، خور، ئەركىن ناخشا كىچىلىكى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان رەڭگارەڭ تەشۋىقات قوللانمىلىرى تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ كۆلكە يىغىپ تۇرغان چىرايى ھەۋەسىمنى قوزغايتتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدىغان راك بىمارلىرى بولۇپ، ئۆمرىمۇ ھەر ھالدا ئۇزۇنراق بولاتتى. پەقەت ھەر ئون مىڭنىڭ ئىچىدە ئون ئىككى ئادەملا ئوتتۇز ئالتە يېشىدا ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولۇپ قالاتتى. شۇنداق، راك بىمارلىرىنىڭ ھەممىسىلا بەختسىز كىشىلەر، لېكىن ساقىيىدىغان راك بار، ساقايماس راكمۇ بار، كېيىنكىسى بولۇپ قېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك شور پېشانە بولۇشىڭىز كېرەك. خىزمەتچى ئايال بىزدىن ئەگەر ئىككىمىزدىن بىرىمىز «ئۆلۈپ كېتىپ قالساق» بۇ ئىسپېرملارغا كىمنىڭ قانۇنىي ئىگە بولىدىغىنىنى سورىغاندا لۇسىينىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئۈمىد دېگەن سۆز ئىنگلىزچىدا مىڭ يىللار بۇرۇن پەيدا بولغان بولۇپ ئىشەنچ ۋە ئارزۇنىڭ يىغىندىسىنى بىلدۈرەتتى. ئەمما مەن ئارزۇلىغان نەرسە (ھايات) ھەرگىزمۇ مەن چوقۇم كېلىشكە ئىشىنىدىغان نەرسە (ئۆلۈم) ئەمەس ئىدى. مەن ئۈمىدتىن ئىبىز ئاچقاندا «ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇلار ئۈچۈن بىر پۇرسەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىش»نى كۆزدە تۇتتۇممۇ؟ ياق. تىببىي ئىستاتىستىكا بىزگە راك كېسەللىنىڭ ئوتتۇرىچە ھايات قېلىش

نىسبىتىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماستىن بىزنىڭ شۇ نىسبەت سانىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، نىسبەتنىڭ ئىشەنچ سەۋىيەسى، ئىشەنچ ئارىلىقى ۋە ئىشەنچ چېكى دەيدىغان قورالسىمان ئاتالغۇلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمىسە مەن دېگەن ئۈمىد «ئىستاتىستىكىدا ئېھتىماللىقى تۆۋەن بولغان، ئەمما مۇمكىنچىلىكى يوق دېگىلى بولمايدىغان مەسلەن 95 پىرسەنت ئىشەنچلىك خۇلاسىنىڭ سىرتىدىكى شۇ بەش پىرسەنت» بوپ قالسىچۇ؟ (تەرجىماندىن: ئىستاتىستىكا ئىلمىدە چىقىرىلغان يەكۈنلەر ئادەتتە 95% ئېھتىمالدا خاتا چىقىپ قالغان يەكۈننىڭ قارشى يەكۈننى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، دېمەك 5% ئېھتىماللىقتا توغرا دەپ قارالغان يەكۈنگە چۈشمەيدىغان ئەھۋاللار بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، 2 يىلدا ئۆلۈپ كېتىدۇ دېيىلگەندە، ئۇنداق بولماي قېلىشىنىڭ ئېھتىماللىقىمۇ بار، لېكىن بۇ ئېھتىماللىق ئاران 5% ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن دېگەن گەپ). ئەجەبا، ئۈمىد دېگەن شۇمىدۇ؟ بىز بۇ ئەگرى سىزىقلارنى مەۋجۇتلۇق باسقۇچلىرىغا: «مەغلۇبىيەت»تىن «ئۈمىدسىزلىك»كە، ئۇنىڭدىن «رېئاللىققا قايتىش»قا، ئاندىن «ئۈمىدۋارلىق»قا، ئاخىرىدا «خام خىيال»غا بۆلەلەمدۇق؟ سانلار پەقەتلا سانلاردىن ئىبارەتمۇ؟ بىز بۇ «ئۈمىد»نى زىيادە چوڭ كۆرۈۋالدۇقمۇ؟

تۇيۇقسىزلا بىر راك كېسىلى بىمارىغا ئايلانغان شۇ پەيتتە ئىستاتىستىكىغا بولغان تونۇشۇمنىڭمۇ ئۆزگەرگىنىنى ھېس قىلدىم.

پىراكتىكانت دوختۇر بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىمدا، مەن نۇرغۇنلىغان بىمار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن شۇ قورقۇنۇچلۇق كەلگۈسى توغرىسىدا پاراڭلاشقاندىم. دوختۇر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن كېسەللىك توغرىسىدا پاراڭلىشىش سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنىڭ مۇھىم بىرقىسمى. ئەگەر بىمار 94 ياشلىق دېۋەڭلىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى مېڭىسى قانىغان كىشى بولسا پاراڭلىشىش سەل ئاسانراق توختايدۇ. لېكىن بىمارىڭىز مەندەك 36 ياشقا كىرە كىرمەيلا ساقايماس راك بىلەن دىئاگنوز قويۇلغان بىرى بولسا نېمە دېيىشنى سىزمۇ بىلەلمەي قالىسىز.

دوختۇرلارنىڭ بىمارلارغا قانچىلىك ئۆمرى قالغانلىقىنى دەپ بەرمەسلىكى ئۇلارنىڭ بىلمەيدىغانلىقىدىن ئەمەس. ئەلۋەتتە ئەگەر بىمارنىڭ كۆتكىنى ئەمەلىيەتتە بەكلا ھالقىپ كەتسە، مەسىلەن بىرسى 130 يىل ياشىماقچى بولسا ياكى سۈرۈلۈپ كەتكەن تېرىسىنى كۆرسىتىپ مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم دەپ ۋەسىيەت يېزىپ يۈرسە، ئۇ چاغدا دوختۇرنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارغا ئەقىلگە ئۇيغۇن ئېھتىماللىق دائىرىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بىمارنىڭ ئىزدىمەكچى بولغىنى دوختۇر يوشۇرۇپ ئېيتمىغان پەننىي پاكىتلار ئەمەس، بەلكى ھەر بىرەيلەن ئۆزى تونۇشى زۆرۈر بولغان مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەھمىيىتى ئىدى. ئىستاتىستىكىدىكى سانلارغا ئېسىلىۋېلىش خۇددى ئۇسسۇزلۇقتا تۇزلۇق سۇ ئىچكەندەكلا ئىش.

ئۆلۈم ئالدىدىكى ئىزتىراپنى ئىستاتىستىكىدىكى مۇمكىنچىلىك بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئىسپىرما بانكىسىدىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا بىر تېلېفون قوبۇل قىلدىم ئۆلارنىڭ دېيىشىچە مەندە ھەقىقەتەن داۋالاشقا بولىدىغان بىر توساتتىن ئۆزگەرگەن گېن رايونى (EGFR) باركەن. دېمەك خىمىيەلىك داۋالاش قىلماي، ئاق رەڭلىك تارسېۋا دەيدىغان دورا بىلەن داۋالىنىدىكەنمەن. تېزلا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ قالغاندەك بولدۇم. نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن ماڭا ئۈمىدتەك، تۇرمۇشۇمنى ئورىۋالغان قارا بۇلۇتلار ئازراق تارقاپ ھاياتىمغا كۆنىنىڭ نۇرى سەل چۈشۈپ بېشىمنىڭ ئۈستىدە كۆك ئاسمان كۆرۈنگەندەك بىلىندى. بىر نەچچە ھەپتىگە قالماي ئىشتىھارىم ئەسلىگە كېلىپ، سەل سەمرىگەندەك بولدۇم، مۇشۇ ياخشىلىنىشلارنىڭ نەتىجىسىگە ئېغىر دانىخورەك بېسىپ كەتتى. لۇسى مېنىڭ سىلىق تېرەمنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئەمدىلىكتە تېرەمنى قاپارتمىلار قاپلاپلا قالماي، قان سۈيۈقتۇشقا ئىشلەتكەن دورا تۈپەيلى قان تەپچىرەپلا تۇراتتى. قامىتىمنى كېلىشكەن قىلىپ تۇرغان نەرسىلەر بىر بىرلەپ يوقاۋاتاتتى، لېكىن راستىنى دېسەم كېلىشكەن بولالمىسامۇ ھايات قالساملا ئالەمچە خۇشال بولاتتىم. لۇسى ماڭا: تېرىڭىز دانىخورەك بولسۇن ياكى سىلىق بولسۇن ئوخشاشلا ياقتۇرىۋېرىمەن دېدى، لېكىن مەن ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغىنى پەقەت شۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىلا ئەمەسلىكىنى، بەلكى تەنمۇ قوشۇلۇپ ئاندىن

كىملىكىمىزنى تەشكىل قىلىدىغىنىنى ئېنىق بىلەتتىم. پىيادە ساياھەتنى، يوگورۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆز مۇھەببىتىنى چىك قۇچاقلاش ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان، جىيەنىنى ئاسمانغا ئېگىز ئېتىپ خۇش قىلىپ كۈلدۈرىدىغان ئەر ئەمدى نەلەرگىدۇر غايىب بولغان ئىدى. قايتىدىن شۇنداق ئەر بولۇپ ياشاش پەقەت خىيالىمدىكى ئارزۇغا ئايلىنىپ قالغانتى، خالاس.

ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئېمما بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلىدۇق. بىزنىڭ پاراڭلىرىمىز تىببىي تېمىلاردىن كۆپرەك (مەسىلەن قاپارتمىلىرىڭىز قانداقراق دېگەندەك) مەۋجۇدىيەت تېمىلىرىغا يۈزلىنىشكە باشلىدى. ئەنئەنىۋى راك كېسىلى ئەندىزىسىدە، نۇرغۇن كىشىلەر راك ئالدىدا تەسلىم بولۇشنى، ئائىلىسى بىلەن بىر مەزگىل بولىسىمۇ بىللە ئۆتكۈزۈشنى تاللايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق باشقا كەلگەننى كۆرۈشمۇ بىر تاللاش.

«نۇرغۇن كىشىلەر راك دىئاگنوزى قويۇلغاندىن كېيىنلا خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىدۇ» دېدى ئېمما. «بەزىلىرى ئەكسىچە ئۆزىنى خىزمەتكە تېخىمۇ ئۇرىدۇ. ھەر ئىككىسى توغرا»

«خىيالىمدىكى 40 يىللىق كەسپىي ھاياتىمنىڭ ئالدىنقى يىگىرمە يىلىدا دوختۇر ۋە ئالىم بولسام، كېيىنكى يىگىرمە يىلىدا يازغۇچى بولسام دەيدىغان پىلانىم بار ئىدى» دېدىم مەن، «ئەمدىلىكتە خىزمەت ھاياتىمنىڭ ئەمەس، پۈتۈن ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى يىگىرمە يىلىدىن خېلى

كۆپىنى ياشاپ بولغاندەك قىلىمەن، ئەمدىلىكتە قايسى كەسپنى قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلمەيۋاتىمەن»

«بۇ سوئالىڭىزنىڭ جاۋابىنى مەن بېرەلمەيمەن» دېدى ئېمما. «مەن پەقەت خالىسىڭىز خىزمەت ئورنىڭىزغا قايتىپ دوختۇرلۇقنى قىلىۋەرسىڭىزمۇ بولىدۇ دەپ مەسلىھەت بېرەلەيمەن، لېكىن مۇھىمى سىز ئۆزىڭىزگە نېمىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالمىسىڭىز بولمايدۇ»

ئەگەر قانچىلىك ئۆمرۈم قالغانلىقىنى بىلگەن بولسام ئىدىم، ئاسان بولاتتى، ئەگەر ئىككى يىللا ئۆمرۈم قالغان بولسا يازغۇچىلىقنى باشلايتتىم، ئەگەر ئون يىلىم بولسا دوختۇرلۇقنى قىلىۋېرەتتىم.

«سىزگە ئېنىق بىر سان دەپ بېرەلمەيمەن، سىزمۇ بىلىسىز»

شۇنداق، مەن بىلىمەن. ئۇنىڭ سانسىز قېتىم تەكرارلاپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئېيتقىنىدەك، قىممىتىمنى تېپىش ئۆزۈمگە باغلىق. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدىن «بۇ دېگەن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقۇ» دېگەن سادا كېلەتتى. توغرا، مەنمۇ بىمارلىرىمغا ئېنىق جاۋاب بېرىپ باقمىغان، لېكىن مەن ھەرقاچان ئۇلارنىڭ نېمىنى تاللايدىغىنىنى ئاز-تولا ھېس قىلالايتتىمغۇ؟ بولمىسا ھايات-ماماتلىق قارارلارنى قانداق چىقىرالايتتىم؟ ئاندىن مەن ئۇلارنىڭ ھاياتىنى خاتا مۆلچەرلەپ قويغان ۋاقىتلىرىمنىمۇ ئەسلىدىم. بىر قېتىم مەن بىر بالىنىڭ ئاتا ئانىسىغا ئەمدى داۋالاشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق دەپ مەسلىھەت بەرسەم، ئىككى

يىلدىن كېيىن ئۇلار ئوغلىنىڭ ساقىيىپ پىيانىنو چېلىۋاتقان ھالىتى يوللانغان يۇتيۇب (يوۋكۇغا ئوخشايدىغان فىلىم تور بېتى)دىكى فىلىمنى كۆرسىتىپ قويغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىمغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئىشخانامغا قەغەز ئورالمىلىق كىچىك تورتتىن بىر پەتنۇس كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدى.

مېنىڭ ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرى بىلەن كۆرۈشۈشۈم ئالدىن كېلىشىپ قويغان ھەرخىل تەكشۈرۈشلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئىدى، دوختۇرلار ئۈچۈنمۇ ھەم شۇنداق ئىدى. لېكىن مەن كۆرۈشىدىغانلار ئۇلارلا ئەمەس، مەن لۇسىينىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن ئائىلە مەسلىلىرى دوختۇرى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ دېرىزىسىز ئىشخانىسىدىكى كېرىسلودا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ ھاياتىمىزنى، ھازىرىمىز ۋە كەلگۈسىمىزنى، راك دىئاگنوزىنى ئاڭلىغاندا بىزنىڭ قانداق ۋەيران بوپ كەتكىنىمىز، بىلگەندىن كېيىنكى ئازاب ۋە كەلگۈسىنى كۆرەلمەسلىكتىن كەلگەن قورقۇنۇچلىرىمىز، ئۆيدىكى ھېسابىنىڭ تالاغا توغرا كەلمىگەنلىكىرى، مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىر بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆزلىشەتتۇق. ئەمەلىيەتتە، راك ئائىلىمىزنى قۇتقۇزغان ئىدى.

«سىلەر بۇ كېلىشمەسلىكنى مەن كۆرگەن باشقا ھەر قانداق ئەر-ئايالدىن ياخشى قوبۇل قىلالايسىلەر» دېدى دوختۇر تۇنجى كۆرۈشۈش

ئاياغلاشقاندا. «مەن سىلەرگە قايسى جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىشنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن.»

ئۇ يەردىن كۆلۈپ تۇرۇپ چىقتىم، مەن ھېچبولمىسا يەنە بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتىمەن. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان كېسەلى قاتتىق ئېغىر بىمارلارغا قارىغىنىمنىڭ پايدىسى بوپتۇ. مەن لۇسىيغا قارىدىم، ئۇنىڭدىن كۆلۈمسىرەش كۈتەتتىم، ئەمما ئۇ بېشىنى چايقىدى.

«چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟» دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ. «بىز ئەڭ ياخشىسى بولساق، دېمەك بۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى بولالمايمىز.»

ئۆلۈمنىڭ ئېغىرلىقى يەڭگىللىمىسە، ھېچبولمىسا كۈندىن كۈنگە كۆنۈپمۇ قالارمىز؟

ساقايماس كېسەل دەپ دىئاگنوز قويۇلغاندىن باشلاپ، مەن دۇنياغا دوختۇر ۋە بىمارنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىككى خىل نەزەر بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدىم. مەن ئۆلۈمنى ھەم دوختۇر، ھەم بىمار دەپ قاراشقا باشلىدىم. دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن «راكنى چوقۇم يېڭىمەن!» دەپ شۇئار توۋلاشنىڭ ياكى «بۇ كېسەل نېمىشقا مېنىڭ بېشىمغا كېلىدۇ؟» (جاۋابى: نېمىشقا بولمىغۇدەك؟) دەپ سوراشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى بىلىمەن. مەن نۇرغۇن تېببىي بىلىملەرنى، كېسەلگە مۇناسىۋەتلىك داۋالاش، ئەگەشمە كېسەللىكلەر ۋە ھېسابلاش ئۇسۇللىرىنى بىلىمەن. مەن ناھايىتى تېزلا ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرلىرىدىن ھەم ئۆز ئىزدىنىشلىرىمدىن ئۆپكە

راكىنىڭ تۆتىنچى باسقۇچى دەپ دىئاگنوز قويۇلغان بىمارلارنىڭمۇ قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، بۇ خۇددى 80-يىللاردا ئەيدىز گەرچە ئەڭ تېز جان ئالغۇچى كېسەل دەپ قارالغان بولسىمۇ، ھازىر يېڭى داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان بولۇپ كەتكىنىدەك غايەت زور ئۆزگىرىشنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە ئوخشايتتى. بىر تەربىيە كۆرگەن دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنىڭ كېسەللىك دىئاگنوزۇم ماڭا داۋالىنىش جەريانىدىكى سان سىپىرلار ۋە بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغىنىنى تېزلا بىلدۈردى. لېكىن بىمار بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇلار ماڭا قىلچە ياردەم قىلالمىدى، بۇ نەرسىلەر «لۇسى ئىككىمىز بالىلىق بولساق بولامدۇ؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى بېرەلمىدى، ياكى ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا يېڭى ھاياتلىقنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كېلىشىمنىڭ مەنىسىنى دەپ بېرەلمىدى. ھەم شۇنداقلا ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇلاپ كەلگەن كەسپى ئىنتىلىشلىرىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىم كېرەك ياكى ئەمەسلىكىنىمۇ دەپ بېرەلمىدى، كۈرەش قىلسام يېتەرلىك ۋاقتىم بار يوقلىقىنىمۇ ھەم دەپ بېرەلمەيتتى.

# 13-قىسىم

ئۆزۈمنىڭ بىمارلىرىغا ئوخشاشلا ئۆلۈمگە يۈزلىنىشىم، ھاياتىمنىڭ مەنىسىنى، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېپىشىم زۆرۈر ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىمماننىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدىم. بىرلا ۋاقىتتا ھەم دوختۇر ھەم بىمار بولۇش ئازابىدا قەلبىم پۈچىلىناتتى، ئۆز ئۆلۈمۈم بىلەن يۈزلەشكەنچە، كونا كۈنلەرگە قايتىش ياكى تېخىمۇ توغرىسى يېڭى ھاياتنى ئىزدەش ئۈچۈن بىردە تېببىي ئىلىمگە شۇڭغۇپ كىرسەم، بىردە تىببى ئىلىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئەدەبىياتقا مۇراجىئەت قىلىپ ھاياتنىڭ سىناقلىرى بىلەن قاتتىق تىركىشەتتىم.

ھەر ھەپتىنىڭ كۆپ قىسمى ئىدراكىي داۋالاش بىلەن ئەمەس فىزىكىلىق داۋالاش بىلەن ئۆتەتتى. مەن ئاساسەن ھەممە بىمارىمنى فىزىكىلىق داۋالىنىشقا بۇيرۇيتتىم .مانا ئەمدى بۇ خىل داۋالاشنىڭ قانچىلىك قېينىلىقنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم .دوختۇر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ھەر بىر خىل كېسەلنىڭ قانداقراق بىئارام بولىدىغىنىنى بىلىدىغاندەك ھېس قىلىسىز، ئەمما تاكى ئۆزىڭىز شۇ كېسەلنىڭ دەردىنى تارتمىغۇچە ھەقىقي بىلىپ يېتەلمەيدىكەنسىز. بۇ خۇددى مۇھەببەتلەشكەنگە ياكى ئاللىق بولغانغا ئوخشايدۇ. سىز بۇ جەرياندىكى مۇناسىۋەتلىك جەدۋەل ۋە رەسمىيەتلەر ياكى ئۈششاق-چۈشەك ئىشلارنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكىنى

ھەرگىز ئالدىن ھېس قىلالمايسىز. مەسىلەن، ئاسما ئوكۇل ئۇرغۇزسىڭىز ئۇرغان ئوكۇلدىكى تۇزلۇق تەمنى تېتىيالايدىكەنسىز. ئۇقسام ھەممەيلەن تېتىيدىكەن. ئەمما ئۇن بىر يىللىق مېدىتسىنا بىلەن ھەپىلىشىش جەريانىدا ئەزەلدىن بۇنداق بولىدىغىنىنى بىلمەپتىكەنمەن.

فىزىكىلىق داۋالاش جەريانىدا، مەن تېخى ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان ھالەتكە يەتمىگەن ئىدىم، پەقەت پۇتۇمنى كۆتۈرەتتىم. بۇ جاپالىق ۋە نومۇسلۇق بىلىنەتتى. مېڭەم جايىدا، لېكىن مەن ئۆزۈم بولالمايۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم. بەدىنىم ئىنتايىن نازۇك ۋە ئاجىز ئىدى، شۇ سەۋەبلىك يېرىم مۇساپىلىك مارافونچە يۈگۈرۈش مەن ئۈچۈن يىراق ئەسلىمە بولۇپ قالدى، ئاشۇ يۈگۈرۈشمۇ مېنىڭ كىملىكىمنىڭ بىر قىسمى ئىدى. دۈمبە ئاغرىقى كىملىكىڭىزنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقاندەك، چارچاش ۋە كۆڭلى ئېلىشىشمۇ ئوخشاشلا شۇنداق قىلالايتتى .فىزىكىلىق داۋالاش تېرنېرىم كەرىن مېنىڭ نىشانىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغىنىدا، مەن ۋېلسىپىت مىنىش ۋە يىراقلارغا يۈگۈرۈش دېگەن ئىدىم .بوشاڭلىق ۋە ئاجىزلىق ئالدىدا ئىرادە ئەڭ مۇھىم كەلدى. مەن ھەر كۈنى ئىزچىل مەشىق قىلدىم، ھەر بىر قېتىملىق كىچىككىنە جانلىنىشىنىڭ مېنىڭ يېڭى دۇنيارىمنى ۋە يېڭى بىر مېنى بەرپا قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدىم .چېنىقىش جەريانىدا مەن قېتىم سانى، كۆتۈرۈش ئېغىرلىقى ۋە چېنىقىش ۋاقتىنى كۆپەيتىپ، ئۆزۈمنى ئەڭ چوڭ چەككە يەتكۈزۈشكە مەجبۇرلاشنى باشلىۋەتتىم .ئىككى

ئايدىن كېيىن مەن 30 مىنۇت ھارماي ئولتۇرالايدىغان ھەم دوستلىرىم بىلەن بىللە كەچلىك تاماققا چىقالايدىغان بولدۇم.بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، لۇسى ئىككىمىز ماشىنا ھەيدەپ، بىز ۋېلسىپىت مىنىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جاي كانادا يولىغا باردۇق. (ئادەتتىمۇ بىز ۋېلسىپىت مىنىپ ئۇ يەرگە باراتتۇق، قوشۇپ قويۇشقا ئەرزىيدۇكى، مەندەك بەدەن ئېغىرلىقى ناھايىتى يېنىك كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇ ئېگىزلىكلەر يەنىلا بەك قورقۇنچلۇق ئىدى.) بۇ قېتىم مەن ئاران ئالتە مىل مىندىم. بۇ بولۇپمۇ يازدا 30 مىل كېلىدىغان يېنىك شاماللىق ۋېلسىپىت مىنگىنىم بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى، بىراق مەن ھېچ بولمىغاندا ئىككى چاق ئۈستىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايتتىم.

بۇ غەلىبىمۇ ياكى مەغلۇبىيەتمۇ؟

مەن ئېيما بىلەن كۆرۈشۈشكە تەقەززا بولۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا مەن ئۆزۈم بولالايتتىم. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپلا كەتسەم ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتىم. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا مەن خىزمەت قىلمايتتىم، ئۆزۈمنى بىر نېرۋا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى، بىر ئالىم، ئىستىقباللىق بىر ياش دەپ ھېس قىلالمايتتىم. قاتتىق ئاجىزلاپ كەتكەن مەن ئەمدىلىكتە ئۆيدە لۇسىنىڭ ئېرىمۇ بولالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەشكە چۈشتۈم. مەن ھاياتىمدىكى ھەر بىر جۈملە سۆزنىڭ ئىگىسىدىن بىۋاسىتە تولدۇرغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالدىم. 14-ئەسىر پەلسەپەسىدە «بىمار»

دېگەن سۆز پەقەت «ھەربكەت نىشانى»دىنلا دېرەك بېرەتتى، مەن ھازىر دەل مۇشۇنداق ھېس قىلىۋاتاتتىم. دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن ھەربكەتنىڭ ئىگىسى، بىمارلارنىڭ ساقىيىشىدىكى بىر سەۋەب. بىر بىمار بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن پەقەت يۈز بېرىدىغان ئىشنىڭ ئوبيېكتى. لېكىن ئېممانىڭ ئىشخانىسىدا لۇسى ۋە مەن چاقچاق قىلىشىپ، دوختۇرلارنىڭ كەسپى تىللىرىدا گەپلىشىپ، كېيىنكى پىلانلارنى تۈزەتتۇق. ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى، ئېممانىڭ قالغان ئۆمرۈم توغرىسىدىكى مۆلچەرى يەنىلا ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇ مەن نەقىل كەلتۈرگەن ھەر بىر سانلىق مەلۇماتنى كەسكىن رەت قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ قىممەت قارىشىغا دىققەت قىلىشىمنى ئەسكەرتەتتى. گەرچە بۈنىڭدىن مەيۈسلەنگەن بولساممۇ ھېچ بولمىغاندا مەن ئۆزۈمنى پەقەت ۋە پەقەت تېرمودىنامىكىنىڭ ئىككىنچى قانۇنىنىڭ دەلىلى ئەمەس (بۇ قانۇن مۇنداق: بارلىق تەرتىپلەر ۋەيران بولىدۇ، يىمىرىلىدۇ)، بەلكى يەنە بىر ئادەم دەپ قارايتتىم.

ئۆلۈم تەھدىتى ئالدىدا نۇرغۇن چىقىرىشقا تېگىشلىك قارارلار دۆۋىلىشىپ، جىددىي ۋە كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى لۇسى ئىككىمىزنىڭ بالىلىق بولۇش ياكى بولماسلىقىمىز ئىدى. گەرچە بىزنىڭ توي تۈرمۇشىمىزغا مېنىڭ دوختۇرخانىدىكى پىراكتىكا ۋاقتىم ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا بىر ئاز دەز كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىز يەنىلا بىر بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى

كۆرەتتۇق. بىزنىڭ ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىمىز يەنىلا ناھايىتى مەنىلىك ئۆتتۈۋاتاتتى. بىز مۇھىم ئىشلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ بىللە تەرەققىي قىلالايتتۇق. ئەگەر كىشىلىك مۇناسىۋەت ھايات مەنىسىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا بىزگە نىسبەتەن باللىق بولۇش بۇ خىل مەنىگە يەنە بىر مەنە قوشقانغا باراۋەر. باللىق بولۇش بىز ئىزچىل ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىش ئىدى، ھەم ھەر ئىككىمىز ئۆيدىكى ئۈستەلگە يەنە بىر ئورۇندۇق قويۇشقا ئىنتىزار ئىدۇق.ھەر بىرىمىز ئاتا-ئانا بولۇشنى ئارزۇ قىلساقمۇ، يەنىلا قارشى تەرەپنى ئويلايتتۇق. لۇسى مېنىڭ يەنە بىر نەچچە يىل ئارتۇق ياشىيالىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن ئۇ دىياگنوزنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ قالغان ۋاقتىمنى دادا بولۇپ ئۆتكۈزۈش ياكى ئۇنداق قىلماسلىقنى ماڭا قويۇپ بەردى.

بىر كۈنى كەچ ئارام ئېلىش ئالدىدا، ئۇ مەندىن «سىزنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىڭىز ياكى ئازابلىنىدىغىنىڭىز نېمە؟» دەپ سورىدى».سىزنى تاشلاپ كېتىش» دېدىم مەن.

مەن بىر بالىنىڭ پۈتۈن ئائىلىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن، ۋاپات بولغاندىن كېيىن لۇسىنىڭ ئېرىمۇ، پەرزەنتىمۇ يوق يار-يۆلەكسىز ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. شۇڭا ئەڭ ئاخىرقى تاللاشنى يەنىلا لۇسىگە بېرىمەن، چۈنكى قانداقلا بولمىسۇن بالا ئۇنىڭغا قالاتتى،

ئەگەر مېنىڭ كېسىلىم ئۆزۈنغا سوزۇلۇپ كەتسە، ئۇ يەنە ئاتا-بالا ئىككىلىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك بولاتتى».

بالا بىزنىڭ بىللە ۋاقتىمىزغا تەسىر يەتكۈزەمدۇ؟» سورىدى ئۇ. «بالىغا خوش دېيىش ئۆلۈمنى تېخىمۇ ئازابلىق ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ دەپ قارىمامسىز؟»

«شۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟» دېدىم مەن. لۇسى ئىككىلىمىز تۇرمۇشنىڭ ئازابتىن قېچىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدۇق.

نەچچە يىل ئىلگىرى مەن تۇيۇقسىز دارۋىن ۋە نېتزىنىڭ بىر ئورتاق قارىشى بارلىقىنى، يەنى ھەر ئىككىسىنىڭ «ئورگانىزمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا كۆرەش قىلىشتۇر» دەپ قارايدىغانلىقىنى بايقىغان ئىدىم. تۇرمۇشنى بۇنىڭدىن باشقىچە تەسۋىرلەش خۇددى بالداقسىز يولۋاس سىزغاندەك ئىش. ئۆلۈم بىلەن شۇنچە يىل تىركەشكەندىن كېيىن، مەن ئەڭ ئاددىي ئۆلۈمنىڭ ئەڭ ياخشى ئاخىرلىشىش بولۇشى ناتايىنلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم. بىز بىر قارارغا كەلدۇق. ئۇرۇق-تۇغقانلارمۇ بىزگە بەخت تىلىدى. بىز ئاخىرى بالىلىق بولۇشنى، ئۆلۈمنى ساقلاشنى ئەمەس داۋاملىق ياشاشنى تاللىدۇق.

دورا ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلىم بولغاچقا سۈنئىي كۆپىيىش تېخنىكىسى بىز ئۈچۈن بىردىنبىر بالىلىق بولۇش يولى ئىدى. شۇڭا بىز پالو ئالتودىكى

بىر كۆپىيىش ئىچكى ئاجراتماشۇناسلىقى ئامبۇلاتورىيەسىدىكى مۇتەخەسسىستىن مەسلىھەت سورىدۇق. ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇنۇمى يۇقىرى، ھەم بەك كەسپى ئىدى. لېكىن شۇنىسى روشەنكى، تۇغماسلىققا سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ مەندەك ساقايماس كېسەلنى داۋالاش تەجرىبىسى كەمچىلدەك قىلاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يېزىق تاختىسىغا تىكىپ تۇرۇپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

«سىلەر سىناۋاتقىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟» دېدى ئۇ.

«بىز تېخى سىناپ باقمىدۇق» دېدىم مەن.

«ھە، چۈشەندىم. ئەھۋالىڭلاردىن قارىغاندا سىلەر تېززاق ھامىلدار بولۇشنى خالايسىلەر شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى ئۇ.

«شۇنداق، ھازىرلا باشلىساق دەيمىز» دېدى لۇسى.

«ئۇنداقتا، تەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش (يەنى پىروبىركىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈش) تىن باشلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېدى ئۇ.

مەن ھاسىل قىلىنىدىغان ۋە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن بولغان تۆرەلمىنىڭ سانىنى قانداق ئازايتىشنى تىلغا ئالغىنىمدا دوختۇر گاڭگىراپ قالدى (تەرجىماندىن :تەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىدا ئاۋۋال ئانىغا ئوكۇل ئۇرۇلۇپ بىرلا ۋاقىتتا 10-15 تال تۇخۇم يىغىۋېلىنىدۇ، نورمالدا ئاياللار بىر قېتىملىق ھەيزدىن كېيىن بىر تاللا تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئەرلە بولسا ھەر قېتىمدا نەچچە مىليون ئىسپېرما

ئىشلەپچىقىرالايدۇ. دېمەك، ئايالنىڭ ئون نەچچە تال تۇخۇمىغا تەجرىبە قاچىسىدا تاللانغان ئىسپېرمىلار كىرگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ھاسىل بولىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بۇ تۇخۇملاردىن تۆرەلمىلەر ھاسىل بولىدۇ. بىلاستۇلا باسقۇچىغا كەلگەندە بۇ تۆرەلمىلەرنىڭ يېتىلىش ئەھۋالى ۋە گېنلىرى تەكشۈرۈلۈپ ئەڭ ساغلام، كېسەلدىن خالىي ھەم يېتىلىشى ئەڭ نورمال بولغان بىر نەچچىسى ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلىدۇ، شۇڭا بۇ ئۇسۇلدا قوشكېزەك تۇغۇلۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ .دېمەك ئېشىپ قالغان تۆرەلمىلەر تاشلىۋېتىلىدۇ ياكى توڭلىتىپ قويۇلىدۇ. بۇ تۆرەلمىلەرنىڭ بىر قىسمى تۆرەلمەشۇناسلار يەنى ئېمبىرىيولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ھەدىيە قىلىنىدۇ. نورمالدا تۆرەلمە تەرەققىي قىلىپ بالا ھەمرىيى ئىچىگە كۆچۈپ كىرگەندە ئاندىن ھامىلە دەپ ئاتىلىدۇ).

بۇ يەرگە كەلگەن كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى بولسا ئىشنىڭ ئاسىنى ئىدى. لېكىن مەن شۇنداق بىر ئەھۋالدىن، يەنى مەن ئۆلگەندىن كېيىن لۇسىنىڭ قانداق قىلىشىنى بىلمەي قالىدىغان بىر مۇنچە تۆرەلمىگە دۇچ كېلىشتىن ساقلىنىش. بۇ ھامىلىلەر بىزنىڭ ئورتاق گېنلىرىمىز، مېنىڭ بۇ دۇنياغا قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى مىراسىم ئىدى. بۇ ھامىلىلەر قايسىبىر توڭلاتقۇلاردا ساقلىنىدۇ، ئۆلتۈرۈۋېي دېيىش بەك ئازابلىق، دۇنياغا ئاپىرىدە قىلاي دېيىش تېخىمۇ يار

بەرمەيدۇ. لېكىن نەچچە قېتىم بالىياتقۇ ئىچىدە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش سىنىقى قىلغاندىن كېيىن، شۇنىسى ئېنىق بولدىكى، بىز تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تېخنىكىغا موھتاج بولغان ئىدۇق. بىز تەن سىرتىدا ئاز دېگەندە بىر نەچچە تۆرەلمە يېتىشتۈرۈپ، ئەڭ ساغلام تۆرەلمىنى بالىياتقۇغا كۆچۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. قالغانلىرى بولسا ئۆلۈپ كېتەتتى. يېڭى بىر بالا دۇنياغا ئاپىرىدە بولىدىغان مۇشۇنداق پەيتتىمۇ، ئۆلۈم يەنىلا بۇ جەرياننىڭ بىر قىسمى بوپ قالدى.

داۋالاشنى باشلىغان ئالتە ھەپتىدىن كېيىن مەن تۇنجى قېتىم CT دا تارسىۋانىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆلچەتكەن ئىدىم. مەن چىقىۋاتقاندا CT تېخنىكى ماڭا قاراپ «خوش دوختۇر، ئەسلى بۇنداق قىلسام بولمايتتى، لېكىن ئەگەر نەتىجىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز كەينىڭىزدە بىر كومپيۇتېر بار» دەپ ياخشى بىر تەكلىپنى سۇندى. مەن رەسىمنى كۆرگۈچكە يۈكلەپ ئىسمىمنى كىرگۈزدۈم.

دانىخورەكلەر ئۈنۈمنى جەزملەشتۈرىدىغان بىر بەلگە ئىدى. گەرچە يەنىلا دۈمبەم ئاغرىپ تۇرسىمۇ، جىسمانىي قۇۋۋىتىممۇ ياخشىلىنىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئېمماننىڭ مۇنۇ گەپلىرى يادىمغا كېلىپ قالدى: «ئۆسمە كىچىككىنە ئۆسسىمۇ يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانغا ھېساب» (ئەلۋەتتە دادام بارلىق راك كېسەللىكلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ دەپ ئالدىن ھۆكۈم قىلىپ بولغان، ئۇ مېنىڭ لەقىمىمنى

تووْلاپ تۇرۇپ «كېسىلىڭ چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ پابىي «!دەيتتى) مەن ئۆز-ئۆزۈمگە قايتا-قايتا «كىچىككىنە ياخشىلىنىشمۇ خۇشخەۋەرگە ھېساب» دېگەچ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ كۆنۈپكىنى باستىم، ئېكراندا سۈرەت كۆرۈندى. ئىلگىرى ئۆپكەمدە سان-ساناقسىز ئۆسمىلەر بار ئىدى، بىراق ھازىر ئۆپكەمنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستىدە بىر سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى بىر ئۆسمە بولغاندىن سىرت، باشقا جايلىرى سۈزۈك، ئومۇرتقام ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۆسمىلىرىم زور دەرىجىدە ئازلاپتۇ.

ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولدۇم.

راك كېسىلىم مۇقىملاشقان ئىدى.

ئەتىسى بىز ئېمما بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ يەنىلا قانچىلىك ئۆمرۈم قالغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىشنى رەت قىلدى، لېكىن ئۇ مۇنداق دېدى: «سىز ھازىر خېلىلا ياخشىلىنىپ كەتتىڭىز، بىز ئەمدى ھەر ئالتە ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈشسەك بولىدۇ، كېلەر قېتىم كۆرۈشكەندە سىزنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىڭىز ھەققىدە پاراڭلىشالايمىز». مەن بەدىنىمدىكى قالايمىقان ئالامەتلەرنىڭ يەڭگىللىشىپ، بىر خىل يېڭى تەرتىپنىڭ شەكىل-لىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. كەلگۈسىگە بولغان جىددىي كەيپىياتتىن قايتىپ چىقىپ بارغانسېرى ئازادىلىك ھېس قىلىۋاتاتتىم.

شۇ ھەپتە ئاخىرىدىكى ئىستانفورد نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر كەسپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى يىغىلىشىدا مەن بۇرۇنقى

ئۆزۈمنى قايتىدىن تېپىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان ئىدىم. لېكىن ئۇ يەردە شۇنى بايقىدىمكى، بۇ يىغلىش پەقەت ئۇلار بىلەن مېنىڭ ھاياتىم ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنگۈسىز زور پەرقنى سىلىشتۇرما قىلىپ بېرىش رولىنى ئۆتىدى. ئۇ يەردە مەن بىر توپ مۇۋەپپەقىيەت، ئىستىقبال ۋە يۈكسەك ئارزۇ بىلەن قاناتلانغان، بەدىنى سەككىز سائەتلىك ئوپېراتسىيەدە تىك تۇرۇشنى كۆتۈرەلەيدىغان، مەن بىلەن قۇرداش ۋە يۇقىرى يىللىقتىكى، مەن ئەمدى قايتا ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان گۈزەل كېلەچەكنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرغۇن مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قالدىم .شۇ سەۋەبتىن مەن ئۆزۈمنى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ قالغان روزدېستىۋو قەسىدىسىگە قاپسىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم: ۋىكتورىيە ئەسلى مەن ئېچىشقا تېگىشلىك مۇكاپات، خىزمەت تەكلىپى ۋە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىش قاتارلىقلار بىلەن تولغان خۇشاللىق سوۋغىسى قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى .مەندىن يۇقىرى يىللىقتىكىلەر بولسا ماڭا ئەمدى تەئەللۇق بولمايدىغان بىر گۈزەل كەلگۈسىنى ئاللىقاچان كۈتۈۋالغان ئىدى: مۇنەۋۋەر بوغۇن دوختۇرلار مۇكاپاتى ۋە دەرىجە ئۆستۈرۈش، يېڭى داچا دېگەندەك.

ھېچكىمنىڭ پىلانىمنى سورىمىغىنى مېنى خاتىرجەم قىلدى، چۈنكى مېنىڭ پىلانىم يوق ئىدى .گەرچە مەن ھازىر ھاسا ئىشلەتمەي ماڭالايدىغان بولسامmۇ، لېكىن مەن يەنىلا تېگىرقاپ تۇراتتىم: مەن ئەمدى كىم بولىمەن؟ ھاياتلىق يولۇمدا ئالدىمغا يەنە قانچىلىك ماڭالايمەن؟ داۋاملىق بىمار

بولامدىم؟ ئالىم بولۇپ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنامدىم؟ مۇئەللىم بولامدىم؟ ياكى ئىممانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولامدىم؟ ياكى ئۆيدە ئولتۇرىدىغان دادىمۇ؟ يازغۇچىمۇ؟ مەن زادى كىم بولالايمەن ياكى كىم بولۇشۇم كېرەك؟ بىر دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ كىشىلىك ھاياتنى ئۆزگەرتىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلار دۇچ كەلگەن ئەھۋاللار ھەققىدە ئازراق چۈشەنچەم بار بولۇپ، بۇ دەل مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئىزدەنمەكچى بولغان مىنۇتلار ئىدى. ئۇنداقتا، ساقايماس كېسەل دەل ئاشۇ ئۆلۈمنى چۈشەنمەكچى بولغان ياشقا بېرىلگەن مۆكەممەل سوۋغات ئەمەسمۇ؟ ئۇنى چۈشىنىشنىڭ شۇ خىل ھاياتنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشتىن ئەۋزەلرەك بىر يولى بارمۇ؟ لېكىن مەن بۇرۇن بۇنىڭ قانچىلىك تەسلىكىنى، ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىش جەريانىدا قانچىلىك توسالغۇلارغا ئۇچرايدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. مەن دوختۇرنىڭ خىزمىتىنى ئىزچىل ئىككى بۆلەك رىلىسنى تۇتاشتۇرغانغا ئوخشىتاتتىم، بەئەينى بىمارلارنى بىخەتەر سەپەرگە ئىگە قىلغانغا ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن ئىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈم سەپىرىنىڭ بۇنچىلىك قالايمىقان، نىشانسىز بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. مەن ياش ۋاقتىمدىكى ئۆزۈمنى ئەسلەپ قالدىم، ئۇ چاغدىكى مەن بەلكىم «روھىمنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا ۋىجدانىمنى تاۋلاپ چىقماقچى بولغىيدى»؛ مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ روھىنى كۆزىتىپ، ئوت ۋە قورالنىڭ بەك

ئاجىزلىقىدىن، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ۋىجدانىنىمۇ تاۋلىيالمايدىغانلىقىمنى بايقىغان ئىدىم.

مەن ئۆز ئۆلۈمۈمنىڭ مەنىسىز چۆللۈكىدە نىشانىمنى يوقاتتىم، نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات، ھۈجەيرە ئىچىدىكى مولېكۇلا سىگنال يوللىرى ۋە پۇتمەس-تۈگىمەس ھاياتلىق ئىستاتىستىكا ئەگرى سىزىقى ئىچىدىن ھېچقانداق جەلپ قىلىش كۈچىنى تاپالمىدىم، شۇڭ بىلەن مەن يەنە ئەدەبىيات بېغىغا قايتىپ كەلدىم .سولژېنىتسىينىڭ «راك كېسەلخانىسى»، B.جونسوننىڭ «بەختسىزلەر»، تولستوينىڭ »ئىلىيچ»، نەگېلنىڭ «قەلب ۋە ئالەم»، ۋولف، كافكا، مونتېين، فىروست، گىرەۋىل، راك بىمارلىرىنىڭ ئەسلىمىسى... ئىشقىلىپ ئۆلۈم توغرىسىدا يېزىلغان ھەرقانداق كىتابنى ئوقۇدۇم. مەن ئۆلۈمنى تەسۋىرلەيدىغان سۆزلۈك ئىزدەيتتىم، ئۆزۈمگە ئېنىقلىما بېرىپ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان چىقىش يولى ئىزدەيتتىم. بىۋاستە تەجرىبە ئىمتىيازى مېنى ئەدەبىيات ۋە ئىلىم-پەن خىزمىتىدىن يىراقلاشتۇرغان بولسا، ئەمدىلىكتە مەن ئۆزۈمنىڭ بىۋاستە تەجرىبەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن بۇلارنى چوقۇم ئۆز تىلىمغا ئايلاندۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتىم. ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق جەريانىنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇلدا بايان قىلغان ئىدى، يەنى مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، ئاندىن چېكىنىپ تەپەككۇر قىلىش، ۋە ئۇلارنى يېزىپ قالدۇرۇش. مەن ئىلگىرىلەش ئۈچۈن سۆزلەرگە موھتاج ئىدىم.

شۇڭا بۇ مەزگىلدە مېنى تىرىلدۈرگىنى دەل ئەدەبىيات ئىدى. مېنىڭ كەلگۈسىدىكى غايەت زور ئېنىقسىزلىقىم يوروۋاتاتتى؛ مەيلى مەن قەيەرگە باراي، ئۆلۈمنىڭ سايىسى ھەر قانداق ھەرىكىتىمنىڭ ئەھمىيىتىنى خىرەلەشتۈرۈپ تۇراتتى. مەن تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالغان ئەنسىزلىك ئاخىرى باش ئەگكەن ۋە گويا ھالقىپ ئۆتۈشكە ئامالسىز قالغان ئېنىقسىز دېڭىز ئاخىرى ئىككىگە بۆلۈنگەن شۇ دەقىقە ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن ئازابلانغان ھالدا ئويغىنىپ، يېڭى بىر كۈنگە يۈزلەنگىنىمدە، ناشتىدىن باشقا قىلغۇدەك ئىش يوق ئىدى. شۇنى ئويلىدىمكى مەن ئەمدى ئالغا ئىلگىرلىيەلمەيمەن، يۈرىكىمدە ئۇنىڭغا قارشى ئاۋاز دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، «ساموئېل بېكېت» دېگەن مۇنۇ سۆزلەرنى ئېسىمگە سالاتتى. بۇ سۆزنى مەن ناھايىتى بۇرۇنلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئۆگىنىۋالغان: «مەن ئالغا باسىمەن». مەن كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئالدىمغا بىر قەدەم باستىم ۋە مۇنۇ سۆزنى قايتا قايتا تەكرارلىدىم: «ئەمدى ئالغا باسالمايمەن. مەن ئالغا باسىمەن».

شۇ كۈنى ئەتىگەندە مەن بىر قارارغا كەلدىم: ئوپېراتسىيە ئۆيىگە قايتىشقا ئۆزۈمنى مەجبۇرلايمەن. نېمىشقا؟ چۈنكى مەن قىلالايمەن. چۈنكى مەن شۇنداق قىلالىغان. مەن چوقۇم ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشىم كېرەك، ئۆلۈمنى بىر مېھمان دەپ قارايمەن، لېكىن مەن

بىلىمەن، مەن ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرساممۇ، تاكى مەن ھەقىقىي ئۆلگۈچە مەن يەنىلا ھايات.

# 14-قىسىم

كېيىنكى ئالتە ھەپتىدە مەن ئۆزۈمنىڭ فىزىكىلىق داۋالاش پىلانىمنى ئۆزگەرتتىم، ئەمدى دىققىتىمنى ئۈزۈن ۋاقىت ئۆرە تۇرۇش، كىچىك ئەسۋابلارنىڭ مىكرو مەشغۇلاتى، ئومۇرتقا يايى بۇرما مىخىنىڭ ئالدىغا ئورنىتىلىشى قاتارلىق ئوپېراتسىيە تەييارلىقىغا قاراتتىم.

يەنە بىر قېتىم CT غا سالدۇق، ئۆسمە كىچىكلىگەن ئىدى. ئېمما تارتىلغان سۈرەتلەرنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ يەنە قانچىلىك ياشىيالايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن، بىراق شۇنى دەپ قوياي، بايا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كۆرگەن بىمارىم تارىسېۋا ئىچىۋاتقىلى يەتتە يىل بولدى، ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلۈپ باقمىدى. بىز ئوپېراتسىيەنى ئوڭۇشلۇق تاماملاشتىن بۇرۇن سىزنىڭ يەنە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرىڭىز بار. قاراڭ، يەنە ئون يىل ياشاشنى ئويلاش ئەخمىقانە خىيال ئەمەس، ھەم بۇ ھەرگىزمۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس»

بۇ بىر بېشارەت ئىدى، بېشارەت دېگەندىن كۆرە مېنىڭ نېرۋا تاشقى بۆلۈمگە قايتىپ كېتىشىمدىكى بىر باھانەم دېسەك مۇۋاپىق بولار. بىر تەرەپتىن ئون يىللىق ئۈمىدتىن شادلانسام، يەنە بىر تەرەپتىن ئېمىنانىڭ: «نېرۋا تاشقى بۆلۈمگە قايتىش بىر ساراڭلىق، ئاسانراق بىر ئىش قىلىڭە» دېيىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. شۇنچە ئىشلار يۈزبەرگەن بولسىمۇ لېكىن

ئالدىنقى بىر نەچچە ئايدا كۆپ ئاسانلىقلار بولدى. نېرۋا ئوپېراتسىيەسىنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيەتلىرىنىمۇ ئۈستۈمگە ئالمىدىم، بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ بۇ بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. نېرۋا ئوپېراتسىيەسى ھەقىقەتەن بىر قىيىن خىزمەت، مېنىڭ قايتىپ بارمىغانلىقىمدىن ھېچكىممۇ ئاغرىنىپ كەتمەيتتى. (بەزىلەر مەندىن بۇ بۇرچنىڭ چاقىرىقمۇ؟ دەپ سورىشىدۇ، مەن «ھەئە» دەيمەن. سىز بۇنى بىر خىزمەت دەپ قارىماڭ. چۈنكى بۇ بىر خىزمەت بولسا، ئۇنداقتا چوقۇمكى دۇنيادىكى ئەڭ ناچار خىزمەت) بىر نەچچە پروفېسسورۇم مېنىڭ بۇ قارىشىمغا قارشى چىقىپ: «ئەجەبا سەن ۋاقتىڭنى ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەك ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىدى. مەن بۇ سوئالدىن ئەجەبلىنەتتىم، چۈنكى بۇ خىزمەت مەن ئۈچۈن بىر مۇقەددەس ۋەزىپە ئىدى.

لۇسى ئىككىمىز تاغ چوققىسىغا چىقتۇق، كىرىمنى جىلغىسىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ تاملىرىدىكى ۋىۋىسكىلار ئۆتكەن بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بىيولوگىيە ۋە تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا يەنىلا تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيەسىگە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش مېنى ئۆزىگە تارتتى. ئەخلاقى مەسئۇلىيەتنىڭ ۋەزنى ئېغىر، ئېغىر نەرسىلەرنىڭلار سالمىقى بولىدۇ. مېنى دەل مۇشۇنداق ئەجەللىك مەسئۇلىيەت ئوپېراتسىيە ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. لۇسى مېنى بار كۈچى بىلەن قوللىدى.

مەن پىروففېسورۇمغا تېلېفون قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ قايتىپ بېرىشقا تەييارلىنىپ بولغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بەكلا ھاياجانلاندى. ۋىكتورىيە بىلەن ئىككىمىز ئۆزۈمنى قانداق قىلغاندا قايتىدىن چۈشەندۈرۈپ، ئەڭ ياخشى ھالەتتە خىزمەتكە كىرىشەلەيدىغانلىقىم توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق. مەن تاساددىپىي يۈز بېرىپ قالىدىغان خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر پىراكتىكانت دوختۇرنىڭ ھەر ۋاقىت ماڭا ياردەمدە بولۇشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇنىڭدىن باشقا بىر كۈندە پەقەت بىرلا ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالىدىغانلىقىمنى، ئوپېراتسىيەدىن سىرت بىمارلارغا قارىمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. بىز ئىشنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشلىدۇق. ئوپېراتسىيە ئورۇنلاشتۇرۇش جەدۋىلى چىقتى. مەن چىكە بۆلىكىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇ-رۇلۇپتىمەن. بۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوپېراتسىيەنىڭ بىرى ئىدى. تۇتقاقلىق كېسىلى ئادەتتە چېكە بۆلىكىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان سەقەنقۇر نېرۋونلىرىنىڭ خاتا سىگناللىنىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ، سەقەنقۇر گەۋدىسىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندە تۇتقاقلىق كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ. لېكىن ئوپېراتسىيە ناھايىتى مۇرەككەپ، مېڭە غولى ئەتراپىدا سەقەنقۇر تېنى بىر قەۋەت نەپىس سۈزۈك يوپۇقتىن تۈزۈلگەن يۇمشاق مېڭە پەردىسىدىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاجرىتىلىشى كېرەك.

مەن بىر كىچە تاشقى كېسەللىكلەر دەرسلىكىنى كۆرۈپ چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك ئاناتومىيە ۋە ئوپېراتسىيە باسقۇچلىرىنى تەكرار قىلدىم، پەقەتلا خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم. كىتابتىن باش سۆڭىكىنىڭ بۆلۈكىنى كۆردۈم، چېكە بۆلىكىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىنكى نۇرنىڭ يۇمشاق مېڭە پەردىسىدىن نۇر قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى كۆردۈم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كارۋاتتىن چۈشتۈم. كۆڭلىكىمنى كىيىپ گالستۇكۇمنى تاقىدىم. (مەن نەچچە ئاي بۇرۇنلا بارلىق ئوپېراتسىيە فورمىلىرىنى قايتۇرۇۋەتكەن، ئۇلارنى ئەمدى ماڭا لازىم ئەمەس دەپ ئويلىغان ئىدىم.) دوختۇرخانىغا بېرىپ 18 ھەپتىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم سۇس كۆكرەڭلىك خالاتنى كىيدىم. بىمار بىلەن پاراڭلىشىپ ئارىلىقتا ھېچقانداق مەسىلە قالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئوپېراتسىيە تەييارلىقىنى قىلىشقا تۇتۇش قىلدىم. بىمارغا نەيچە سېلىندى. مەسئۇل دوختۇر بىلەن ئىككىمىز پاكىز تازىلىنىپ ئوپېراتسىيەگە تەق بولدۇق. ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قولۇمغا ئالدىم، قولاقنىڭ ئۈستىدىن تېرىنى يېرىپ ئالدىرىماي كېسىشكە باشلىدىم. مەشغۇلات ئۇسۇلىنى ئۇنتۇلۇپ قالماسلىققا، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويماسلىققا تىرىشاتتىم. توكلۇق ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قولۇمغا ئېلىپ تېرىنى سۆڭەككە تاقاشقۇچە كەستىم، ئاندىن كېسىلگەن تېرىنى ئىلمەك بىلەن تارتىپ يۇقىرى كۆتۈردۈم. ھەممە مەشغۇلاتلار تونۇش بىلىنىشكە، مۇسكۇل خاتىرەم رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۆشكىنى ئېلىپ باش

سۆڭەكىدىن ئۈچ تۆشۈك تەشتىم. مەن ھەر قېتىم ئۆشكىنى ئىشلەتكۈچە كۆزەتچى ۋىراچ سۇ پۈركۈپ باش سۆڭەك ئۆشكىسىنى سوۋۇتۇپ تۇراتتى، ئۆشكىنى يەنە ئېلىپ تەشكەن تۆشۈكلەرنى تۇتاشتۇرۇپ چوك سۆڭەكنى ئاجراتتىم. غىرتتىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن سۆڭەك ئاجرىلىپ چىقتى. ھېلىمۇ ياخشى، سۆڭەك ئۆشكىسى بىلەن كۆمۈش رەڭلىك مېڭە پەردىسىنى زەغملەندۈرۈپ قويماپتىمەن. يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر دائىم مۇشۇنداق خاتالىق سادىر قىلاتتى. مەن ئۆتكۈر پىچاقنى ئېلىپ مېڭە پەردىسىنى ئاچتىم، يەنە بىر چوك مۇۋەپپەقىيەت - مەن چوك مېڭىنى زەخملەندۈرۈپ قويمىدىم. ئازراق بولسىمۇ «ئۇھ» دېدىم. ئاساسىي ئوپېراتسىيەگە دەخلىسى بولماسلىقى ئۈچۈن، تىكىش يىڭنىسى بىلەن مېڭە پەردىسىنى مىخلىدىم. چوك مېڭە پارقىراپ يېنىك سوقۇپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز مېنىڭ كۆرۈش دائىرەم غۇۋالاشتى، قولۇمدىكى ئەسۋابلارنى قويدۇم-دە ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدىن يىراقلاشتىم. كۆز ئالدىم نۇرسىزلىنىپ، قاراڭغۇلۇق چىرمىۋالدى. «كەچۈرۈڭلار» يارىدەمچى دوختۇرلارغا قاراپ دېدىم: «تۆۋەن قاراردىكى پىراكتىكانت دوختۇر كېلىپ يارىدەملەشسۇن، بىر دەم يېتىۋالاي، بېشىم قېيىۋاتىدۇ.» جەك تېزلا كەلدى، مەن ئۆزۈرە سوراپ ئارام ئېلىش ئۆيىگە چىقىپ بىر ئىستاكان ئاپېلسىن سۈيى ئىچىپ كىرىسلودا ياتتىم. يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. «نىرۋا يۈرەك مەنبەلىك جىددىي تۆۋەن قان بېسىم» دەپ پىچىرلىدىم ئۆزۈمگە.

ۋېگېتاتىۋلىق نېرۋا سىستېمىسى قىسقا ۋاقىت يۈرەكنى سوقۇشتىن توختىتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن (تەرجىماندىن: ۋېگېتاتىۋلىق نېرۋا سىستېمىسى 植物性神经系统 بولسا مەركىزى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى مۇھىم نېرۋا سىستېمىسى بولۇپ، ئاساسلىقى يۈلۈن ئارقىلىق بارلىق ئىچكى ئەزالارنىڭ فىزىيولوگىيىسىنى كونترول قىلىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ. ۋېگېتاتىۋلىق نېرۋا سىستېمىسى ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىختىيارى نېرۋا سىستېمىسى 同情性神经系统 ۋە ئىختىيارسىز نېرۋا سىستېمىسى 非同情性神经系统 دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. يۈرەك ھەرىكىتى ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى نورمالدا ئىختىيارسىز نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق كونتروللۇقىدا بولىدۇ، ئەمما روھىي بېسىم ئېشىپ كەتكەندە ئىختىيارى نېرۋا سىستېمىسى قوزغىلىپ كونتروللۇقنى قولغا ئالىدۇ ۋە ھېسسىياتنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە پاۋلنىڭ ئىختىيارى نېرۋا سىستېمىسى ئاساسلىق رول ئوينىغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن) ياكى زاغرا تىلى بويىچە تەشۋىشتىن شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن.

مەن كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىگە كىرىپ، مەينەت كىيىملەرنى كىر يۇيۇش ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ ئۆزۈمنىڭ كىيىملىرىمنى كىيدىم. «ئەتە تېخىمۇ ياخشى بىر كۈن بولىدۇ» - ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنداق دەيتتىم.

ھەركۈندىكى ئىشلار ئوخشاش، ئەمما ۋاقت ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنى بىر بىمارنىڭ ئومۇرتقا تەخسىسىنى كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنى قىلىۋاتاتتىم، ئومۇرتقا تەخسىسگە قاراپ كېيىنكى قەدەم توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدىم. كۆزەتكۈچى دوختۇر سۆڭەك ئامبۇرى بىلەن چوقۇشنى تەۋسىيە قىلدى. «شۇنداق، مەن بۇنىڭ ئادەتتىكى ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى بىلىمەن» ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلايتتىم. «لېكىن يەنە بىر خىل ئۇسۇل بار». مەن يىگىرمە مىنۇتتەك ئويلىنىپ كەتتىم. كاللام ئۆگەنگەن بىلىملىرىم ئىچىدىكى تېخىمۇ نەپىس ئۇسۇلنى ئىزدەۋاتاتتى. تۇيۇقسىز كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. «كوب ئەسۋابى» ۋارقىرىۋەتتىم: «ياغاچ بولقا، قايرىش ئەسۋابىنى بېرىڭلار». مەن 30 سېكۇنتتىلا ئومۇرتقا تەخسىسىنى چىقىرىپ بولدۇم. «بۇ دەل مەن قوللانماقچى بولغان ئۇسۇل» دېدىم مەن.

كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە مېنىڭ ماھارىتىم ۋە ئۇنۇمدارلىقىم ئاشتى. قوللۇرۇمنى يارىلاندۇرۇۋالماي تۇرۇپ بىر مىللىمېتىردىن ئىنچىكە قان-تومۇرلارنى قانداق كونترول قىلىشنى قايتىدىن ئۆگىنىۋالدىم. بارماقلىرىم بۇرۇنقى ئويناق ھالىتىگە قايتتى.

بىر ئايدىن كېيىن مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىشلەشكە كىرىشتىم.

مەن خىزمەتتە پەقەت ئوپېراتسىيە بىلەنلا چەكلەندىم، رەسمىيەت، بىمارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، كەچ ۋە شەنبە يەكشەنبىدىكى تېلېفون دېجۇرنىلىقى دېگەندەك ئىشلارغا قاراشماي، بۇ ئىشلارنى ۋىكتورىيە ۋە

باشقا بالنىست خادىملىرىغا قالدۇردۇم. قانداقلا قىلماي، مەن ئاساسىي ئوپېراتسىيە ماھارەتلىرىنى ئىگىلەپ بولدۇم، پەقەت مۇرەككەپ ئوپېراتسىيەنىڭ ئىنچىكە پەرقلىرىنى تولۇق ئۆگىنىۋالسام‌لا ئۆزۈمنى مۇكەممەل ھېس قىلغان بولاتتىم. ماغدۇرسىز كۈنلىرىم ئاياغلىشىپ، مۇسكۇللىرىمغا كۈچ كىلىپ، ئاستا-ئاستا ياخشىلىنىۋاتاتتىم. ئەپسۇسكى، بۇ جەريان مېنى كۆڭۈللۈك ھېس قىلدۇرالمىدى. مەن ئىلگىرى ئوپېراتسىيە جەريانىدا ھېس قىلغان كۆڭۈل ئازادىلىكى يوقالدى. ئۇنىڭ ئورنىنى كۆڭۈل ئېلىشىش، ئاغرىش ۋە چارچاشنى يېڭىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن دىققەتنى يىغىشقا زورلىنىش ئالدى. ھەركۈنى كەچ ئۆيگە قايتىپ ئاغرىق توختىتىش دورىسىنى ئىچىپ لۇسىنىڭ يېنىغا چىقىپ ياتاتتىم. لۇسىمۇ پۈتۈن كۈن ئىشلەيتتى. لۇسى ھامىلىدار بولغىلى ئۈچ ئاي بولغان ئىدى، ئالتىنچى ئايلاردا، يەنى مەن پىراكتىكانت دوختۇرلۇق خىزمىتىمنى تاماملايدىغان ۋاقىتتا ئۇلگۈرۈپ كۆزى يورۇيتتى. بىز بالىنىڭ بىلاستۇلا (تۆرەلمە خالتىسى) باسقۇچىدىكى رەسىمىنى سۈرەتكە تارتقۇزدۇق. («ئۇنىڭدا سىزنىڭ ھوجەيرە پەردىڭىز باركەن» دېدىم مەن لۇسىغا). مەن يەنىلا ھاياتىمنى بۇرۇنقى ئىزىغا ئەكىلىشكە بەل باغلىدىم.

ئالتە ئايدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق سايىلەش سۈرەتلىرىدىن كېسىلىمنىڭ مۇقىملاشقانلىقى ۋە ئېغىرلىشىۋالماي بىر خىل تۇرغانلىقىنى بىلدىم ۋە خىزمەت ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتىم. راك كېسىلىم كونترول

قىلىنغان ئەھۋالدا، مېنىڭ يەنە بىر نەچچە يىل ياشىيالىشىم مۇمكىن ئىدى. مەن شۇنچە يىل تىرىشىپ ئېرىشمەكچى بولغان خىزمەت، كېسىلىم سەۋەبلىك غايىب بولۇپ، يەنە قايتىدىن ماڭا تەئەللۇق بولىدىغاندەك تۇراتتى. شۇ تاپتا گويا كانايلاردىن ياڭرىغان زەپەر مارشىنى ئاڭلىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

# 15-قىسىم

كېيىنكى قېتىم ئېمما بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، بىز ھايات ۋە بۇ ھاياتنىڭ مېنى نەلەرگە ئاپىرىپ تاشلايدىغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. مەن ھېنرى ئادامىنىڭ ئىچىدىن يانىدىغان موتورنىڭ ئىلمىي كۆچى بىلەن ئىلاھىي شەخسلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق كۆچىنى سېلىشتۇرغانلىقىنى ئەسلىدىم. ھازىر ئىلمىي مەسىلىلەر ھەل بولدى، ئەمدى مەجۇتلۇق مەسىلىلىرىنى ئويلىنىشقا ۋاقىت كەلگەن ئىدى، لېكىن ئىككىلىسى دوختۇرنىڭ خىزمەت دائىرىسى ئىچىدە بولاتتى. ئىستانفورد داشۆسىنىڭ مەن قىزىققان ۋە مەن نەق چۈشىدىغان تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى-ئالىملىق خىزمەت ئورنى مەن ئاغرىپ قالغاندا تولۇقلىنىپ بوپتۇ. ئۇمىدلىرىم خانىۋەيران بولغان ئىدى ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم.

«مەنچە» دېدى ئۇ، «بۇ دوختۇرلۇق ۋە پىروفېسسورلۇقنى تەڭ قىلىدىغان خىزمەت جانغا ئىكەك. لېكىن سىز بۇنى بىلىسىز. ئەپسۇسلاندىم».

«شۇنداق، مېنىڭچە مېنى ھاياجانغا سالغان ئىلمىي تەتقىقات تۈرىنى 20 يىلدا ئاران تاماملىغىلى بولىدۇ. ئۇ قەدەر ۋاقتىم يوق ئىكەن، ئالىم بولۇشقا بۇنچە قىزىقىپمۇ كەتمەيمەن (تەرجىماندىن: ئامېرىكىدا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پىروفېسسورلار ياكى تەتقىقاتچىلار ئالىم

دەپ قارىلىدۇ» دېدىم مەن ئۆزۈمنى بەزلەپ : «بەرىبىر قېپقالغان بىر نەچچە يىللىق ئۆمرۈمدە ھېچقانچە تەتقىقاتنى تاماملىغىلى بولمايدۇ».

«توغرا دەيسىز، ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ قالتىس ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز. قاراڭ، يەنە قايتا خىزمەتكە كىرىشتىڭىز. تېخى بالىلىق بولۇش ئالدىدا تۇرىسىز. سىز ئۆز قىممىتىڭىزنى تاپالىدىڭىز، بۇنداق قىلىش مۈشكۈل بىر ئىش».

شۇ كۈنى كەچتە سابىق پىراكتىكانت دوختۇر ۋە يېقىن دوستۇم بولمىش بىر ياش پىروفېسسور كارىدوردا ئالدىمنى توستى.

«ھەي» دېدى ئۇ. «پىروفېسسورلار يىغىنلىرىدا سىزنى قانداق قىلىش ھەققىدە نۇرغۇن مۇلاھىزىلەر بولۇندى»

«مېنى قانداق قىلىش؟ قانداقسىگە؟» سورىدىم مەن.

«قارىسام بەزى پىروفېسسورلار سىزنىڭ پىراكتىكانت دوختۇرلۇقنى تاماملىيالىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ قاپتۇ».

پىراكتىكانت دوختۇرلۇق (residency) نى تاماملاشنىڭ ئىككى شەرتى بار ئىدى: بىرى، دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ بىر قاتار تەلەپلىرىگە يېتىش، بۇنى مەن ئورۇنداپ بولغان ئىدىم. يەنە بىرى پىروفېسسورلارنىڭ ماقۇللىقىغا ئېرىشىش.

«نېمە؟» دېدىم مەن. «ئۆزۈمنى ماختىغۇم يوق، لېكىن مەن ھەقىقەتەن بىر ياخشى دوختۇر، خۇددى باشقا بارلىق...».

«بىلىمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ سىزنىڭ بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىپ ئۆزىڭىزنىڭ باش بولۇپ ئىشلىگىنىڭىزنى كۆرگۈسى باركەن. چۈنكى ئۇلار سىزگە ئامراق، راست دەۋاتىمەن»

دېمىسىمۇ بۇ توغرا ئىدى: نەچچە ئايدىن بىرى، مەن پەقەتلا بىر تاشقى كېسەللىكلەر تېخنىك خادىمى بولۇپلا ئىشلەپ كەلگەن ئىدىم. راك كېسىلىمنى باھانە قىلىپ بىمارلار ئالدىدىكى تولۇق مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلمىدىم. ئۇنداق دېگەن بىلەن بۇ باھانە قالتىس ياخشى باھانە ئىدى. ئەمدى مەن بىمارلىرىمغا تولۇق مەسئۇل بولۇپ، ئىشقا بالدۇر كېلىپ، كەچتە كەچرەك قايتىشقا باشلىدىم. بۇرۇنقى 12 سائەت ئىشلەيدىغان كۈنلىرىمگە يېقىندىن 4 سائەت قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ بىمارلىرىم قايتىدىن كاللامدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشقا ئايلاندى. تۇنجى ئىككى كۈننى كۆڭلۈم ئېلىشىپ، بەدەنلىرىم ئاغرىپ، ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، پەقەت بولالمىغىنىمدا بىكار كارىۋاتتا ئازراق ئۇخلاپ يۈرۈپ بەك تەستە ئۆتكۈزدۈم، ۋاز كەچسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. بىراق ئۈچىنچى كۈنى بەدىنىمدە ھېچقانداق ياخشىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلمىسىمۇ، خىزمەتتىن ھوزۇرلىنىشقا باشلىدىم. بىمارلار بىلەن ئالاقەمنى قويۇقلاشتۇرۇش ماڭا قايتىدىن بۇ خىزمەتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلدۇردى. ئوپېراتسىيە ۋە ياتاق تەكشۈرۈش ئارىلىقىدا كۆڭلى ئېلىششقا قارشى دورىلار ۋە غەيرى سىتېروئىدلىق ياللۇغقا قارشى دورىلار (NSAIDs) نى

يېدىم. مەيلى قانچىلىك قىيىنلىپ كەتسەممۇ، مەن كېسەلخانىغا تولۇق قايتىپ كەلدىم. ئەمدى بوش كېسەل كارىۋىتىدا ياتماي، تۆۋەن قاراردىكى پىراكتىكانت دوختۇرلارنىڭ كېرىسلوسىدا يېتىپ ئارام ئالغاچ ئۇلارغا بىمارلىرىمنىڭ ھالىدىن قانداق خەۋەر ئېلىش ھەققىدە يېتەكچىلىك قىلاتتىم، بەزىدە دۈمبە مۇسكۇل تارتىشىش كېسىلىم يۇقىرى پەللىگە چىقسىمۇ چىداپ تۇرۇپ ئۇلارغا دەرس سۆزلەيتتىم. جىسمانىي ئازابلىرىم قانچە كۆپەيگەنچە، خىزمەتنى تاماملىغاندىكى خۇشاللىقىممۇ شۇنچە كۆپىيەتتى. تۇنجى ھەپتە ئاخىرىدا، بىر ئۇخلىغانچە ئويغانماي تولۇق قىرىق سائەت ئۇخلىدىم.

بىراق مەن ھازىر نوپۇز بىلەن سۆزلەيتتىم:

«ھەي باشلىق» دەيتتىم مەن. « ئەتىكى ئوپېراتسىيەلەرنى كۆرۈپ چىقتىم، بىرىنچى بىمار مېڭە شارچە ئارىسى ئوپېراتسىيەسى قىلىنماقچى ئىكەن، بىراق مېنىڭچە چوققا سۆڭىكى پوستىلاق قەۋىتىدىن ئوپېراتسىيە قىلىنسا تېخىمۇ ئاسان ۋە بىخەتەر بولىدۇ.»

«شۇنداقمۇ؟» دېدى مەسئۇل دوختۇر. «مەن تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى قايتا كۆرۈپ چىقاي… ۋاي شۇنداقكەنغۇ، توغرا دەيسەن، داۋالاش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ بېرەمسەن؟»

ئەتىسى مەن يەنە دەيتتىم: «تىنچلىقىمۇ ئەپەندىم، مەن پاۋىل. مەن ئېغىر كېسەللەر پەرۋىش ئۆيىدە پالانچى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ

ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۈم، مېنىڭچە ئەتە ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسىنى كېسىۋېتىپ بېسىم چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلساق. ھازىر ئورۇنلاشتۇرسام بولامدۇ؟ قاچان ۋاقتىڭىز چىقار؟»

ئوپېراتسىيەخانىدىمۇ ئەسلىدىكى ئەڭ تېز سۈرئىتىمگە قايتتىم:

«سېستىرا، پوكونىچى باش ۋىراچنى چاقىرىپ قويامسىز؟ ئۇ كىرىشتىن بۇرۇن مەن تۈگىتىپ بولىمەن.»

«تېلېفون قىلدىم، ئۇ سىزنى چوقۇم تۈگىتىپ بولالمايدۇ دەيدۇ.»

باش ۋىراچ ھاسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئوپېراتسىيىنى كۆزدىن كەچۈردى.

«مەن كىچىك بىر بۆلۈك كېسىپ ۋېنا ئېرىقچىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ئۆسمىنى پۈتۈنلەي كېسىپ ئېلىۋەتتىم» دېدىم مەن.

«ۋېنا ئېرىقچىسىدىن ئەگىپ ئۆتتۈڭ؟»

«شۇنداق، ئۇستاز»

«بىر قېتىمدىلا كېسىپ ئېلىۋېتەلىدىڭ؟»

«شۇنداق ئۇستاز. كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ.»

«ياخشىغۇ. بەك ياخشى بولدى، قاچاندىن بۇيان بۇنداق تېزلىشىپ كەتتىڭ؟ كەچۈرگىن، بالدۇر كەلسەم بوپتىكەن.»

«ھېچقىسى يوق».

كېسەلنىڭ يامان يېرى شۇكى، ئۇنىڭغا يولۇققاندىن كېيىن قىممەت قارىشىڭىز ئىزچىل ئۆزگىرىدۇ. نېمىنىڭ سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىملىقى ھەققىدە باش قاتۇرىسىز، ھەمدە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن يەنە توختىماي باش قاتۇرىسىز. بۇ خۇددى بىراۋ مېنىڭ ئىناۋەتلىك كارتامنى تارتىۋالغىنىدا ئاندىن پۇل تېجەشنى ئۆگەنگىنىمگە ئوخشاش بىر ئىشتەك تۇيۇلاتتى. سىز بەلكىم قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى دوختۇرى بولۇپ ئىشلەپ ئۆتكۈزۈش قارارىنى چىقارغانسىز، بىراق ئىككى ئايدىن كېيىن سىزنىڭ خىيالىڭىز ئۆزگىرىپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن سىز بەلكىم ساكس چېلىشنى ئۆگىنىشكە قىزىقىپ قالارسىز، ياكى ئۆزىڭىزنى چېركاۋغا ئاتىۋەتكۈڭىز كېلىشى مۇمكىن. ئۆلۈمغۇ بىر قېتىملىق ئىش، لېكىن ساقايماس كېسەل بىلەن ياشاش بولسا بىر ئۇزۇن جەريان.

مەن قايغۇنىڭ «ئىنكار قىلىش ـ> ئاچچىقلىنىش ـ> سۆلھىلىشىش ـ> چۈشكۈنلۈك ـ> قوبۇل قىلىش» قاتارلىق بەش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىمنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالدىم. دەپ كەلسەم بۇ بىر بىمەنىلىك، ئەمما مەن بۇ باسقۇچلارنى تەتۈر بېسىپ ئۆتۈپتىمەن. دىياگنوز چىققاندا مەن ئۆلۈمگە تەييارلىنىپ بولغان ئىدىم، كەيپىياتىم ياخشى ئىدى، ئۆلۈمگە ھازىر ئىدىم. ئاندىن چۈشكۈنلەشتىم، چۈنكى بۇ كېسەلدە تېزلا ئۆلۈپ قالمايدىغىنىم ئېنىق بولدى، بۇ ئەلۋەتتە بىر خۇشخەۋەر شۇنداقلا كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان ۋە روھى چۈشكۈنلۈككە دۇچار قىلىدىغان خەۋەر.

راكنى داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىستاتىستىكا دوكلاتلىرىغا كۆرە، مەن يەنە 12 ئاي ياكى 120 ئاي ياشىيالىشىم مۇمكىن. بۇنداق چوڭ كېسەللىك كىشىگە ھاياتنى چوڭقۇر تونۇتۇپ قويار بولغىيدى، بىراق مەن ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنى بىلىمەن، بۇنى مەن كېسەل بولۇشتىن بۇرۇنلا بىلەتتىم. مېنىڭ بىلىمىم بۇرۇنقىدەكلا بولسىمۇ، ئەمما چۈشلۈك تاماقتا دېيىشىشىمۇ ئاسمانغا چىققاندەك تەس ئىش بولۇپ قالغىلى تۇردى. كاشكى ئۆمرۈمنىڭ نەچچە ئاي ياكى نەچچە يىل قالغانلىقىنى بىلسەم ئىدى، كەلگۈسىدە نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلەلەيتتىم. ئەگەر ئۈچ ئاي ۋاقتىڭ قالدى دېگەن بولسا، ئائىلەمدىكىلەرگە ھەمراھ بولغان بولاتتىم. ئەگەر بىر يىل ۋاقتىڭ قالدى دېيىلسە، بىر كىتاب يازغان بولاتتىم. ئەگەر ئون يىل بېرىلسە، مەن دوختۇرخانىغا قايتىپ كېسەل داۋالىغان بولاتتىم. بۈگۈننىلا ئويلاپ ياشا دېگەن ھەقىقەتنىڭ ماڭا قىلچىمۇ پايدىسى تەگمىدى: بىر كۈننىلا ئويلىشىم كېرەك بولسا، ئۇ كۈندە مەن زادى نېمە قىلسام توغرا بولىدۇ؟

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مەن ھايات بىلەن سۆلىھلىشىشكە، يەنى باھا تالىشىشقا باشلىدىم، بۇنى باھا تالىشىش دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، مەن خۇددى: «ئەي تەقدىر، مەن بۇ سىنىقىڭنى چۈشەنمىدىم، ئەمما سەن ئەقىدەمنى سىنىماقچى بولساڭ، مەن شۇنى بىلدىمكى مېنىڭ ئەقىدەم بەكلا ئاجىزكەن، سەن نېمىشقا مېنى ئاسانراق ئىش بىلەن، مەسىلەن

ساندىۋۇچىمدىكى قىيامنى يەرگە چۈشۈرىۋېتىش بىلەن سىنىمايسەن؟ ئېيقىنە! ماڭا خۇددى يادرو بومبىسى سىنىقىدەك چوڭ سىناق بېرىشىڭگە نە ھاجەت ئىدى...» دەيتتىم. تاللىشىش ئاياغلىشىپ غۇژژىدە ئاچچىقىم تۇتتى: «بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ئاران مۇشۇ يەرگە كەلسەم، ئەجەبا ماڭا بېرىدىغان جاۋابىڭ راكما؟»

ئەمدى مەن ئاخىرى ئىنكار قىلىش باسقۇچىغا كەلگەندەك قىلىمەن، بەلكىم پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشتۇر. بىرەر ئېنىق يەكۈن يوق ئىكەن، بەلكىم بىز ئۆزىمىزنى ئۇزۇن ياشايمىز دەپ پەرەز قىلىشىمىز كېرەكتۇ. بەلكىم بۇ بىردىنبىر چىقىش يولۇمدۇ.

---

تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققان توققۇز ئايدىن بۇيان مەن تاكى يېرىم كېچىگىچە ھەتتا تاڭ سەھەرگىچە ئىشلىدىم، ئەس يادىم ئوقۇش پۈتتۈرۈشتە ئىدى. بەدىنىم بەرداشلىق بېرەلمەي قىلىۋاتاتتى، ئۆيگە قايتقاندا چارچاپ كەتكىنىمدىن تاماقمۇ يېيەلمەيتتىم. مەن ئاستا-ئاستا ئىچىۋاتقان تايلىنول (بىر خىل كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاغرىق توختىتىش دورىسى)، غەيرى ستېروئىدلىق ياللۇغقا قارشى دورىلار (NSAIDs) ۋە قۇسۇشقا قارشى دورىلىرىمنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتتىم. يۆتىلىم بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى، بۇ بەلكىم ئۆپكەمدىكى يامان سۆپەتلىك ئۆسمىنىڭ ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك. مەن ئۆزۈمگە «يەنە نەچچە ئاي چىدىۋەتساملا پراكتىكانت دوختۇرلۇق تۈگەپ بىر قەدەر

تىنچ ۋە ئەركىن پىروفېسسورلۇق خىزمىتىگە چۈشمەن» دەپ تەسەللى بېرىپ تۇراتتىم.

فېۋرالدا بىر خىزمەت يۈز تۇرانە كۆرۈشۈشكە قاتناشقىلى ۋىسكونسىنغا باردىم. ئۇلار ماڭا پۈتۈنلەي ئارزۇيىمدىكى ھەممىنى تەقلەپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى: نېۋرولوگىيە تەجرىبەخانىسى قۇرۇشقا كېتىدىغان نەچچە مىليون دوللارلىق تەتقىقات مەبلىغى، مەن يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىلىنىكا ئەترىتى، ساغلاملىق ئەھۋالىمغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئەركىن خىزمەت ۋاقتى، مەڭگۈلۈك تەكلىپ قىلىش سىستېمىسى بويىچە پىروفېسسورلۇق خىزمىتى (تەرجىماندىن: ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە پىروفېسسورلۇق خىزمىتىگە قوبۇل قىلىشتا ئاساسلىقى ئىككى خىل سىستېما بار: بىرى، مەڭگۈلۈك تەكلىپ قىلىش سىستېمىسى؛ بۇ سىستېما بويىچە پىروفېسسورلۇق خىزمىتىگە ئېرىشكەنلەر ئادەتتە 6 يىلغىچە ياردەمچى پىروفېسسور بولۇپ ئىشلەيدۇ ۋە قاتتىق باھالاش شەرتلىرىنى ھازىرلاپ فاكۇلتېت باھالاش كومىتېتىدىكى باشقا پىروفېسسورلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشەلىسە ئۇ ھالدا، مەڭگۈلۈككە تەكلىپ قىلىش كۆچكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئورۇنباسار پىروفېسسور يەنى مۇئاۋىن پىروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بىرەر قانۇن ۋە مەكتەپ قائىدىلىرىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلمىشى بولمىسىلا خىزمەت ئىپادىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پېنسىيەگە چىققۇچە قەتئىي ئىشتىن بوشىتىلمايدۇ. ھەتتا بىر

ئالىي مەكتەپتە بۇ ئورۇنغا ئېرىشكەن بولسا نورمالدا باشقا ئالىي مەكتەپكە كۆچۈپ خىزمەت ئالماشتۇرسىمۇ بۇ ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى پىروفېسسورلۇق خىزمىتىگە ئېرىشىشتە رىقابەت بەكلا كۈچلۈك بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى بولسا، غەيرى مەڭگۈلۈككە تەكلىپ قىلىش سىستېمىسى بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇلدا پىروفېسسورلۇققا قوبۇل قىلىنغانلارنى ئالىي مەكتەپ خالىغان ۋاقىتتا ئىشتىن بوشىتالايدۇ، ھەتتا 10-15 يىل ئىشلەپ بولغاندىن كېيىنمۇ خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ. شۇڭا مەڭگۈلۈككە تەكلىپ قىلىنىش سىستېمىسىدەك ئىناۋىتى يۇقىرى بولمايدۇ). ئۇلار ھەتتا لۇسىي ئۈچۈنمۇ ياخشى خىزمەت تەمىنلىمەكچى بولدى. يۇقىرى مائاشلىق ياخشى خىزمەت، گۈزەل مەنزىرە، خۇددى چۈشتەك شەھەر، ئېسىل باشلىق، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى. «سالامەتلىك ئەھۋالىڭىزدىن خەۋىرىم بار، ئۆسمە كېسەللەر دوختۇرىڭىز بىلەن قويۇق ئالاقىڭىز بارغۇ دەيمەن»، دېدى فاكۇلتېت مۇدىرى. «ئەگەر داۋاملىق شۇ يەردە داۋالىنىمەن دېسىڭىز، بىز سىزنىڭ بېرىپ-كېلىش چىقىمىڭىزنى كۆتۈرىمىز، بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ناھايىتى ياخشى راك تەتقىقاتى مەركىزى بار، بۇ يەردە داۋالانسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىزنى بۇ خىزمەتكە تېخىمۇ جەلپ قىلىش ئۈچۈن مەن يەنە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن؟»

ئىمىانىڭ ماڭا ئىپتىقانلىرىنى ئەسلىدىم. مەن بۇرۇن تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولالىشىمغا قىلچە ئىشەنمەيتتىم، مانا ھازىر بولدۇم، بۇ خۇددى مۆجىزىدەكلا غايەت زور ئۆزگىرىش ئىدى. مەن بۇ خىل سالاھىيىتىمنى ئەستە تۇتۇشقا ئامالسىز قالغاندىمۇ، ئىمىا ھەر ۋاقىت ئىسىدە چىڭ تۇتۇپ كەپتۇ. بىر نەچچە يىل بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەن ۋە نىشان قىلغان بىر ئىشنى ئەمدىلىكتە ئىمىا ئەمەلگە ئاشۇردى: ئۇ روھىمغا مەسئۇل بولۇشتەك ئەخلاقىي بۇرچىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى مەن ئۆزۈم مەسئۇل بولالىغىدەك ھالەتكە يەتكىنىمدە يەنە ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. مەن نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر پىراكتىكانت دوختۇرلىرى يېتەلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتىم، مەن ھازىر نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى دوختۇرىلا ئەمەس بەلكى ھەم دوختۇر ھەم ئالىم بولۇش ئالدىدا تۇرىمەن. بۇ ھەر بىر پىراكتىكانت چۈشىدىمۇ ئويلايدىغان، لېكىن ئاساسەن ھېچكىم يېتىپ باقمىغان بىر ئارزۇ ئىدى.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، مۇدىر ماشىنىسى بىلەن مېنى مېھمانخانىغا ئەكىلىپ قويدى. ئۇ يول بويىدا ماشىنىسىنى توختىتىپ: «سىزگە بىر نەرسە كۆرسىتەي» دېدى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ دوختۇرخانا ئالدىغا كەلدۇق، كۆل يۈزى مۇز تۇتقان بولۇپ قارشى قىرغاقتىكى بىنادىن ئاندا-ساندا چىراغ نۇرى چاقناپ تۇراتتى. «يازدا ئىشقا سۇ ئۈزۈپ ياكى كېمە ھەيدەپمۇ كېلەلەيسىز، قىشتا قار تېيىلىپ ياكى چاڭغىلىق

كەلسۇن دېگەن سۆزلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزۈم ئۈچۈن ئېيتقانىدىم.

كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ.» (تەرجىماندىن: بۇ تەسۋىردىن قارىغاندا، پاۋىل ئىشلىمەكچى بولغان داشۆ ۋىسكونسىن داشۆسى مەدىسون بولۇپ، بۇ كۆل دەل مەدىسون كۆلى. بۇ مەكتەپ ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى 20 گە تىزىلىدىغان داڭلىق مەكتەپ بولۇپ، مېدىتسىنا ۋە ھاياتلىق ئىلمى ساھەسىدە نۇرغۇن نوبېل مۇكاپاتى ساھىبلىرى چىققان. بۇ كۆل بۇ گۈزەل شەھەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ.

بۇ چۈشكىلا ئوخشايدىغان خىيالىي بىر مەنزىرە ئىدى. مۇشۇ نۇقتا مېنى قاتتىق سىلكىدى: بۇ بىر چۈشلا خالاس، بىز ھەرگىزمۇ ۋىسكونسىنغا كۆچەلمەيمىز. ئەگەردە بۇ ئىككى يىلدا كېسىلىم ئېغىرلىشىپ كەتسىچۇ؟ لۇسىي يالغۇز قالىدۇ، دوستلىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر يېنىدا يوق، پەقەت ئۆلۈپ كېتىدىغان يولدىشى ۋە ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بوۋاق بالىسىلا قالىدۇ. مەيلى قانچە ئىنكار قىلماي راكنىڭ ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتكىنىنى تونۇپ يەتتىم. ئۆتكەن نەچچە ئايدا مەن راك كېسىلىنىڭ ئالدىدىكى تۇرمۇشقا قايتىشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم، بۇ كېسەلنىڭ تۇرمۇشۇمغا ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇندۇم. كۆڭلۈم غەلىبە تۇيغۇسىغا شۇنچىلىك موھتاج ئىدى، لېكىن بۇرۇنۇمغا مەغلۇبىيەتلا پۇرايتتى. راكنىڭ قارىغىشى مېنى غەلىتە بىر جانلىققا ئايلاندۇردى، مەن يېقىنلاۋاتقان ئۆلۈمنى كۆرمەسلىككە سېلىپ يۈرەلمەيمەن، شۇنداقلا ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرالمايمەن. گەرچە راكنى

داۋالاش داۋاملىشۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەھىمىسى يەنىلا ئەتراپىنى قاپلايتى.

تۇنجى قېتىم ئىستانفوردتىكى خىزمىتىمدىن ئايرىلغاندا، بىر تەجرىبىخانىنى يۇرگۈزۇشكە ئاز دېگەندىمۇ 20 يىللىق پىلان كېتىدۇ دەپ تەسەللىي بەرگەن ئىدىم، ئەمدى بىلدىمكى بۇ قارىشىم ھەققەتەن توغرا ئىكەن. فېروۇئىد بىر ئۇتۇقلۇق نېرۋا تەتقىقاتچىسى سۈپىتىدە كەسپى ھاياتىنى باشلىغان. ئۇ نېرۋا تەتقىقاتىنىڭ يەنە ئاز دېگەندە بىر ئەسىر سەرپ قىلغاندا ئاندىن ئوي-پىكرىنى چۈشىنىش ئارزۇسىغا يېتەلەيدىغانلىقىنى بىلگەندە مىكروسكوپتىن ۋاز كەچكەن. مەنمۇ ئوخشاش ئەھۋالدا قالغاندەك ھېس قىلدىم. تەتقىقات ئارقىلىق نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر ساھەسىنى ئۆزگەرتىش بىر مەيدان قىمارغا ئوخشايتى، ماڭا قويۇلغان دىياگنوز بۇ قىماردا ئۇتۇش مۇمكىنچىلىكىمنى ئېلىپ كەتكەن، قولۇمدىكى ئاخىرقى پېشكىنى تەجرىبىخانىغا تىككۈم يوق ئىدى.

ئېمىمانىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە يەنە ئاڭلاندى: ئۆزىڭىزگە نېمىنىڭ ئەڭ مۇھىملىقىنى تېپىپ چىقىشىڭىز كېرەك.

نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر ساھەسى ۋە نېرۋا تەتقىقاتىنىڭ چوققىسىغا چىقىش ئويۇمدىن كەچسەم مېنىڭ زادى نېمە قىلغۇم باردۇ؟

دادا؟

نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى دوختۇرى؟

ئوقۇتقۇچى؟

مەن بىلمىدىم. بىراق گەرچە نىمە قىلغۇم بارلىقىنى بىلمىسەممۇ، مەن بىر نەرسىنى، ھىپپوكرات، مايموندىس ياكى ئوسلېردىن تاپقىلى بولمايدىغان بىر نەرسىنى ئۆگەنگەن ئىدىم: دوختۇرنىڭ بۇرچى ھەرگىزمۇ ئۆلۈمنى كېچىكتۈرۈش ياكى بىمارنى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى بىمار ۋە ئائىلىسىدىكىلەر كىرىزىسقا دۇچ كەلگەندە ئۇلارنى باغرىمىزغا ئېلىش، تاكى ئۇلار قايتىدىن قىيىنچىلىقتا دادىل يۈزلىنىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنگە قەدەر ھەمراھ بولۇش.

تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پەخىرلىنىپ كېتىشىمنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. گەرچە مەن مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىپ بىمارنى قۇتقۇزۇشنى ئەڭ چوڭ بۇرچۇم ھېسابلىساممۇ، بۇ پەقەتلا ۋاقىتلىق ئىش. بىمارلار خەتەرلىك ۋاقىتتىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا-ئاستا ئويغىنىدۇ، نەيچىلەر ئېلىۋېتىلىدۇ، دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى داۋام ئېتىدۇ، لېكىن ھەممە ئۆزگىرىدۇ. دوختۇرلارنىڭ سۆزلىرى خۇددى نىرۋا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ پىچىقى مېڭىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتكەندەك سىزنىڭ قەلبىڭىزنى تىنچلاندۇرىدۇ.

ئېمما كونا سالاھىيىتىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرمىدى، ئۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى يېڭىدىن يارىتىش ئىقتىدارىمنى قوغداپ قالدى مەن ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ يېڭى «مەن»نى تېپىشىم كېرەكلىكىنى بىلىپ يەتتىم.

## 16-قىسىم

بۈگۈن يەكشەنبە، سەھەرنىڭ ھاۋاسى شۇنچە ساپ ئىدى، ئايالىم ئىككىمىز ئارىزونا ئىشتاتىدىن ھەپتە ئاخىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن ئاتا-ئانامنى ئېلىپ چېركاۋغا باردۇق. بىز چېركاۋ ئىچىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا بىللە ئولتۇراتتۇق، ئاپام كەينىمىزدە ئولتۇرغان بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. دەسلىپىدىلا ئۇ ئائىلىدىكى ئاپاش كىچىككىنە قىزنىڭ كۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى، ئارقىدىنلا تېزلىكتە تېمىنى يۆتكەپ چوڭ-چوڭ ئىشلاردىن سۆزلەشكە باشلىدى. ئاپام ياخشى بىر تىڭشىغۇچى، ئىشەنچلىك ھەمدە قەلبلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان خىسلىتىنى نامايەندە قىلماقتا ئىدى.

ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن بۇيان مېنىڭ تەڭرىگە بولغان تونۇشۇم سۇسلاپ كەتتى. مېنىڭ يىمىرىلمەس بىر ئاتېزىمچى بولۇپ كېتىشىم خرىستىيان ئەقىدىلىرىنىڭ دەلىل تەمىنلەشتىكى مەغلۇبىيەتلىرىگە قارشى قوراللانغىنىمدىن ئىدى. تەبىئىي قانۇنىيەتلەر ئالەمنىڭ سىرلىرىنى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى؛ ئوككامنىڭ پىچىقى (بۇ پەلسەپەنى ئوتتۇرا ئەسىر ئەنگلىيە پەيلاسوپى ئوككاملىق ۋىليام ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ شەيئىلەر زۆرۈر بولمىسا مۇرەككەپلەشتۈرۈلمەسلىكى كېرەك، ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى

دەپ قارايدىغان مەسىلە ھەل قىلىش پەلسەپەسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەلسەپە ئىلىم-پەن تەرەققىياتىغا زور ئىجابىي تەسىر ئىلىپ كەلگەن) ئېنىقكى ئېتىقادچىلارنى قارىغۇلارچە ئىشىنىشتىن خالىي قىلدى... تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق دەلىل يوق ئىكەن، تەڭرىگە ئىشىنىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

گەرچە مەن تىلاۋەت قىلىش ھەمدە «ئىنجىل» ئوقۇش، كۆندە كەچلىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئىشىمىزغا ئايلانغان بىر تەقۋادار خىرىستىيان ئائىلىسىدە چوڭ بولغان بولساممۇ، ئەمما مەن كۆپلىگەن ئالىملارغا ئوخشاش مەۋجۇتلۇقنىڭ ماددىي ئۇقۇم ئىكەنلىكىگە ۋە ئاخىرى مىتافىزىكىنى قوللايدىغان پەننىي دۇنيا كۆز قارىشىغا ئىشىنىدىغان بولدۇم. روھ، ئىلاھ، ئۇزۇن ساقاللىق، بەلباغلىق ئاق تەنلىك كىشى (يەنى روژدىستىۋا بوۋاي) دېگەندەك ۋاقتى ئۆتكەن ئۇقۇملارغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيمەن. يىگىرمە نەچچە ياش ۋاقتلىرىمدا، نۇرغۇنلىغان ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزۈمنىڭ ئېتىقادىنى بەرپا قىلىپ چىقماقچى بولدۇم. قانداقلا ئويلىشىمدىن قەتئىينەزەر ئاخىرىدا يەنىلا مەسىلە كېلىپ چىقتى: ئىلىم-پەننى مىتافىزىكىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈم ئۆلچىمى قىلغىنىمىز تەڭرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپلا قالماي، يەنە مۇھەببەت، نەپرەت ۋە ئەھمىيەتنىمۇ ئىنكار قىلدى. بۇ خىل ئىدىيەدىكى دۇنيا ئەسلىدىمۇ بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەگەر سىز

ھاياتنىڭ مەنىسىگە ئىشەنسىڭىز، چوقۇم تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىشىڭىز كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئەگەر سىز تەڭرىنىڭ ئىلىم-پەندە پۈت دەسسەپ تۇرغۇدەك يېرى يوق دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز چوقۇم ئىلىم-پەن ھاياتنىڭ مەنىسىنىمۇ سىغدۇرالمايدۇ دەپ قارايسىز. شۇڭا، ھاياتلىقنىڭ ئۆزىنىڭمۇ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى سۆزلەرنىڭمۇ ھېچقانداق سالمىقى يوق، بارلىق چۈشەنچىلەر ئىلمىي بىلىش ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارادوكس مەۋجۇت. ئىلمىي مېتودولوگىيەنى كىشىلەر ئىككى قولى بىلەن ياراتقان، شۇڭا بىر قىسىم مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرنى يېشىپ بېرىشكە ئامالسىز. بىزنىڭ بۇ ئىلمىي نەزەرىيەنى تۇرغۇزۇشىمىز، بۇ دۇنيانى تەشكىللەش ۋە كونترول قىلىش ھەمدە ھەر خىل ھادىسىلەرنى كونترول قىلىش دائىرىمىز ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن. ئىلىم-پەن ئىلمىي يەكۈننىڭ تەكرار ئېرىشىشچانلىقى ۋە سىنتىزلەنگەن ئوبيېكتىپچانلىقىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ئىلىم-پەننىڭ ھەر خىل ماددا ۋە ئېنېرگىيە توغرىسىدىكى تەشەببۇسلارنى بەرپا قىلىش ۋە شەرھلەش ئىقتىدارىنى ناھايىتى كۈچلۈك ئارقا تىرەك بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، لېكىن ئىلىم-پەن بىلىملىرى ئىنسان ھاياتىنىڭ مەۋجۇت بولغان، يانداشما ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. نىملا دېگەن بىلەن ئىنسان ھاياتى ئۆزگىچە، سۇبيېكتىپ ۋە مۆلچەرلەش قىيىن بولۇش

خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە. ئىلىم-پەن تەجرىبىدىن ئۆتكەن سانلىق مەلۇماتلار ۋە تەكرار تەجرىبە ئىشلىگەندىمۇ ئوخشاش نەتىجە چىقىدىغان يەكۈنلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلىم-پەن ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ يادرولۇق تەرەپلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ: ئۈمىد، ۋەھىمە، مۇھەببەت، نەپرەت، گۈزەللىك، ھەسەت، شەرەپ، ئاجىزلىق، كۈرەش، ئازاب ۋە پەزىلەت دېگەندەك.

بۇ يادرولۇق ھېسسىيات بىلەن ئىلمىي نەزەرىيە ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە بىر ھاڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھېچقانداق ئىدىيە سىستېمىسى ئىنساني كەچۈرمىشنى تولۇقى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مېتافىزىكا بىر غايىۋى نەزەرىيە بولۇش دائىرىسىدە توختاپ قالدى (قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئاتېئىزم ئەمەس، ئوككامنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىمۇ دەل مۇشۇ). پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاتېئىزم نەزەرىيەسى مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەڭ تىپىك ئاتېئىزمچى بولسا بەلكىم گراھام گېرىنىنىڭ ئەسىرى «ھوقۇق ۋە شان-شەرەپ» دىكى بىر كوماندىر، ئۇنىڭ ئاتېئىزملىقى «تەڭرى مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن ۋەھىيدىن كەلگەن. ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئاتېئىزملىق چوقۇم دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئارزۇسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. نۇرغۇن ئاتېئىزمچىلار نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى، فرانسىيە بىيولوگى جاك مونادنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ

سۆز ئەمەلىيەتتە ئاتېئىزمنى يوشۇرۇۋېتىدىغان بىر خىل ئىلاھىي تۇسكە ئىگە: قەدىمكى مۇقەددەس سۆز ئاللىقاچان قىممىتىنى يوقاتتى، ئىنسانلار ئاخىرى ئۆزىنىڭ بۇ رەھىمسىز كەڭ ئالەمدە تەنھا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىنىڭمۇ بىر تاسادىپىيلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

(ئەسكەرتىش: بىر قىسىم مەزمۇنلار تەرجىمە قىلىش ئەپسىز بولغاچقا قىسقارتىلدى، قىزىققانلار كىتابنىڭ دۆلەت تىلى نۇسخىسىدىن كۆرۈۋالار، بۇ ھەقتە ھەر قانداق ئىنكاس قوبۇل قىلىنمايدۇ)

مەن يەنە بىر قېتىملىق CT تەكشۈرۈشىدىن چىقتىم، بۇ ئوپېراتسىيەخانىغا قايتقىنىمغا يەتتە ئاي بولغان چاغ ئىدى. بۇ مېنىڭ پىراكتىكانت دوختۇرلۇق تەربىيلىنىشىم ئاخىرلىشىش، دادا بولۇش، شۇنداقلا كەلگۈسۈم رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تەكشۈرتۈشۈم ئىدى.

«نەتىجىنى كۆرۈپ باقامسىز دوختۇر؟» دېدى CT تېخنىكى.

«ھازىر ئەمەس» دېدىم مەن. «بۈگۈن يەنە قىلىدىغان بىر مۇنچە ئىشىم بار».

ئۇ كەچ سائەت ئالتە بولغان چاغ ئىدى. بىمارلارنى كۆزىتىش، ئەتىكى ئوپېراتسىيە كۆنتەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى كۆرۈش، كىلىنىكا خاتىرىسى يېزىش، ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى

خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش دېگەندەك بىر مۇنچە ئىشلار مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. كەچ سائەت سەككىزلەردە نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردۇم، يېنىمدا رادىيولوگىيە كۆزنىتىش ئەسۋابى تۇراتتى. مەن ئۇنى قوزغاتتىم ۋە ئەتىكى بىمارلىرىمنىڭ تەسۋىر نەتىجىلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدىم، بۇ ئىككى بىمار ئادەتتىكى ئومۇرتقا كېسىلى ئىدى. ئاندىن مەن ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزدۈم. ئىپكراندا ئالدىنقى قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجەم ۋە بايىقى يېڭى تەسۋىرلەر كۆرۈندى، مەن بۇلارنى كىچىك بالىلار رەسىملىك كىتاب كۆرگەندەك ئۆرۈپ چۆرۈپ سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. ھەممە يەر ئوخشاش، ئالدىنقى قېتىمدىكى ئۆسمىلەر يەنە شۇ جايىدا ئۆز پېتى تۇراتتى، پەقەت...

مەن قايتا سېلىشتۇردۇم. ئاندىن يەنە تەكرار-تەكرار كۆردۈم.

مانا، يېڭى ئۆسمە، چوڭ، ئوڭ ئۆپكەمنى تولۇق يەپ بولغان قاپقارا ئۆسمە. قىزىقارلىق يېرى بۇ يېڭى ئۆسمە خۇددى ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆتۈرۈلەيلا دەپ قالغان تولۇن ئايغىلا ئوخشايتتى، ئالدىنقى قېتىملىق تەسۋىر نەتىجەمدە ئىزنمۇ يوق بۇ تولۇن ئاي مانا ئەمدى ئەرۋاھتەكلا تۇيۇقسىز مېنىڭ دۇنيارىمغا بۆسۈپ كىرگەن ئىدى.

مەن خاپىمۇ بولمىدىم، قورقۇپمۇ كەتمىدىم، بولغان ئىش بولدى. بۇ خۇددى قۇياش بىلەن يەر شارىنىڭ ئارىلىقىدەكلا بىر ئاددىي پاكىت. ئۆيگە قايتتىم ۋە بۇ ئىشنى لۇسىيغا ئېيتتىم. بۇ بىر پەيشەنبە كېچىسى ئىدى، بىز

ئېمما بىلەن دۇشەنبىگىچە كۆرۈشەلمەيتتۇق. لۇسي ئىككىمىز ھۇجرىمىزدا ئولتۇرۇپ خاتىرە كومپيۇتېرلىرىمىزنى ئېلىپ كېيىنكى قەدەمدە بولىدىغان ئىشلار: تىرىك توقۇلما ئېلىش، ھەر خىل تەكشۈرۈشلەر، خىمىيەلىك داۋالىنىشلار... ھەققىدە ئىزدەندۇق. ئەمدىكى داۋالىنىشلىرىم تېخىمۇ ئازابلىق بولاتتى، ئۆزۈنراق ياشاش ئۈمىدىمۇ كىچىكلەۋاتاتتى. يەنە ئېلىيوتنىڭ مىسرالىرىنى ئەسلىدىم:

«دۈمبەمگە ئۇرۇلغان سوغۇق شامالدىن، ئىشتىلدى سوقۇلغان سۆڭەكنىڭ ئۈنى. \ تىنىمسىز جاراڭلار قۇلاق تۈۋىمدە، ئۆلۈمنىڭ تەكەببۇر كۈلكە ئاۋازى.»

ئەمدى مەن كەلگۈسى نەچچە ھەپتە، نەچچە ئاي، بەلكىم مەڭگۈ نېرۋا تاشقى كېسەل بۆلۈمىگە قايتالماسلىقىم مۇمكىن. بىراق بىز بۇ ئىشلارنى دۈشەنبىگە قالدۇرۇشنى قارار قىلدۇق. ھازىر پەيشەنبە، مەن ئاللىقاچان ئەتىلىك ئوپېراتسىيەلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان ئىدىم. مەن ئەتە بىر كۈن ئاخىرقى قېتىم پىراكتىكانت دوختۇر بولماقچى.

ئەتىسى سەھەر سائەت بەشتىن يىگىرمە ئۆتكەندە، مەن دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدىم، ھاۋانى ئېكالىپت دەرىخى ۋە يەنە بىر دەرەخنىڭ ھىدى قاپلىغان ئىدى، بۇ قارىغايمۇ نېمە؟ مەن بۇرۇن پەقەت دىققەت قىلماپتىكەنمەن. پىراكتىكانت دوختۇرلار گۇرۇپپىمىز بىلەن ئەتىگەنلىك قىسقا يىغىن ئېچىپ، كېچىدىن

بۇيانقى ئىشلارنى، يېڭى كىرگەن بىمارلارنى، يېڭى تەسۋىر نەتىجىلىرىنى بىرەر قۇر دېيىشىۋالدۇق. ئاندىن بىمارلىرىمىزنى يوقلاپ كىرىشتىن بۇرۇن «M&M» يىغىنى، يەنى كېسەل ۋە ئۆلۈم (mortality morbidity and) يىغىنى ئاچتۇق، بۇ كېسەللىكلەرنىڭ قوزغىلىش ۋە ئۆلۈم نىسبىتىگە ئالاقىدار قەرەللىك يىغىن ئىدى، يىغىندا نېرۋا تاشقى بۆلۈم دوختۇرلىرى سادىر بولغان خاتالىقلار ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىغان كېسەللىك مىساللىرىنى كۆرۈپ چىقاتتى. يىغىندىن كېيىن مەن بىمار R ئەپەندىم بىلەن بىرنەچچە مىنۇت مۇڭداشتىم. مەن ئۇنىڭ مېڭە ئۆسمىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا گېرستمان دەيدىغان بىر خىل ئاز ئۇچرايدىغان كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتاتتى: ئۇ خەت يازالمايدىغان، بارماقلىرىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلمەيدىغان، ئاددىي قوشۇپ ئېلىشلارنىمۇ ئىشلىيەلمەيدىغان، ئوڭ سولنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. مەن بۇنداق غەلىتە كېسەللىكنى سەككىز يىل بۇرۇن تېببىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋاقتىمدا بىر قېتىم كۆرۈپ باققان ئىدىم. ئەينى چاغدىكى ئاشۇ بىمارغا ئوخشاشلا R (ئار) ئەپەندىمۇ ناھايىتى خۇشخۇي ئىدى، بۇ بەلكىم مۇشۇ كېسەللىكنىڭ تېخى ھېچكىم بايقىمىغان بىر ئالامىتى بولسا كېرەك. R ئەپەندىنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىۋاتاتتى، ئۇ ھازىر ئاساسەن نورمال گەپ قىلالايتتى،

ئارىفمېتىكىلىق ھېسابلاش ئىقتىدارىمۇ خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

سەھەر ئۆتۈپ كەتتى، مەن ئاخىرقى بىر ئوپېراتسىيە ئۈچۈن قولۇمنى يۇيۇۋېتىپ تۇيۇقسىز بۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىر پەيت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم (تەرجىماندىن، ئادەتتە ئوپېراتسىيەدىن بۇرۇن باش ئوپېراتسىيەچى ۋە ياردەمچىلەر قولىنى دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى بىلەن بىلەككىچە يۇيىدۇ ۋە بىر چوتكىغا دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنى تېمىتىپ ئاندىن تىرناق ئاستىنى غىرداپ يۇيىدۇ. بۇ خىل يۇيۇش ئوپېراتسىيەگىلا خاس بولۇپ، ئادەتتىكى قول يۇيۇشتىن پەرقلىنىدۇ، شۇڭا ئىنگىلىزتىلىدا خاس ئاتالغۇسى بار). بەلكىم بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئوپېراتسىيە ئۈچۈن قولۇمنى يۇيۇشۇم بولۇپ قالار؟ ئېھتىمال. مەن قوللىرىمدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سوپۇن ماغزاپلىرىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئاندىن ئوپېراتسىيەخانىغا كىردىم، خالاتلىرىمنى كىيدىم، بىمارنى يېپىۋاتقاندا كىرلىك قىرلىرىنى دىققەت بىلەن تۈزەشتۈردۈم. مەن بۇ ئوپېراتسىيەنى مۇكەممەل قىلماقچى ئىدىم. بىمارنىڭ دۈمبىسىنى ياردىم. بۇ ياشانغان ئەرنىڭ ئومۇرتقىسى ناچارلىشىپ نېرۋا يىلتىزىنى بېسىۋالغان ۋە قاتتىق دۈمبە ئاغرىقىغا سەۋەب بولغان ئىدى. مەن چوقچىيىپ چىققان ئومۇرتقىسىنى سىزىپ تۇراتتىم. مەن داكىنى كېسىپ مۇسكۇللارنى تاكى كەڭ ھەم پارقىراق، قىلچە قان دېغىمۇ يوق ئومۇرتقا سۆڭىكى پاك-پاكىز

كۆرۈنگىچە كەستىم. باش ۋىراچ كىرگەندە مەن ئومۇرتقىنىڭ كەينىدىكى ئومۇرتقا تەخسىسىنى چىقىرىۋاتاتتىم، ئۇ يەرگە سۆڭەك ئۆسۈپ قالغان بولۇپ، ئاستىدىكى سىڭىرلار بىلەن ھەممىسى نېرۋىلارنى بېسىۋالغان ئىدى.

«قالتىسقۇ» دېدى دوختۇر. «بوۋگۆنكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىمەن دېسىڭىز ئوپېراتسىيەنىڭ داۋامىغا باشقىلارنى ئورۇنلاشتۇراي».

دۈمبەم ئاغرىشقا باشلىدى. نېمىشقىمۇ ئوپېراتسىيەدىن بۇرۇن دورامدىن جىقراق يەۋالمىغاندىمەن؟ ئوپېراتسىيەغۇ تۈگەيلا دەپ قالدى، ماڭا ئەمدى جىق ۋاقىت كەتمەيتتى.

«بولدىلا» دېدىم مەن. «ئۆزۈم تۈگىتىۋېتەي».

باش ۋىراچ قوللىرىنى يۇيۇپ كەلدى، بىز ئۆسۈپ قالغان سۆڭەكلەرنى بىرلىكتە ئېلىۋەتتۇق. ئۇ سىڭىرلار بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدى، بۇ سىڭىرلارنىڭ ئاستىدا مېڭە قاتتىق پەردىسى بار بولۇپ، ئۇ يۇلۇن سۇيۇقلۇقى ۋە نېرۋا يىلتىزلىرىدىن تەركىب تاپاتتى. ئوپېراتسىيەنىڭ بۇ باسقۇچىدىكى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان خاتالىق دەل مۇشۇ مېڭە قاتتىق پەردىسىنى كېسىپ سېلىش ئىدى. مەن يەنە بىر تەرەپكە مەسئۇل ئىدىم. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئوپېراتسىيە پىچىقىنىڭ يېنىدىلا تۇرغان كۆك نۇرغا كۆزۈم چۈشتى. دېمەك مېڭە قاتتىق پەردىسى يېرىلىپ كەتكەن ئىدى.

«ئاۋايلاڭ!» دېدىم مەن. نەق شۇ چاغدا ئۇنىڭ پىچىقى دەل ئاشۇ پەردىگە تېگىپ بولغان ئىدى. سۇپسۈزۈك يۇلۇن سۇيۇقلۇقى يارا ئېغىزىنى

تولدۇرۇشقا باشلىدى. مەن بۇنداق خاتالىقتا ئۇچراپ باقمىغىلى بىر يىلدىن ئېشىپكەتكەن، بۇنى ئوڭشاشقا ساق بىر سائەت ۋاقىت كېتەتتى.

«ئۇسكۇنىلەرنى ئېلىۋېتىڭ» دېدىم مەن. «يېرىلىپتۇ».

بىز يېرىقنى ئوڭشاپ، نېرۋىنى سىقىۋالغان توقۇلمىلارنى ئېلىۋېتىپ بولغاندا مۇرەم كۆيۈشۈپ ئاغرىشقا باشلىدى. باش دوختۇر كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ مەندىن كەچۈرۈم سورىدى ۋە رەھمەت ئېيتىپ يولىغا راۋان بولدى. قالغان ئىشلار ماڭا قالغان ئىدى. ھەممىنى جاي جايىغا كەلتۈرۈپ تېرىنى نىلون يىپتا چىرايلىق تىكىشكە باشلىدىم. نۇرغۇن دوختۇرلار تېرىنى تىككەندە توقۇلما تالا ئىشلىتىدۇ، لېكىن مەن نىلون يىپنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى تۆۋەنرەك دەپ ئىشىنەتتىم، شۇڭا مەن بۇ ئاخىرقى ئوپېراتسىيەمنى ئۆزۈمنىڭ پەدىسىدە تۈگەتمەكچى. تېرە ئويلىغىنىمدەك مۇكەممەل جىپسلاشتى، ھېچقانداق ئىز قالمىدى، خۇددى ئوپېراتسىيە قىلىنمىغاندەكلا.

ئېسىل، يەنە بىر ئېسىل ئوپېراتسىيە.

بىمارغا يېپىقلىق مىكروبسىز كىرلىكنى ئېلىۋاتقىنىمىزدا مەن تونۇمايدىغان بىر سېستىرا كىرىپ: «دوختۇر، سىز بۇ ھەپتە ئاخىرى نۆۋەتچىمۇ؟» دەپ سورىدى.

«ياق» دېدىم مەن. بەلكىم مەڭگۈ بولماسمەن.

«بۈگۈن باشقا ئوپېراتسىيەرىڭىز بارمۇ؟»

«ياق» دېدىم مەن. بەلكىم مەڭگۈ بولماس.

«ۋاھ، ياخشىغۇ، بۇ بىر خۇشال خاتىمە بولغۇسى! ئىش تامام. مەن خۇشال خاتىملەرنى ياخشى كۆرىمەن، سىزچۇ دوختۇر؟»

«ئەلۋەتتە. مەنمۇ گۈزەل خاتىملەرگە ئامراق».

مەن ئولتۇرۇپ كومپيۇتېرغا بۇيرۇقلارنى كىرگۈزۈشكە باشلىدىم، سېستىرالار ياتاقنى تازىلاۋاتاتتى، ناركوزچى بىمارنى ئويغىتىۋاتاتتى. مەن ھەمىشە چاقچاق ئارىلاش پوپوزا قىلىپ «مەن باشلىق ۋاقتىتا ھېچكىممۇ ئوپېراتسىيە ئۆيىدە قۇلاقنى يەيدىغان پوپ مۇزىكىلارنى قويىمەن دېمىسۇن، پەقەت بوسانوۋا ئۇسلۇبىدىكى مۇزىكىلارنىلا ئاڭلاشقا رۇخسەت» دەيتتىم. بوسانوۋا سامبا ۋە جازنىڭ ئارىلاشمىسىغا توغرا كېلىدىغان بىر خىل مۇزىكا ئۇسلۇبى ئىدى. مەن گېتز ۋە گىلبېرتو ئىككىيلەننىڭ 1964-يىلىدىكى مەشھۇر جاز-بوسا پىلاستىنكىسىنى قويدۇم، يۇمشاق، مۇڭلۇق ۋە ياڭراق ساكسوفون ئۈنى ئۆينى قاپلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆپېراتسىيە ئۆيىدىن چىقتىم، نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇردۇم، يەتتە يىللىق دوختۇرلۇق ھاياتىمدا يىغقان تەرگەنلىرىم ئىچىدە كېچىدە قونۇپ ئىشلىگەندە كىيىدىغان بىر ئىككى قۇر زاپاس كىيىم، چىش چوتكا، سوپۇن، تېلېفون زەرەتلىگۈچىسى، ئۇششاق يېمەكلىكلەر، باش سۆڭەك مودېلىم ۋە نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرىگە ئائىت كىتابلىرىم ۋەھاكازالار بار ئىدى. بۇلارنى يىغىشتۇرۇپ مېڭىپ بولۇپ،

توختاپ كىتابلارنى قويۇپ قويدۇم، بۇلارنىڭ قالغىنى ياخشىراق ئىدى. مەن ئەمدى بەربىر ئىشلەتمەيتتىم.

ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا كېتىپ باراتتىم، بىر خىزمەتدىشىم يېنىمغا كېلىپ مەندىن بىر نەرسە سورىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا چاقىرغۇسى سايراپ قالدى. ئۇ چاقىرغۇسىغا بىر قارىدى-دە ماڭا قول پۇلاڭلىتىپ قويۇپ بۇرۇلۇپ يەنە دوختۇرخانىغا چاپتى، «يەنە كۆرىشەرمىز!» دەپ ۋارقىرىدى ئۇ بېشىنى بۇراپ. ماشىنامغا چىقىپ ئولتۇردۇم، كۆز يېشىم ئېقىپ كەتتى، ئاچقۇچنى تولغاپ ماشىنىنى ئاستا ھەيدەپ كوچىغا ئېلىپ چىقتىم. ئۆيگە كەلدىم، ئىشىكتىن كىردىم، ئاق خالىتىمنى ئېسىپ قويۇپ، نام كارتامنى ئېلىۋەتتىم. چاقىرغۇمنىڭ باتارىيەسىنى چىقىرىۋەتتىم، ئاندىن يېشىنىپ مۇنچىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن يۇيۇندۇم.

ئاشۇ كېچىسى مەن ۋىكتورىيەگە تېلېفون قىلىپ دۈشەنبە ئىشقا بارالمايدىغانلىقىمنى، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئىشقا چىقالماسلىقىم مۇمكىنلىكىنى، شۇڭا ئەمدى ماڭا ئوپېراتسىيە ئورۇنلاشتۇرماسلىقنى ئېيتتىم.

«بىلەمسىز، مەن مۇشۇ قاباھەتلىك كۈننىڭ قاچان كېلىشىنى ئويلاپ چۈشلىرىم بۇزۇلاتتى» دېدى ئۇ. «سىزنىڭ قانداق قىلىپ بۇنچە ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلىگىنىڭىزگە پەقەت ئەقلىم يەتمەيدۇ».

دۈشەنبە كۈنى لۇسىي ئىككىمىز ئېمما بىلەن كۆرۈشتۇق. بىز قانداق داۋالىنىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىمىزنى ئېيتتۇق: ئاۋۋال كانايچە ئەينىكى

بىئوپسىيەسىدىن باشلاش، نىشانلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئىزدەش، بولمىغاندا خىمىيەلىك داۋالىنىش. ئىمما بۇ پىلانىمىزغا قوشۇلدى. مەن ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشىگە موھتاج ئىدىم، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىكى ئەسلى مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. مەن ئۇنىڭغا نېرۋا تاشقى كېسەل بۆلۈمىدىن ئايرىلغىنىمنى ئېيتتىم. (تەرجىماندىن: بىئوپسىيە دېگىنىمىز تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن جانلىقلار تېنىدىن توقۇلما، سۇيۇقلۇق ياكى ھۈجەيرە ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ)

«بوپتۇ» دېدى ئۇ، «ھېچقىسى يوق. ئەگەر دىققىتىڭىزنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بولغان باشقا ئىشقا بەرمەكچى بولسىڭىز نېرۋا تاشقى كېسەل بۆلۈمىگە بارمايلا قويۇڭ. بىراق بۇ ھەرگىزمۇ كېسىلىڭىز سەۋەبلىك بولمىسۇن. كېسىلىڭىز ئۆتكەن ھەپتىدىكىدىن ئېغىرلاپ كەتكىنى يوق. داۋالىنىش يولىدا بىر دوقالغا دۈچ كەلدىڭىز خالاس، بىراق يەنىلا داۋام قىلالايسىز. مەن بىلىمەن، نېرۋا تاشقى كېسەل بۆلۈمى سىز ئۈچۈن مۇھىم.»

مەن يەنە بىر قېتىم دوختۇردىن بىمارغا، قىلغۇچىدىن قىلىنغۇچىغا، ئىگىدىن تولدۇرغۇچىغا ئايلاندىم. ھاياتىمنىڭ تاكى ماڭا راك دەپ دىياگنوز قويۇلغىچە بولغان بۆلىكىنى مېنىڭ تالالاشلىرىمنىڭ يىغىندىسى دەپ قاراشقا بولاتتى. ھازىر كۆپىنچە ئەسىرلەردە پېرسوناژنىڭ تەقدىرىنى ئادەم ھەرىكىتى بەلگىلەيدۇ، بۇ ئادەم ئۆزى بولۇشىمۇ، باشقىلار بولۇشىمۇ مۇمكىن. شېكسپىرنىڭ «پادىشاھ لىر» دىرامىسىدىكى گىلوچېستىر

تەقدىرنى «شاللاق يىگىتكە قونغان چىۋىن»غا ئوخشىتىپ قاقشايدۇ، بىراق دىرامىغا ھەقىقىي جان كىرگۈزگىنى پادىشاھ لىيرنىڭ قۇرۇق ئابرۇيپەرەسلىكى ئىدى. ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن باشلاپ شەخس سەھنىگە چىقتى. بىراق ھازىر مەن تېخىمۇ قەدىمىيرەك بولغان باشقىچە بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمەن، بۇ يەردە ئىنسان قۇدرىتى تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالىدۇ، دۇنيا ھازىر شېكىسپىرچە ئەمەس بەلكى تېخىمۇ ۋەھشىيرەك بولغان يۇنانچە تىراگېدىيە تۈسىنى ئالماقتا. ئودىپۇس ۋە ئۇنىڭ ئاتا ئانىلىرى قانچە تىرىشسىمۇ بەرىبىر ئۆز تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى كونترول قىلىپ تۇرغان كۈچكە پەقەت مۇقەددەس سەزگۈ ئاتا قىلىنغان بىشارەتچىلەر ئارقىلىقلا يېقىنلىشالايتتى. مەنمۇ بۇ يەرگە داۋالاش پىلانلىرى ئۈچۈن كەلمىگەن، چۈنكى مەن تېببىي بىلىملەرنى يەتكۈچە ئوقۇغان ئىدىم، مېنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىم پەقەت غايىۋى ھېكمەتنىڭ تەسەللىيسى.

«بۇ تېخى ئىشنىڭ ئاخىرلىشىشى ئەمەس» دېدى ئېما، ئۇ بەلكىم ئۆمرىدە بۇ گەپنى نەچچە مىڭ قېتىملاپ دەپ بولغاندۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن مەنمۇ ئۆز بىمارلىرىمغا ئوخشاش گەپنى تالاي قېتىملاپ دېمىگەنمىدىم؟ دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاش مۇمكىن بولمايدىغان بىر جاۋابنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلارغا بېرىلىدىغان ئۆلچەملىك جاۋاب

مۇشۇ ئىدى. ئۇ يەنە داۋام قىلدى: «بۇ ئاخىرلىششىش ئەمەس، ھەتتا ئاخىرلىششىنىڭ باشلىنىشىمۇ ئەمەس. بۇ پەقەت باشلىنىشنىڭ ئاخىرلىششىشى».

كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

بىئوپسىيەدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئىممانىڭ ياردەمچىسى ئالېكستىن تېلېفون كەلدى. نىشانلىق ئۆزگىرىش ئىزدەشتىن نەتىجە چىقمىغان ئىدى، دېمەك ئەمدى خىمىيەلىك داۋالاش بىردىنبىر تاللاش ئىدى. خىمىيەلىك داۋالاش دۈشەنبىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. مەن تەپسىلاتلارنى سۈرۈشتۈردۈم، ئۇلار ماڭا ئىممانى ئىزدىشىمنى ئېيتتى. ئىمما بالىلىرى بىلەن تاھو كۆلىگە ئويىنىغىلى ماڭغان ۋە ھەپتە ئاخىرى ماڭا تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن.

ئەتىسى يەنى شەنبە كۈنى ئىممادىن تېلېفون كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن خىمىيەلىك داۋالاش ھەققىدە سورىدىم.

«خوش» دېدى ئۇ. «سىزنىڭ كونكرېت ئويلىغىنىڭىز بارمۇ؟»

«مېنىڭچە ئەڭ مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئاۋاستىن ئىشلىتەمدۇق يوق؟» دېدىم مەن. «بىلىمەن، بۇ دورا ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار، يوشۇرۇن ئەكس تەسىرىمۇ ئاز ئەمەس، نۇرغۇن راك تەتقىقاتى مەركەزلىرى بۇ دورىنى ئىشلەتمەيدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئۈنۈمىگە دائىر نۇرغۇن تەتقىقاتلارمۇ تۇرۇپتۇ،

شۇڭا مېنىڭچە بۇ دورىنى قوشساق دەيمەن. ئەكس تەسىرى بولسا توختاتساق بولىدۇ. سىزچە قانداق؟»

«بولىدۇ، دېگىنىڭىز ئورۇنلۇق. بۇ دورىنى كېيىنچە قوشىمىز دېسەك سۇغۇرتا شىركەتلىرى ئىشنى تەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ، شۇڭا باشلىنىشىدا ئىشلەتكىنىمىز ياخشى» دېدى ئېما.

«تېلېفون ئۇرغىنىڭىزغا رەھمەت» دېدىم مەن. «ئەمدى كۆلدىن ھوزۇرلىنىۋېرىڭ».

«ماقۇل. بىراق يەنە بىر گەپ...» ئۇ بىر ئاز توختىۋالدى. «سىزنىڭ داۋالىنىش پىلانىڭىزنى بىللە تۈزگىنىمىزدىن ناھايىتى خۇشالمەن. سىز دوختۇر، نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى ياخشى بىلىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىز. لېكىن سىز مېنى پەقەت بىر دوختۇرۇملا بولۇڭ دېسىڭىز، شۇنداق قىلىشنىمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن».

مەن ئۆز داۋالىنىشىمغا مەسئۇل بولۇشتىن ئۆزۈمنى تارتىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىدىم. مەن ھەر بىمار ئۆز كېسىلىنىڭ مۇتەخەسسىسى دەپ ئويلايمەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ھېچنېمە بىلمەيدىغان سويىما ئوقۇغۇچى ۋاقتىلىرىمدا مەن بىمارلارنىڭ نېمە بولغىنىنى، قانداق داۋالاش قىلىۋاتقىنىنى، پۇت بارمىقىنىڭ نېمىشقا بۇنچە كۆكىرىپ كەتكەنلىكى ۋە يەۋاتقان بۇ ھالرەڭ دورىلىرىنىڭ نېمە دورا ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ يۈرەتتىم. بىراق مانا ھازىر دوختۇرمەن، بىمارلارنىڭ

مۇستەقىل قارار چىقىرىشنى قوبۇل قىلالمايمەن. چۈنكى مەن بىمارغا مەسئۇل بولۇۋشۇم كېرەك. مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقىنىمنى بايقىدىم. دوختۇرلۇق سالاھىيىتىم ھېلىھەم بىمارلىق سالاھىيىتىمگە مەسئۇل بولۇۋاتاتتى. مەن بەلكىم بىرەر يۇنان ئىلاھىنىڭ قارغىشىغا كەتكەندىمەن، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزۈمگە بولغان كونتروللۇقتىن ۋاز كېچىشىم ھەم ئىمكانسىز، ھەم مەسئۇلىيەتسىزلىك ئىدى.

# 17-قىسىم

دۈشەنبە خىمىيەلىك داۋالاش باشلاندى. لۇسىي، ئانام ۋە مەن ئۈچىمىز ئوكۇلخانىغا بىللە كىردۇق. يۆلەنچۈكلۈك راھەت ئورۇندۇقتا ئوكۇلنىڭ چۈشۈپ بولۇشىنى ساقلاپ ئولتۇردۇم. ئوكۇل نەق تۆت يېرىم سائەتتە مېڭىپ بولاتتى. مەن ھېلى مۈگدەپ، ھېلى كىتاب ئوقۇپ، ھېلى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزدۈم. ئاپام بىلەن لۇسىي يېنىمدا ئولتۇراتتى، ئارىلاپ بىر ئىككى ئېغىز گەپلىشىپ ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتۇق. ئوكۇلخانىدىكى كېسەللەرنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ھەر خىل ئىدى، بەزىلىرى تاقىرباش، بەزىلىرىنىڭ چېچى رەتلىك تارالغان، بەزىلەر مۈكچىيگەن، بەزىلەرنىڭ ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى، بەزىلەرنىڭ ئۈستىبېشى قالايمىقان بولسا يەنە بەزىلەر رەتلىك كىيىنگەن ئىدى. ھەممەيلەن مىدىرلىماي جىمجىت يېتىشاتتى، ئوكۇل جازىلىرىغا ئېسىلغان قۇتىدىن ئۇلارنىڭ سوزۇلغان بىلەكلىرىگە زەھەرلىك دورىلار مېڭىپ تۇراتتى. مەن ئەمدى ئۈچ ھەپتىدە بىر قېتىم مۇشۇنداق داۋالىناتتىم.

ئوكۇل ئەتىسىلا كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى: ئېغىر ھارغىنلىق ۋە سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك قاتتىق بىر ئاغرىق مېنى ئىسكەنجىگە ئالدى. نورمالدا شۇنداق ھوزۇرلۇق ئىش ھېساپلىنىدىغان تاماق يېيىشمۇ خۇددى دېڭىز سۈيى ئىچكەندەكلا تۇيۇلدى. تۇيۇقسىز بارلىق خۇشاللىقلىرىم

تۈزلۈۋېلىشىپ كەتتى. ناشتىدا لۈسىي ئاتايىن ئېتىپ بەرگەن پىشلاقلىق بولكىمۇ شور تۇز يالاۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىپ، يېيەلمەي قويۇپ قويدۇم. كىتاب ئوقۇشمۇ ھارغۇزۇۋەتتى. مەن ئىككى پارچە مۇھىم نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر دەرسلىك كىتابىغا V نىڭ تەجرىبىخانىسىدا ئىشلىگەن تەتقىقاتلىرىمنىڭ داۋالاشتا ئىشلىتىلىش يوشۇرۇن كۈچىگە دائىر بىر قانچە باب يېزىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان ئىدىم، ئۇنىمۇ تاشلاپ قويدۇم. كۈنلەر ئۆتمەكتە، تېلېۋىزور ۋە مەجبۇرىي يېگۈزۈلگەن تاماقلار ماڭا ۋاقتنى خاتىرلىتىپ تۇراتتى. بۇ كۈنلەردە مەن مۇنداق بىر قېلىپقا چۈشۈپ بولغان ئىدىم: خىمىيەلىك داۋالىنىشنىڭ تەسىرى بارا-بارا ئازلاپ، بەدىنىم ئەمدى بىر راھەت تېپىپ تۇرغاندا يەنە بىر قېتىملىق داۋالىنىش ۋاقتىم كېلەتتى.

بۇ دەۋرىيلىك داۋاملىشىۋاتاتتى. بەدىنىمدە پات-پاتلا كۆرۈلۈۋاتقان ھەر خىل ئالامەتلەر مېنىڭ دوختۇرخانىدىكى خىزمىتىمگە قايتىشىمغا دەخلى قىلىپ تۇراتتى. نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك بارلىق ئۆلچەملەرگە تولۇق يەتكەنلىكىمنى ئۇقتۇردى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بىر شەنبە كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ لۈسىينىڭ بوشىنىش ۋاقتىدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئىدى.

ئاشۇ كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى، مەن ھۆجرامدا يەتتە يىللىق پىراكتىكانت دوختۇرلۇق ھاياتىمنىڭ كولمىناتسىيەسى بولغان مۇراسىم

ئۆچۈن كېينىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز قاتتىق كۆڭلۈم ئېلىشتى. بۇ خىمىيەلىك داۋالاش تەسىرىدىن بولىدىغان، دولقۇندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ يەنە دولقۇندەك ئۆتۈپ كېتىدىغان نورمال كۆڭۈل ئېلىشىشقا ئوخشمايتتى، مەن ئۆزۈمنى كونترول قىلالمىدىم ۋە ياپپېشىل ئۆت سۇيۇقلۇقى ياندۇرۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ بوردەك تەمى ئاشقازان كىسلاتاسىدىن پەرقلىق ئىدى، بۇ ئىچكى ئەزالىرىمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن كېلىۋاتاتتى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىمۇ يوق بولدى.

سۇسىزلىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ماگا دەرھال ئاسما ئوكۇل ئېسىلىشى زۆرۈر ئىدى، لۇسىي ماشىنىدا مېنى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئاپاردى، سۇ تولۇقلاش باشلاندى .قۇسۇش توختاپ ئىچىم سۈرۈپ كەتتى. پىراكتىكانت دوختۇرى بىرەد بىلەن دوستانە پاراڭلاشتۇق، مەن ئۇنىڭغا داۋالىنىش تارىخىمنى، يەۋاتقان بارلىق دورىلىرىمنى دەپ بەردىم، ئاخىرىدا پارېگىمىز مولېكۇللىق داۋالاش، بولۇپمۇ مەن يەۋاتقان تارسېۋاغا بېرىپ توختىدى. داۋالاش پىلانى ئاددىي ئىدى: مەن ئاغزىمدا سۇ ئىچەلىگۈدەك بولغۇچە مۇشۇنداق ۋېنا تومۇرۇمدىن سۇ تولۇقلاپ تۇرىدىكەنمەن. ئاشۇ كېچىسى مەن بالنىستقا ئېلىندىم. بىراق سىستېرا دورا تىزىملىكىنى ئېلىپ كىرگەندە مەن تارسېۋانىڭ تىزىملىكتە يوقلۇقىنى بايقىدىم .مەن ئۇنىڭغا دوختۇرنى ئىزدەپ دورا تىزىملىكىنى توغرىلاشنى ئېيتتىم، بۇنداق خاتالىقلار

يۈز بېرىپ تۇراتتى. نېملا دېگەنبىلەن يەۋاتقان دورىلىرىم بەك جىق ئەمەسمۇ؟ توپتوغرا ئېلىپ مېڭىش دەرۋەقە ئاسان ئەمەس.

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بىرەر قېتىمغا كىردى.

«ئاڭلىسام يەۋاتقان دورىلىرىڭىز ھەققىدە سورايدىغىنىڭىز باركەن» دېدى ئۇ.

«ھەئە» دېدىم مەن.

«تارىسېۋا يېزىلماي قاپتۇ، قوشۇۋەتسىڭىز بوپتىكەن.»

«بۇ دورىنى مەن قالدۇرۇۋەتتىم».

«نېمىشقا؟»

«جىگەر ئېنزىمىڭىز بەكلا يۇقىرى، بۇ دورىنى يېسىڭىز بولمايدۇ».

گاڭگىراپ قالدىم. جىگەر ئېنزىملىرىم مۇشۇنداق يۇقىرى بولۇۋاتقىلى نەچچە ئاي بولغان تۇرسا، بۇ ئەگەر مەسىلە بولسا نېمىشقا بالدۇر بۇنىڭ گېپى چىقمىدى؟ نېملا بولمىسۇن بۇ بىر روشەن خاتالىق. «ئېيما، ماڭا مەسئۇل ئۆسمىشۇناس، سىزنىڭ باشلىقىڭىز مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ مۇشۇ دورىلار بويىچە داۋالىنىشىمنى ئېيتقان».

پىراكتىكانت دوختۇرلىرى ئادەتتە مەسئۇل دوختۇرنىڭ خەۋىرىسىزمۇ بەزى كىلىنىكىلىق قارارلارنى چىقىرالايدۇ. بىراق مەن ئۇنىڭغا ئېيمانىڭ قارارىنى ئېيتتىم، ئۇ چوقۇم خاتالىقنى تەن ئېلىشى كېرەك.

«بىراق ئۇچىيىڭىزدە كۆرۈلۈۋاتقان ئالامەتلەرنىڭ سەۋەبچىسى مۇشۇ دورا بولۇشى مۇمكىن».

تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدىم. قائىدە بويىچە مەسئۇل دوختۇرنىڭ قارارى بۇ تالاش-تارتىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. «مەن تارسىپۋا يەۋاتقىلى بىر يىل بولدى، ھېچقانداق مەسىلە چىقىپ باقمىدى» دېدىم مەن.

«سىزچە بولغاندا كېسەللىك ئەھۋالىمدىكى بۇ تۇيۇقسىز جىددىي ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبچىسى خىمىيەلىك داۋالاش ئەمەس بەلكى تارسىپۋاكەندە؟»

«بەلكىم شۇنداقتۇر».

مەندىكى گاڭگىراش غەزەپكە ئۆزگەردى. تىببىي مەكتەپتىن پىراكتىكىغا چىققىلى ئەمدى ئىككى يىل بولغان، قول ئاستىمدىكى ئەڭ سويىما پىراكتىكانت بىلەن تەڭ بۇ شۇم، مەن بىلەن تاكاللاشسا ھە؟ دەۋاتقىنى توغرا بولسىغۇ بىر نۆرى، بىراق ئۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىزلا سۆزلەۋاتاتتى. «ھىم، بايا بىز پاراڭلاشقاندا بۇ دورىنى يېمىسەم سۆڭەك ئۆسمىسىنىڭ جانلىنىپ بەدىنىم چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىدىغانلىقىنى دېگەن ئىدىمغۇ؟ مەن قەستەن كۆپتۈرمەكچى ئەمەس، بىراق سىزگە دېسەم بۇ ئاغرىققا گەپ توغرا كەلمەيدۇ. بۇ دېگەن ئون دەرىجىلىك ئاغرىق رەت تەرتىپىدە ئونىنچى دەرىجىلىك ئاغرىق، ئادەمنى راستلا چىرقىرىتىۋېتىدىغان ئاجايىب ئاغرىق.»

«ھىم، دورىنىڭ يېرىم پارچىلىنىش دەۋرىيلىكىدىن قارىغاندا بەلكىم بىر ئىككى كۈنگىچە ئۇنداق بولماسلىقىڭىز مۇمكىن«.ئاخىرى چۈشەندىم، بىرەدىنىڭ نەزىرىدە مەن بىمار ئەمەس بەلكى بىر مەسىلە، توغرا بەلگىسى ئۇرۇپلا قۇتۇلىدىغان بىر ئاۋارىچىلىق ئىدىم» .

«قاراڭ»، ئۇ داۋام قىلدى. «سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىزنى دېمىسەم ئارىمىزدا بۇ پاراڭمۇ بولمايتتى. مەن پەقەت دورىنى توختىتىپلا سىزدىكى بۇ يېڭى ئالامەتلەرنى مۇشۇ دورىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلاتتىم».

بىزنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ھېلىقى دوستانە سۆھبىتىمىز نەدە قالدى؟ تىببىي مەكتەپتىكى بىر ئىش ئېسىمگە چۈشتى، شۇ چاغلاردا بىر بىمار ئايال ماڭا ھەر قېتىم دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ قىممەت پايپىقىنى كىيىپ چىقىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە دوختۇرخاندا بىمارلار ساپما كەش بىلەنلا يۈرگەچكە، دوختۇر ئۇنىڭ پايپىقىغا قاراپ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىدىكەن ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن. «ئاھا، ئەسلى چاتاق بۇ يەردىكەندە؟ مەن دوختۇرخانا تارقىتىدىغان، نەچچە يىلدىن بۇيان مەن ئوغرىلىقچە ئېلىۋالغان پايپاقلارنى كىيىپ يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ؟». «ئىشقىلىپ تارىسىۋا دېگەن ئالاھىدە دورا، ئۇنى قوشۇشقا مەسئۇل دوختۇرنىڭ ئىمزاسى كېتىدۇ.

سىزچە مەن بۇ ئىشنى دەپ مۇشۇ كىچىدە مەسئۇل دوختۇرنى ئويغىتايمۇ؟ سەھەرگىچە تەخىر قىلىپ تۇرالامسىز؟»

مەن ئەمدى بىلدىم.

بۇ ئىشنى توغرىلاش ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تىزىملىكىگە يەنە بىر ئارتۇق ئىشنىڭ قوشۇلىشىدىن دېرەك بېرەتتى: يەنى باشلىقىغا تېلېفون قىلىپ خاتالىقنى بوينىغا ئېلىش. بىرەر كىچىلىك ئىسمېنىدا ئىدى، پىراكتىكانت دوختۇرلۇق مائارىپى تۈزۈلمىسىدە نۇرغۇن خىزمەتلەر چوقۇم ئىسمېنا بويىچە ماڭاتتى. بۇ قائىدە بالنىست دوختۇرلىرى ئارىسىدا بىر خىل مەسئۇلىيەتتىن قېچىش مايىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئىشمنى يەنە نەچچە سائەت كەينىگە سۈرەپ تۇرالىسىلا مەن باشقا بىرسىنىڭ مەسلىسىگە ئايلىناتتىم».

مەن بۇ دورىنى ئادەتتە سەھەر سائەت بەشتە يەيمەن» دېدىم مەن. «سەھەرگىچە تەخىر قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى ھەر ئىككىمىزگە ئايان، بۇ مېنىڭ دورا مەسىلەمنى باشقا بىرسىگە ئىتتىرىپ قويۇشتىن ۋە مېنىڭ چۈشتىن كېيىن ئاندىن بۇ دورىنى يېيەلىشىمدىن دېرەك بېرىدۇ. توغرىمۇ؟»

«ماقۇل ئەمىسە»، ئۇ شۇنداق دەپلا چىقىپ كەتتى.

سەھەردە مەن ئۇنىڭ ئاشۇ دورىنى يەنىلا يازمىغانلىقىنى بىلدىم.

ئېمما سەھەرلىك ئەھۋال سوراشقا كىردى ۋە تارىسىۋانى تولۇقلاپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ تېزرەك ساقىيىپ كېتىشىمنى تىلىدى ۋە

شەھەردىن بىر ھەپتە ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەچۈرۈم سورىدى. ئاشۇ كۈنى ئەھۋالىم بارغانسېرى ناچارلىشىپ، ئىچ سۈرۈشۈم ئېغىرلاپ كەتتى. تومۇرۇمدىن توختىماي سۇ تولۇقلاۋاتقان بولسامۇ بۇنىڭ سۈرئىتى ئىچ سۈرۈش سۈرئىتىمگە يېتىشەلمەي قېلىۋاتاتتى، بۆرەكلىرىم كاردىن چىقىشقا باشلىغان ئىدى. ئاغزىم شۇ قەدەر قۇرۇپ كەتتىكى، مەن سۆزلەشتىنمۇ، بىرەر نەرسىنى يۇتۇشتىنمۇ قالدىم. كېيىنكى تەكشۈرۈشتە قان زەردابىدىكى ناترىي مىقدارى ئەڭ خەتەرلىك نۇقتىغا چۈشكەنلىكى بايقالدى. مىنى (ئاي سى يۇ ICU (غا يۆتكىدى. ئېغىر سۇسىزلىنىش تۇپەيلى ئۆلگەن تاڭلاي ۋە يۇتقۇنچاق توقۇلمىلىرىم ئاغزىمدىن تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن ئېغىر ئازاب چاڭگىلىدا ھۇشۇمنى بىلەر-بىلمەس ھالغا چۈشتۈم، بىر تالاي مۇتەخەسسىسلەر (ئاي سى يۇ ICU (غا مىنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەن ئىدى، ئۆلارنىڭ ئارىسىدا جىددىي قۇتقۇزۇش مۇتەخەسسىسى، بۆرەك مۇتەخەسسىسى، ئۈچەي مۇتەخەسسىسى، ئىچكى ئاجراتما مۇتەخەسسىسى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى، نېرۋا تاشقى بۆلۈم دوختۇرلىرى، ئۆسمە مۇتەخەسسىسى، بەش ئەزا بۆلۈمى دوختۇرلىرى... ئىشقىلىپ ھەممىيلەن تولۇق ئىدى. ھاملدارلىقنىڭ 38 ھەپتىلىك مەزگىلىگە كەپ قالغان لۇسىي كۈندۈزلىرى يېنىمدا تۇراتتى )تەرجىماندىن: ئادەتتە ھاملدارلىق ئاخىرقى قېتىملىق ھەيز ئاخىرلاشقان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا نورمالدا دوختۇرلار 40 ھەپتە توشقان كۈننى

تۇغۇتنىڭ قەرەلى دەپ قارايدۇ)، ئۇ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي (ئاي سى يۇ ( ICUدىن نەچچە قەدەملا نېرىدىكى مېنىڭ بۇرۇنقى ئىشخانامغا كۆچۈپ كىرىۋالغان بولۇپ، كېچىلىرى مېنى يوقلاپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. دادام ئىككىسى دوختۇرلارنىڭ پاراڭلىرىغا ئارىلىشىپ تۇراتتى.

سەگەك ۋاقىتلىرىمدا مەن بۇ بىر مۇنچە ئاۋازلارنىڭ بىر بىرىگە بوي بەرمەيۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ ياتاتتىم. مېدىتسىنادا بۇ مەسىلىنى «( ۋىكوس ( WICOSمەسىلىسى» دەپ قوياتتۇق، يەنى «پاراخوتنىڭ كاپىتانى كىم؟ Who Is the Captain Of the Ship»بۆرەك مۇتەخەسسىسى ICU )ئاي سى يۇ) دوختۇرلىرىنىڭ گېپىگە كىرمەيتتى، ئۇلار ئىچكى ئاجراتما مۇتەخەسسىسگە قارشى چىقاتتى، ئىچكى ئاجراتما مۇتەخەسسىسى ئۆسمە دوختۇرىنىڭ گېپىنى ئالمايتتى، ئاندىن ئۇ ئۈچەي مۇتەخەسسىسى بىلەن تالىشاتتى. مەن ئۆزۈمگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەس ھوشۇم جايىدا چاغلاردا بەدىنىمدىكى بارلىق ئالامەتلەرنى ئۇلارغا كونۇپكا تاختىسىدا خەت ئۇرۇپ دەپ بېرەتتىم ۋە لۇسىينىڭ ياردىمىدە ئۆيدىكى بارلىق دوختۇرلاردىن پاكىتلارنى ئېنىق، چۈشىنىشلىك ۋە ئوددۇل سۆزلەشنى تەلەپ قىلاتتىم. كېيىن يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالەتتە دادام ۋە لۇسي ئىككەيلەننىڭ ھەر بىر گۇرۇپپا مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاران-ئاران ئىلغا قىلالىدىم. بىز ھازىرقى ئاساسلىق داۋالاش پىلانى «خىمىيەلىك داۋالاشنىڭ تەسىرى كەتكۈچە مېنى پەقەت

سۈيۈق دورىلار بىلەنلا داۋالاپ تۇرۇش» بولسا مۇۋاپىق دەپ قارايتتۇق. بىراق مۇتەخەسسىسلەر بولسا باشقا بىر تالاي تەكشۈرۈشلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشاتتى، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھاجەتسىز، يەنە بەزىلىرى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ئىدى. ئەۋرىشكىلەر ئېلىندى، تەكشۈرۈشلەر قىلىندى، دورىلار بۇيرۇلدى. مەن نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم، ۋاقىت سەزگۈمنىمۇ يوقاتقان ئىدىم. مەن ئۇلاردىن بۇ پىلانلارنى ماڭا چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدىم، بىراق ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنەلمەيتتىم، ئاۋازلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلانمايتتى، دوختۇرلار تازا سۆزلەۋاتقاندا مېنى بىردىنلا قاراڭغۇلۇق ئورىۋالاتتى، مەن ھۇشسىزلىق گىرۋىكىدە تەۋرىنىپ تۇراتتىم. مەن ئېھمانىڭ يېنىمدا بولۇشىنى، ھەممىگە باش بولۇشىنى ئىچ-ئىچىمدىن تىلەپ كەتتىم.

تۇيۇقسىز ئۇ پەيدا بولدى.

«تېزلا قايتىپ كەپسىزغۇ؟» دېدىم مەن. ئۇ بىر ھەپتىلىك كەتكەن ئەمەسمىدى؟

«سىز (ئاي سى يۇ) ICU دا ياتقىلى بىر ھەپتىدىن ئاشتى» دېدى ئۇ. «بىراق ئەنسىرىمەڭ، ئەھۋالىڭىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ. ھەممە تەكشۈرۈشلىرىڭىز نورماللاشتى، بۇ يەردىن تېزلا چىقىپ كېتىسىز.» بىلدىمكى ئۇ مېنىڭ دوختۇرلىرىم بىلەن ئېلخەتتە ئالاقىلىشىپ مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئۇقۇپ تۇرغان ئىكەن.

«ئۆتكەندە ماڭا <دوختۇرلۇقنى ماڭا قويۇپ، سىز پەقەت بىمار بولۇڭ> دېگىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟» سورىدىم مەن. «مېنىڭچە بۇ ياخشى پىكىركەن. مەن بۇ مەسىلىگە توغرا يۈزلىنىش ئۈچۈن ھازىرغا قەدەر پەنني ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ كەلدىم، بىراق توغرا بىر پوزىتسىيەنى تا ھازىرغىچە تاپالمىدىم.»

«مېنىڭچە بۇ سىز كىتابلاردىن تاپالايدىغان نەرسە ئەمەس» دېدى ئۇ.

ئېمما ھازىر پاراخوتنىڭ كاپىتانى ئىدى، ئۇ دوختۇرخانىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تىنچلاندۇرۇپ بىر ئىزغا سالدى. خىيالىمدا يەنە ت. س. ئېلىيوتنىڭ مىسرالىرى جانلاندى:

*بايقا: پاراخوت ئىنكاس قايتۇردى*

*خۇشال ھالدا، يەلكەن كۆتۈرۈپ ئالغا يۈرۈشى بىلەن*

*دېڭىز جىمجىت، قەلبىڭ ئىنكاس قايتۇرىدۇ*

*خۇشاللىق بىلەن، چاقىرىلغاندا، ئىتائەتچان سوقۇشى بىلەن*

*رول تۇتقان قوللارغا*

دوختۇرخانا كارىۋىتىمغا يۆلەندىم ۋە كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. قاراڭغۇ ھۇشسىزلىق يەنە كەلدى، ئاخىرى ئارام تاپتىم.

لۇسىينىڭ تۇغۇت قەرەل ۋاقتى كەلدى ۋە تىنچ ئۆتۈپ كەتتى، مەن ئاخىرى دوختۇرخانىدىن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇم. ماگا دىئاگنوز قويۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بەدەن ئېغىرلىقىم 20 كىلوگىرامدەك چۈشۈپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتكەن بىر ھەپتىدىلا يەتتە كىلوگىرام ئورۇقلاپتىمەن. ھازىر ئېغىرلىقىم سەككىزىنچى يىللىقتىكى ۋاقتىمغا توغرا كېلەتتى، بىراق چاچلىرىم ئۇ چاغدىكىدىن كۆپ شالاڭ، كۆپىنچىسى ئۆتكەن بىر ئايدا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. مەن قايتا ھوشۇمغا كېلىپ دۇنياغا سەگەك نەزىرىم بىلەن باققۇدەك بولدۇم، بىراق ماغدۇرۇمدىن كەتكەن ئىدىم. سۆڭەكلىرىم تېرەمدىن بىلىنىپ تۇراتتى، مەن گويا بىر تىرىك رىنتگېن تەسۋىرىنىڭ ئۆزى ئىدىم. ئۆيدە بېشىمنى تىك تۇتۇپ تۇرۇشمۇ ئېغىر كېلەتتى. بىر ئىستاكان سۇنى ئىككى قوللاپ ئالمىسام كۆتۈرەلمەيتتىم. كىتاب ئوقۇشتىنغۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئاتا ئانىلىرىمىز مەن تۇرغان شەھەرگە ياردەمگە كەلگەن ئىدى. دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن لۇسىينىڭ تۇنجى تولغىقى تۇتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆيدە قالغان، ئاپام ماشىنا ھەيدەپ مېنى ئېيما بىلەن كۆرۈشۈشكە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

«تىنىلداۋاتامسىز؟» سورىدى ئېيما.

«ياق»

«تىتىلدىسىگىزمۇ نورمال، ساقىيىشىڭىزغا تېخى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ.»

«شۇنداقمۇ، مەيلى. چوڭ جەھەتتىن تىتىلداۋاتقىنىم راست. بىراق كۈندىلىك ئىشلارغا كەلسەك مەن خىمىيەلىك داۋالىنىش بىلەن ئاستا-ئاستا ساقىيىشقا تەييارلىنىپ بولدۇم. ئۆتكەن قېتىم خىمىيەلىك داۋالىنىشنىڭ خېلى ئۈنۈمى بولدى، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولىدۇ، توغرىمۇ؟»

«ئالدىنقى قېتىملىق تەسۋىر نەتىجىڭىزنى كۆردىڭىزمۇ؟» سورىدى ئۇ.

«ياق، بىر خىل كۆرگۈم كەلمىدى.»

«نەتىجىڭىز ياخشى چىقمىپتۇ» دېدى ئۇ. «ئۆسمە تۇراقلاشقاندەك، ھەتتا تېخى ئازراق ئازايغاندەك تۇرىدۇ.»

بىز ئەمدىكى داۋالىنىشىم ھەققىدە پاراڭلاشتۇق، خىمىيەلىك داۋالىنىش مەن يەنە بىر ئاز كۈچ توپلىۋالغۇچە توختاپ تۇرىدىغان بولدى. تەجرىبە خاراكتېرلىك كلىنىكىلىق سىناقلارمۇ بۇ ھالىمدا مېنى قوبۇل قىلمايتتى. تاكى مەن ئازراق كۈچەيگۈچە داۋالاشتىن ئىبغىز ئاچقىلى بولمايتتى. بوينۇمدىكى تېلىپ ئاغرىۋاتقان مۇسكۇللارنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن بېشىمنى تامغا تىرىۋالدىم .كاللام قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى. مەن يەنە ئاشۇ بىشارەتچىگە، ئۇنىڭ قوشلارغا ياكى يۇلتۇزلارغا، گېپى ياكى كاپلان ماير ئەگرى سىزىقىغا قاراپ يورۇپ روھىمنى كۆتۈرىدىغان بەزى بىشارەتلەرنى بېرىشىگە مۇھتاج ئىدىم.

«ئېمما» دېدىم مەن. «كېيىنكى قەدەم نېمە؟»

«كۆچلىنىشىڭىز كېرەك، باشقا ئىش يوق.»

بىراق راك قايتىلانسا... مەن دېمەكچى، ئېھتىمال...» توختاپ قالدىم.

تۈنجى سەپ داۋالاش يەنى تارسېۋا مەغلۇب بولدى. ئىككىلەمچى سەپ يەنى خىمىيەلىك داۋالاش جىنىمنى ئالغىلى قىل قالدى. ئۈچلەمچى سەپ -ئەگەر شۇنىڭغا ئۇلىشالىسام -ئۈنۈمى چوڭ ئۈمىد يوق. ئۇنىڭدىن باشقا بىر تالاي نامەلۇم داۋالىنىشلار مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. گۇمان گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان سۆزلىرىم بىلەن گېپىمنى داۋام قىلدىم. «مەن دېمەكچى، ئوپېراتسىيە ئۆيىگە قايتىشىم، ماڭالىشىم، ھەتتا...»

«سىز تېخى بەش يىل خاتىرجەم ياشايسىز» دېدى ئۇ .

ئۇ شۇنداق دېدى، لېكىن بۇ سۆز نوپۇزلۇق بىشارەتچىنىڭ، ئۆز گېپىگە ھەقىقىي ئىشەنگۈچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ئەكسىچە يالۋۇرۇشقا بەكرەك ئوخشايتتى. خۇددى سانلارنىلا دېيەلەيدىغان بولۇپ قالغان ھېلىقى بىماردەك، ئۇ مەن بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى بىر ئىنسان سۈپىتىدە بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ھەقىقىي كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ كۈچكە-مەيلى ئۇ قانداقلا كۈچ بولسۇن-يالۋۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مانا ئىككىمىز، بىر دوختۇر ۋە بىر بىمار، يۈزمۇ-يۈز ئولتۇرۇپتۇق، مۇناسىۋىتىمىز بەزىدە نوپۇز، بەزىدە

ھازىرقىدەك بىرى يوقلۇقتا يۈزلەنگەن پەيتتە پەقەت ۋە پەقەت تەڭ تىركىشىۋاتقان، ئاددىي ئىككى ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى ئىدى.

دوختۇرلارمۇ، نىھايەت، ئۆمىدكە مۇھتاج ئىكەن.

***

ئېمما بىلەن كۆرۈشۈشتىن يېنىپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتۇق، لۇسىينىڭ ئاپىسى تېلېفون قىلىپ دوختۇرخانىغا ماڭغانلىقىنى ئېيتتى. لۇسىينىڭ تولغىقى تۇتقان ئىدى») .ئېپىدۇرول، يەنى دۈمبە ناركوزىنى بالدۇرراق قىلسۇن» دېدىم مەن. لۇسىينىڭ تارتقان ئازابلىرى يېتەرلىك ئىدى.) دوختۇرخانىغا قايتتىم، دادام مېنى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئىتتىرىپ ماڭدى. تۇغۇت ئۆيىدە بىر كىچىك كارىۋاتتا چۆكۈپ ياتتىم، گىرىلكىلار ۋە قات-قات يوتقانلار مېنىڭ ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قالغان بەدىنىمنى قاتتىق تىترەشتىن ساقلاپ تۇراتتى. مەن ئىككى سائەت شۇ تەرىقىدە لۇسىي ۋە سېستىرالارنىڭ تۇغۇت كۈرىشىنى تاماشا قىلىپ ياتتىم .ئاخىرقى تولغاق پەيتى كەلدى، سېستىرا كۈچىنىش رىتىمىنى ساناشقا چۈشتى: «بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە، يەتتە، سەككىز، توققۇز، ئون!»

لۇسىي ماڭا بۇرۇلۇپ كۈلۈمسىرىگەچ: «ئۆزۈمنى تەنھەرىكەت ئويناۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن» دېدى.

مەن كارىۋىتىمدىن ئۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈمسىرىگەچ كۆتۈرۈلگەن قورسىقىغا قارايتتىم. لۇسىي ۋە قىزىمنىڭ ھاياتى نۇرغۇن يوقلۇقلارغا مەھكۇم ئىدى، ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ھاياتىدا مۇشۇنچىلىك بار بولالىسام، قېنى شۇنداق بوپ تۇرسۇن.

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا سىستېرا مېنى نوقۇپ ئويغاتتى، «تۇغۇلاي دەپ قالدى» دەپ پىچىرلىدى ئۇ قۇلىقىمغا. ئۇ ئۇستۇمدىكى يوتقانلارنى ئېلىپ مېنى يۆلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئېممانىڭ يېنىغا ئاپاردى. ياش قۇرامى مەن بىلەن تەڭ تۇغۇت دوختۇرى كىرىپ بولغان ئىدى. بالا تۇغۇلۇۋاتقاندا دوختۇر ماڭا قارىدى. «سىزگە دېسەم قىزىڭىزنىڭ چېچى نەق سىزگىلا ئوخشايدىكەن» دېدى ئۇ» .نېمىدېگەن قويۇق چاچلار بۇ». مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم، تولغاقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى كەلدى، مەن لۇسىينىڭ قولىنى چىڭ تۇتتۇۋالدىم. ئاندىن ئاخىرقى بىر كۈچىنىش بىلەن 4-ئىيۇل يېرىم كېچە سائەت 2:11 ئۆتكەندە قىزىم ئاخىرى دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭغا ئېلىزابېت ئاكادىيا دېگەن ئىسىم ۋە كەيدىي دېگەن ئەركىلەتمە ئىسمىنى قويۇپ بولغىنىمىزغا نەچچە ئايلار بولغان ئىدى.

«بالىنى ئەت تېرىڭىزغا باسامسىز؟» سورىدى سىستېرا.

«ياق، مەن بەك ت-ت-ت-توڭلاپ كەتتىم» دېدىم مەن، چىشلىرىم كاراسلاپ كېتىۋاتاتتى. «لېكىن ئۇنى بىر قۇچاقلاي.»

ئۇلار قىزىمنى يۆگەككە ئوراپ ماڭا بەردى. مەن ئۇنى بىر قولۇمدا كۆتۈرۈپ ئېغىرلىقىنى دەڭسەپ باقتىم، يەنە بىر قولۇم لۇسىينىڭ قولىدا ئىدى، ھاياتنىڭ ئېھتىماللىقلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولدى. بەدىنىمدىكى راك ھۈجەيرىلىرى ئۆلۈۋېرەتتى، ياكى قايتىدىن تۇغۇلۇۋېرەتتى. ئالدىمدىكى يولغا باقتىم، بۇ نۆۋەت كۆز ئالدىمدىكىسى بۇرۇنقىدەك قۇپقۇرۇق چۆل-جەزىرە ئەمەس بەلكى ئاددىيلا بىر قۇرۇق بەت ئىدى، مەن ئەمدى شۇ بەتنى تولدۇراتتىم .

***

نىملا بولمىسۇن ئۆيىمىزگە جان كىردى.

كۈنلەرگە ھەپتىلەر ئۇلىنىپ قىزىم كەيدىي پورەكلەپ ئېچىلىۋاتاتتى: تۇنجى بىر نەرسىلەرنى تۇتۇشى، تۇنجى كۈلۈمسىرىشى، تۇنجى كۈلۈشى... ئارقا ئارقىدىن كېلىۋاتاتتى. مەسئۇل دوختۇرى ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى خاتىرلەپ تۇراتتى، ئۇ ئۇرغان ھەر بىر توغرا بەلگىسى قىزىمنىڭ نورمال چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ئۆزىنى يوپيورۇق بىر يېڭىلىق دۇنياسىدا سېزەتتى. ئۇ تىزىمدا ئولتۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەندە، مېنىڭ ئاھاڭغا چۈشمىگەن بوغۇق ناخشامدىن زوقلىنىپ گۈگۈرىغاندا دەستە-دەستە ئىللىق نۇرلار ئۆيىنى نۇرلاندۇرۇۋېتەتتى.

ھازىر ۋاقىت مەن ئۈچۈن قوش بىسلىق پىچاققا ئوخشايتتى: بىر كۈن ئۆتسە مەن ئالدىنقى قېتىمقى ئېغىر كېسەل چېغىمدىن بىر قەدەم يىراقلىشاتتىم، بىراق كېلەر قېتىملىق قايتا قوزغىلىشقا شۇنداقلا ئۆلۈمگە بىر قەدەم يېقىنلايتتىم .ئۆلۈمۈم بەلكىم مەن ئويلىغاندىن كېيىنرەك كېلەر، لېكىن مەن ئارزۇ قىلغاندىن تېز كېلىشى مۇقەررەر. مېنىڭچە بۇنى تونۇپ يەتكەندە ئادەمدە ئىككى خىل ئىنكاس بولىدۇ، ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ بىۋاستە ئىنكاس شۇكى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، «ھاياتتىن ئەڭ تولۇق بەھرىمەن بولۇۋېلىش»، يەنى ساياھەت قىلىش، ئوبدان يەپ-ئىچىش، بۇرۇن سەل قارىغان ئاشۇ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋېلىش. ۋاھالەنكى، راكنىڭ يەنە بىر رەھىمسىزلىكى شۇكى، ئۇ سىزنىڭ قالغان ئۆمرىڭىزگە چەك بېكىتىپلا قالماي يەنە مادارىڭىزنىمۇ چەكلەپ، بىر كۈن ئىچىدە قىلالايدىغان ئىشلىرىڭىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە قىسىپ قويىدۇ، خۇددى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدىكى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن توشقاندەك. بىراق مەن يېتەرلىك مادارىم بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا بىر تاشپاقا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەن توختىماي تىركىشىپ-تىرمىشاتتىم، ھەر بىر قارار چىقىرىش ئۈچۈن يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسەتتىم. بەزى كۈنلىرى مەن پەقەتلا جاھىللارچە بەرداشلىق بېرەتتىم.

ئەگەر بىراۋ پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتە يۈرگەندە ۋاقىت سوزۇلسا، ئۇنداقتا ئۇ مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرۇۋالسا ۋاقىت قىسقىرامدۇ؟ مېنىڭچە چوقۇم شۇنداق :ھازىر كۈنلىرىم بەكلا قىسقىراپ كەتتى.

كۈنلەر بىر بىرىدىن پەرقسىز ئۆتمەكتە، ۋاقىت خۇددى توختاپ قالغاندەكلا. ئىنگلىز تىلىدا «ۋاقىت»(time) «تايم) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەر خىل: «ۋاقىت ھازىر «2:45بىلەن «مەن ھازىر ئېغىر ۋاقىتلارنى باشتىن كەچۈرىۋاتىمەن» دېگەن ئىككى جۈملىدىكى ۋاقىتنىڭ مەنىسى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. بۇ كۈنلەردە ۋاقىت مەن ئۈچۈن سائەتنىڭ چىكىلدىشىدىن كۆپرەك بىر خىل مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن-يۇ، بىراق ئىچىمدە بىر خىل راھەتلەپ قېلىۋاتىمەن. دوختۇر چاغلىرىمدا ئوپېراتسىيە ئۆيىدە پۈتۈن دىققىتىمنى بىمارغا بېرىۋەتكەندە بەلكىم ۋاقىت دېگەن ئۇقۇمنى كاللامدىن چىقىرىۋەتكەن چاغلىرىم بولغاندۇ، بىراق مەن ۋاقىتنى ئەزەلدىن مەنىسىز ھېس قىلىپ باقمىغانمەن. بىراق ھازىر بىر كۈندىكى ھەر بىر سائەت مىنۇتلار ماڭا پۈتۈنلەي مەنىسىز بىلىنمەكتە، ھەپتە ئىچىدىكى كۈنلەرنى دېمەيلا قوياي .تىببىي مەكتەپتىكى تەربىيەلەش كەلگۈسىنىلا كۆزدە تۇتىدۇ، سىز ھېچقانداق قانائەت تۇيغۇسى تاپالمايسىز. سىز ھەر ۋاقىت يەنە بەش يىل تىرىشسىڭىز ئاندىن نېمە بولالايدىغىنىڭىزنى ئويلاپلا ئۆتىسىز. بىراق مەن ھازىر بەش يىلدىن كېيىن نەدە بولۇشۇمنىمۇ

بىلمەيمەن، بەلكىم ئۆلۈپ كېتەرمەن، بەلكىم ئۇنداق بولماس، بەلكىم ساقىيىپ كېتەرمەن، ھەتتا يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان بولارمەن، بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا نىسبەتەن كەلگۈسى ھەققىدە باش قاتۇرۇشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق، پەقەت چۈشلۈك تاماقتا نېمە يېيىشنىڭ غېمىنى قىلىشلا بۇنىڭ سىرتىدا.

پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشمۇ كاللامدا قالايمىقان بولۇپ كەتتى. بۇ جۈملىلەرنىڭ زادى قايسىسى توغرىدۇ؟ «مەن تاشقى كېسەل دوختۇرىمەن» دەمدىم؟ يا «مەن تاشقى كېسەل دوختۇرى ئىدىم» دەيمۇ؟ ياكى «مەن بۇرۇن تاشقى كېسەل دوختۇرى ئىدىم، كەلگۈسىدە يەنە بولماقچى» دېيىشىم كېرەكمۇ؟ گىراھام گىرىن «ئادەم 20 يىللا ياشايدۇ، قالغان ئۆمرى پەقەت ئاشۇ 20 يىلنىڭ كۆلەڭگىسى خالاس» دەپتىكەن .ئۇنداقتا مەن ھازىر زادى قايسى زاماندا ياشاۋاتقاندىمەن؟ مەن ئاللىقاچان ھازىرقى زاماندىن ئۆتكەن پۈتكەن زامانغا تەۋە بولۇپ كەتتىممۇ؟ كەلگۈسى زامان ماڭا قۇپقۇرۇق كۆرۈنەتتى. باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسام قۇلىقىمنى بىئارام قىلاتتى. بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى ئىستانفورد داشۆسىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن بۇيانقى 15-قېتىملىق قايتا يىغىلىشىمىزنى تەبرىكلىگەن ئىدۇق، مەكتەپ ھويلىسىدا ۋىسكىي ئىچىۋاتقىنىمىزدا ھالرەڭ قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى.، كونا دوستلار بىلەن «25-يىللىق

خاتىرە كۆنىمىزدە ئۇچرىشايلى» دەپ خوشلاشتۇق، مەن «ھىم... مېنىڭچە كۆرۈشەلمەسمىزمىكىن؟» دېسەم چوقۇم بەك ئەدەبسىزلىك بولاتتى.

ھەممىمىز ھاياتنىڭ چېكىنى قوبۇل قىلىشقا مەھكۇمدۇرمىز. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆتكەن پۈتكەن زامانغا تەۋە بولۇپ كەتكەن، بىردىنبىر ئادەم ئەمەسلىكىمنى بىلىمەن. نۇرغۇن ئارزۇ-ئارمانلار يا ئەمەلگە ئاشتى، يا ۋاز كېچىلدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن ھەممىسى ئۆتمۈشكە ئايلاندى. كەلگۈسى ھايات، نىشانىمغا شوتا بولۇشنىڭ ئورنىغا، مېنى تەپتەكشى مەڭگۈلۈك ھازىرغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى .پۇل، مەرتىۋە، بارلىق قۇرۇق ھەۋەسلەر دەرۋەقە شامالنىڭ كەينىدىن قوغلاشقاندەكلا قىلىچە مەنىسىز.

بىراق بىر نەرسە كەلگۈسىنى كەلگۈسى قىلىپ تۇراتتى: قىزىمىز كەيدىي، مەن ئۇنىڭ ئازراق بولسىمۇ ئېسىدە قالالىغۇدەك ئۇزۇن ياشىيالىسام دەيمەن. يېزىقنىڭ ئۆمرى مەندىن ئۇزۇن بولىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا بىر قاتار خەتلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشنى ئويلاشتىم، بىراق نېمىنى يازارمەن؟ مەن بۇ قىزنىڭ 15 ياشتا قانداق بولۇشىنى بىلمەيمەن، مەن ھەتتا ئۇنىڭ بىز قويغان لەقەمنى ياقتۇرۇش-ياقتۇرماسلىقىنىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ھاياتى مۇمكىنسىزلىكلەر بىلەن تولغان ۋە پەقەت ئۆتمۈشتىن دېرەك بېرىدىغان مەن بىلەن ئىستىقبالى پارلاپ تۇرغان ۋە ھاياتى مەن بىلەن قىسقا بىر زامان كېسىشكەن بۇ نارسىدىگە ئېھتىمال پەقەت بىرلا ئېغىز سۆزنى ئېيتسام مۇۋاپىقتۇ.

ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغانلىرىم ناھايىتى ئاددىي:

جان قىزىم، ھاياتىڭىزدا شۇنداق مىنۇتلار كېلىدۇكى، كىم بولغىنىڭىز، قانداق ياشىغانلىقىڭىز، ھاياتتا نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭىز ھەمدە ھاياتىڭىزنىڭ دۇنياغا نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزىڭىزدىن نۇرغۇن قېتىملاپ ھېساب ئالىسىز، ئاشۇ چاغلاردا، جان قىزىم، شۇنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىزنى تىلەيمەنكى، سىز بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان مەندەك كىشىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى، ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان دەرىجىدىكى مىسلىسىز خۇشاللىققا چۆمدۈردىڭىز، ئۇ شۇنداق خۇشاللىق ئىدىكى، مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقنى ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ تەمە قىلىپ باقمىغان ۋە ماڭا مۇتلەق رازىمەنلىك تۇيغۇسى بەرگەن، مۇشۇ دەقىقىدە بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ زور بىر ئىش.

# خاتىمە

*قالدۇرۇپ كەتتىڭ بالدەك ئىككى مىراس،*
*بىرى مۇھەببەت*
*گەر نېسىپ بولسا*
*تەڭرىمۇ ئېيتاتتى رەھمەت؛*

*قالدۇرۇپ كەتتىڭ ئازاب چېكىنى*
*دېڭىزدەك چەكسىز ئىدى كەڭلىكى،*
*زامان ۋە مەڭگۈلۈك ئارىسىدا،*
*ماڭا تەسەددۇق ئۆچمەس روھىڭنى.*

پاۋىل 2015-يىلى 3-ئاينىڭ 9-كۈنى دۈشەنبە، سەككىز ئاي بۇرۇن قىزىمىز كەيدىي تۇغۇلغان تۇغۇت ئۆيىگە تەخمىنەن 180 مېتىر كېلىدىغان كېسەل كارىۋىتىدا ۋاپات بولدى. كەيدىينىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىن پائۇلنىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئەگەر سىز بىزنىڭ مەھەللىدىكى كاۋاپخانىدا كاۋاپ يېگەچ پىۋا ئىچىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرغىنىمىزنى، چاچلىرى قاپقارا، كىرپىكلىرى ئۇزۇن بىر بوۋاقنىڭ يېنىمىزدىكى بوۋاقلار ھارۋىسىدا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەن بولسىڭىز، پاۋىلنىڭ بىر يىلغا قالماي تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسلا پەرەز قىلالمايتتىڭىز، بۇنداق بولغىنىنى بىزمۇ چۈشەنمىدۇق، ئەلۋەتتە.

قىزىمىز كەيدىي بەش ئايلىق بولۇپ، تۇنجى روژدىستىۋا بايرىمىنى ئۆتكۈزگەن كۈنلەردە پاۋلىنىڭ راك كېسەللىكىگە بېرىلگەن بىرلەمچى سەپ دورا تارىسىۋا ۋە ئىككىلەمچى سەپ بولغان خىمىيەلىك داۋالاش كار قىلمىغاندىن كېيىن تەۋسىيە قىلىنغان ئۈچلەمچى سەپ دورىلارغىمۇ قارشىلىق شەكىللەندۈرگەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇ يىلى روژدىستىۋا بايرىمىدا پاۋلىنىڭ بالىلىقى ئۆتكەن ئارىزونا ئىشتاتىنىڭ كىڭمان شەھىرىدىكى چوڭ ئۆيگە يىغىلدۇق. بۇ يىغىلىشتا قىزىمىز كەيدىي تۇنجى قېتىم قاتتىق يېمەكلىكنى تېتىپ باقتى، ئۇ شېكەر قومۇشى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بالداقلىق ئۇخلاش كىيىمى كىيگەن ھالدا بەرەڭگە قىيامىنى ماكاچلايتتى. ئۆي ئىچى شام يورۇقى ۋە كۈلكە سادالىرىغا تولغان ئىدى. پاۋل كېيىنكى ئىيدىن باشلاپ مادارىدىن كېتىشكە باشلىدى. قايغۇغا تولغان كۈنلىرىمىزدىمۇ ئۇ يەنىلا خۇشال مىنۇتلاردىن ھوزۇرلىنىتاتتى. بىز ئارامبەخش كەچلىك ئولتۇرۇشلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق، بىر-بىرىمىزنى باغرىمىزغا باستۇق، قىزىمىزنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى ۋە سالماق بېقىشلىرىدىن شادلاندۇق. پاۋل بولسا يۇڭ ئەدىيالغا يۆگىنىپ، ئورۇندۇقتا قىيسىيىپ ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلاتتى. پاۋل ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى بارلىق ۋاقتىنى مەزكۇر كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرۈشكە قاراتتى.

زىمىستان كېتىپ، باھارنىڭ قەدىمى يېقىنلاشقانچە، قورۇدىكى ماگنولىيە گۈللىرى ھەم يوغان ھەم ھالرەڭ بوكباراقسان ئېچىلغان ئىدى،

ئەمما پاۋلىنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، ئۇ ئۇكسىگېن سۈمۈرمىسە بولمايدىغان ھالەتكە كەپ قالدى. مەن ئۇنىڭ قولمۇ تەگكۈزمىگەن چۈشلۈك تامىقىنى ئاپىرىپ ئەتىگەنلىك تامىقىنى تۆككەن ئەخلەت چېلەكگە تۆكتۈم، نەچچە سائەتلەردىن كېيىن كەچلىك تاماقنىمۇ ھەم شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. ئۇ بۇرۇن ئەتىگەنلىك ناشتىلىقتا مەن تەييارلىغان ئارىسىغا تۇخۇم، قىيزا، پىشلاق ئورالغان سەندىۋىچنى تولىمۇ ئىشتىھا بىلەن يەيتى، ئەمما ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنىڭ تۇتىلىشىغا ئەگىشىپ باشتا ئۇنىڭغا تۇخۇم بىلەن بولكا تەييارلايدىغان بولدۇم، كېيىن تۇخۇمنىلا تەييارلىدىم، ئەمما ئاخىرىغا كېلىپ ئۇ ھېچ نەرسە يېمەيدىغان باسقۇچقا كەپ قالدى، ھەتتا ئۇنىڭغا لىق كالورىيەگە تولغان ئەڭ ئامراق مېۋە  قېتىق ئارىلاشما شەربىتى تەييارلاپ بەرسەممۇ ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىيالمايتتى.

ئارام ئېلىش ۋاقتى ئالدىغا سۈرۈلدى، پاۋلىنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ تەستە چىقاتتى، كۆڭلىنى ئېلىشىدىغان بىئاراملىقى پەسىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى، CT بىلەن مېڭە MRI نەتىجىسى ئۇنىڭ ئۆپكىسىدىكى راكنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، يەنە مېڭىسىدە يېڭى كۆپەيگەن ئۆسمىمۇ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان، بەدەنگە تېز يامرايدىغان، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئاجىزلىشىشنى تېزلەشتۈردىغان مېڭە يۇمشاق پەردىسى ئۆسمە ئۆزگىرىشى

بولۇپ، تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئىنىق كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بۇ خەۋەر پاۋىلغا بەكلا چوڭ زەربە بولدى، ئۇ گەپمۇ قىلمىدى، بىر نىبرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى دوختۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن نىمىلەرنىڭ ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. گەرچە پاۋىل ئۆزىنىڭ قانچىلىك ۋاقتى قالغىنىنى قوبۇل قىلالىغان بولسىمۇ، ئەمما نىبرۋا سىستېمىسىنىڭ چېكىنىشى بىر يېڭى بۇزغۇنچىلىق بولۇپ، مەنىسىز ئازابلىق كەلگۈسىدىن دېرەك بېرەتتى. بىز پاۋىلنىڭ ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرى بىلەن كېينكى باسقۇچتا قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ياخشى ھالەتتە ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆھبەتلەشتۇق. بىزنى بىر قېتىملىق كىلىنىكىلىق سىناققا ئورۇنلاشتۇردى، يەنى بىر نىبرۋا ئۆسمە كېسىلى مۇتەخەسسىسىدىن مەسلىھەت سوراش، ھەم بۇ مۇتەخەسسىسنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك پەرۋىش قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن پاۋىلنىڭ ئۇ ئالەمگە قايتىش ئالدىدىكى كۈتۈنۈشى ھەققىدە تاللاشنى بىرلىكتە مەسلىھەت قىلدۇق، بۇنداق قىلىشىمىز پۈتۈنلەي پاۋىلنىڭ قېپقالغان ئازغىنە ۋاقتىنى ئەھمىيەتلىك، سۈپەتلىك ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئىدى.

ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشقان بولسامۇ، ئۇنىڭ ئازابلىرىنى، يەنە نەچچە ھەپتىلا ۋاقتى قالغىنىنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى. بىز قول تۇتۇشقان ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ دەپنە

مۇراسىمنى ئويلاپ قالاتتىم. مەن پائولنىڭ يەنە قانچىلىك ۋاقتى قالغىنىنى بىلمەيتتىم.

شەنبە كۈنى، يەنى پاۋلغا تەۋە ئەڭ ئاخىرقى شەنبە كۈننى بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ياتاق ئۆيىمىزنىڭ بالكوندا ئۆتكۈزدۇق. پاۋىل كەيدىينى قۇچىقىغا ئېلىپ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، پاۋىلنىڭ دادىسى مېنىڭ ئورۇندۇقۇمدا، ئاپىسى بولسا مەن بىلەن بىللە كىرىپسلودا ئولتۇردۇق. پاۋىل كەيدىيگە ناخشا ئېيتىپ بەرگەن ۋاقىتتا، كەيدىي كۈلۈمسىرىمەكتە، ئۇ پاۋىلنىڭ بۇرنىدىكى ئوكسىگېن توشۇش نەيچىسىگە دىققەت قىلمىغاندەك قىلاتتى. ئۇنى يوقلاپ كەلگۈچىلەردىن ساقلانغاچقىمىكىن، پاۋىلنىڭ دۇنياسى تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن ئىدى، ئۇ ماڭا: گەرچە مەن ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرالمىسامىمۇ، ئەمما مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، دوستلۇقىمىزنى قەدىرلەيمەن، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى بىر قەدەم ئاردىبېك ۋىسكىسى ئۆزگەرتەلمەيدۇ دېدى. ئۇ كۈنى پاۋىل ھېچنېمە يازمىدى. بۇ كىتابنىڭ قول يازمىسى ئارانلا يېرىملاشقان ئىدى. ھازىر بۇ كىتابنى تۈگىتىشكە ماغدۇرى، ۋاقتى قالمىغانلىقى ئۆزگە ئايان ئىدى.

كېلىنكىلىق سىناق ئۈچۈن، پاۋىل ئۆزىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىچىپ كەلگەن دورىسىنى توختاتقان ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ دورىلار ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ بۇ راك ھۈجەيرىسىنى تىزگىنلىشىگە كار قىلمايۋاتاتتى. دورىنى توختاتقاندىن كېيىن راك ھۈجەيرىسىنىڭ ھەرۋاقىت تېز كۆپىيىش، ھەتتا

تۇيۇقسىز «پارتلاش» تەك خەۋپلىرى بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۆسمە كېسەللىكى دوختۇرى مېنى ھەر ۋاقىت پائولنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىنى سىنىغا ئېلىشىمنى ئېيتتى. ئۇ شەنبە كۈنى «ئاپرېل ئەڭ قەبىھ بىر ئاي» دەپ مېھمانخانىدا يۇقىرى ئاۋازدا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشۋاتاتتى پاۋىل، مەن سىنىغا ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ت. س. ئېلىيوتنىڭ «چۆل-باياۋان» ناملىق ئەسىرنى تاللاپ بەرگەن ئىدىم. «ئەسلىمە ۋە ئارزۇنى بىر گەۋدە قىلىپ، سۇغۇرايلى يىلتىزىنى باھار يامغۇرىدا» گەرچە بۇ ۋەزىپىنىڭ بىر قىسمى بولمىسىمۇ، ئۇ كىتابنى تىزىغا قويۇپ داۋاملىق كاللىسىدا قالغىنى بويىچە كىتابنى يادلاۋاتاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

«مانا بۇ ھەقىقىي ئۇ» دېدى قېيىنئاپام.

ئىككىنچى كۈنى، بىز بىر تىنچ ئامان يەكشەنبە ئۆتكۈزۈش ئىستىكىدە ئىدۇق. ئەگەر پاۋىلنىڭ سالامەتلىكى ياخشىراق بولسا، بىز چېركاۋغا بېرىشنى، ئاندىن كەيدىسى ۋە نەۋرە ئاكىسىنى بىللە ئېلىپ تاغ ئۈستىدىكى باغچىغا بېرىپ ئىلەڭگۈچ ئۇچۇرۇپ ئويناپ كېلىشنى ئويلاشقان ئىدۇق. ئەلۋەتتە يېقىندا كەلگەن قايغۇلۇق خەۋەرنى ھەزىم قىلغاچ، ئازابنى بۆلۈشەتتۇق ۋە قالغان ۋاقتىمىزنىڭ پەيزىنى سۈرەتتۇق.

ئەپسۇس، بىز ئۈزىمىزنى قاچۇرغان ۋاقىت بىمەھەل يېتىپ كەلدى.

يەكشەنبە كۈنى سەھەردىلا، مەن پاۋىلنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ قاتتىق قىزىتىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدىم، گەرچە ئۇ شۇنداق تىنچ ئارام

ئېلىپ باشقا ئەھۋال بولسىمۇ ئۇنىڭ قىزىتمىسى 104 فەرېنخايت يەنى 40 سېلىتسىيە گىرادۇسقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. بىر نەچچە سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىز جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە نەچچە قېتىم كىرىپ چىقتۇق. پاۋلىنىڭ ئاتا-ئانىسى، يەنە سۇمەنمۇ بار ئىدى. پاۋلىنىڭ ئۆپكىسىگە قارىتا يالللۇغ قايتۇرۇش دورىسى ئۇرۇپ بوپ (چۈنكى كۆكرەك قىسمىنى سۈرەتكە ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆپكىسىدە ئۆسمىلەر يامراپ ياللۇغلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىنكەن)، ھەممەيلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ كەتتۇق. پاۋل شۇ چۈشتىن كېيىن شۇنداق جىمجىت ئارام ئالغان بولسىمۇ، راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ تېز تارقىلىشىدىنمۇ قانداق، كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇدىكى ھالىتىگە قاراپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ سېلىپ مېھمانخانا ئۆيگە ئاستاغىنا چىقىپ كەتتىم، ئۇ يەردە پاۋلىنىڭ دادىسىمۇ ھەم يىغلاۋاتاتتى. مەن ئاللىقاچان ئۇنى سېغىنىغان ئىدىم.

يەكشەنبە كەچتە، پائولىنىڭ ئەھۋالى تۇيۇقسىز بەكلا ئېغىرلاشتى، ئۇ كارىۋاتنىڭ يان تەرىپىدە ئولتۇرۇرغان ۋاقىتتا، نەپەسلىرى تولىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مەن دەرھال جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى چاقىردىم. بىز جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە يەنە قايتا كىرگىنىمىزدە پاۋلىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ بېشىنى ماڭا بۇرىدى ۋە ئاستاغىنا ماڭا پىچىرلاپ «ھاياتىم مۇشۇنداق ئاخىرلىشىدىغان ئوخشايدۇ» دېدى.

«مەن سز بلەن ھەرۋاقت بللە» دېدىم مەن.

دوختۇر-سېسترالار ئاۋۋالقىدەكلا پاۋلنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۋالدى، ئەمما ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپلا شۇنداق تېز ھەرىكەتكە كەلدى، ھەم دەسلەپكى قەدەملىك تەكشۈرۈشتىن كېيىن تېزلا ئۇنىڭ بۇرۇن ۋە ئاغزىغا ئوكسىگېن ماسكىسىنى قويدى. بۇ بايپاپ BiPAP ئارقىلىق ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەيتتى. BiPAP بولسا بىر نەپەسلىنىشكە ياردەم بەرگۈچى سىستېما، يۇقىرى بېسىمدىكى مېخانىكىلىق ھاۋا ئېقىمى ئارقىلىق ئۇنىڭ نەپەسلىنىشىگە ياردەم قىلىدىغان بولۇپ، پاۋلنىڭ ھەر بىر نەپەسنى ئېلىشىدا ئىشنىڭ كۆپىنى ئورۇندايتتى. گەرچە BiPap نىڭ نەپەسلىنىشكە ياردىمى بولسىمۇ، ئەمما بىمار ئۈچۈن ئېيتقاندا يەنىلا ئاسان ئەمەس ئىدى، ئۇ خۇددى بېشىنى تېز مېڭىۋاتقان ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا چىقىرىۋالغان ئىتقا ئوخشاش بىمارنى بىئارام قىلىپ ھەر قېتىم نەپەس ئالغاندا تىلىنى سىرتقا چىقىرىشقا سەۋەب بولاتتى. يەنە ئۇ ئەسۋابنىڭ ئاۋازى يۇقىرى ۋە قوپال بولۇپ، ئىشلەتكەن بىمارغا نىسبەتەن نەپەس ئېلىش مۇشكۈل بىر ئىش بولۇپ قالاتتى. مەن ئۇ ياتقان كېسەل يوتكەش ھارۋىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتقان ھالدا تۇرغىنىمدا ماشىنىنىڭ ھەر نەپەستە ۋۇش... ۋۇش... قىلغان ئاۋازى قۇلاقىقا ئاڭلىناتتى.

پاۋلنىڭ قېنىدىكى كاربون تۆت ئوكسىد مىقدارى يۇقىرىلاپ كەتكەن بولۇپ، بۇ نەپەسلىنىشنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك تەس تۇيۇلۇۋاتقانلىقىدىن

دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ قان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئۆپكە كېسەللىكىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچە كاربون تۆت ئوكسىد مىقدارى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ مېڭىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ مېڭىسى نورمالدىن يۇقىرى كاربون تۆت ئوكسىدلىق مۇھىتقا ئاستا ئاستا كۆنۈپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بىر دوختۇر بولغاچقا تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ بىر مۇدھىش ئىشتىن خەۋەر بېرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. مەنمۇ بۇ ئىشلارنى چۈشەنەتتىم، پاۋلغا ھەمراھ بولۇپ ئېغىر كېسەللەر پەرۋىشخانىسىغا كىردىم. ئۇ يەر ئىلگىرى پاۋلنىڭ بىمارلىرى مېڭە ئوپېراتسىيەسىدىن كېيىن پەرۋىش قىلىنىدىغان جاي بولۇپ، كارىۋات ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئادەتتە بىمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئولتۇراتتى. «ماڭا نەيچە كىرگۈزۈلۈش زۆرۈرمىكەن؟» سورىدى ئۇ بىر قېتىم ئۇسكۇنە ئارقىلىق نەپەسلىنىۋېلىپ، ۋە يەنە «ماڭا نەيچە كىرگۈزۈلەمدىكەن؟» دەپ سورىدى.

پۈتۈن كېچە ئۇ يەنە شۇ سوئالنى چۆرىدەپ دوختۇرى بىلەن ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن، شۇنداقلا مەن بىلەن پاراڭلاشتى. يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇنىڭغا مەسئۇل باش دوختۇر كەلدى ۋە پاۋلنىڭ داۋالىنىشىغا قارىتا بىر قانچە تاللاشنىڭ بارلىقىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېيتىپ ئۆتتى. ئۇ BiPAP نىڭ پەقەت بىر ۋاقىتلىق تاللاش ئىكەنلىكىنى، ئەمدىكى قالغان ئۇسۇلدا نەيچە كىرگۈزۈش ۋە بىر سۈنئىي نەپەسلەندۈرگۈچ ئورنىتىش

لازىملىقنى ئېيتتى. ئاخىرىدا ئۇ «بۇ ئۇسۇلنى ئۇ خالامدۇ؟» دەپ سوراپ قويدى.

ئەمدىلىكتىكى مۇھىم مەسىلە بولسا تاسادىپىي نەپەسلىنىش مەغلۇپ بولۇشتىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟

پاۋلىنىڭ ئەھۋالى نەپەسلەندۈرگۈچتىن ئايرىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئېغىرلاپ كېتەرمۇ دېگەن سوئال ئادەمنى ئەڭ ئەندىشىگە سالاتتى. كاللىسىدىن كېتەرمۇ؟ ئەزالىرى كېسەل سەۋەبلىك زەئىپلىشىپ، ئەقلىدىن ھەم جېنىدىن ئايرىلىپمۇ قالارمۇ؟

دوختۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇنداق جەريانلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەنمىز. پاۋىل بولسا باشقا بىر يولنى-گەرچە بۇ ئۇسۇل ئۇنى تېخىمۇ تېز ئۆلۈمگە ئېلىپ بارسىمۇ تېخىمۇ يېقىشلىقراق داۋالاش، يەنى كانايغا نەيچە كىرگۈزۈشنى ئويلاشماقتا ئىدى. «مەن بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كەتتىم دېگەندىمۇ»، دېدى ئۇ: «كاللىدا راك كېسىلىدىن باشقا خىيال يوق ئۇنداق كەلگۈسىنىڭ ئەھمىيىتىمۇ يوق دەپ ئويلايمەن».

ئاپىسى پاۋلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلەنگىنىچە گەپ قىستۇردى: «بۈگۈن ھېچقانداق قارار چىقارمايلى پاۋىل، ھەممىمىز ئارام ئالايلى.»

ئۆزىنىڭ ھوشسىزلىنىش ئالدىدىكى ئىستاتىستىكا نەتىجىسىنى كۆرگەندىن كېيىن پاۋىل ئاخىرى قوشۇلدى. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان

سىستىرا ئۇنىڭغا ئارتۇق ئەدىيال ئەكىرىپ بەردى. مەن يالتىراق چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتىم.

پاۋىل تاڭ ئاتارغا يېقىن ئازراق كۆزىنى يۇمدى، ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قالدى، مەن ياندىكى ئۆيدە ئازراق ئۇخلىۋالدىم. بارلىق ئېنېرگىيەمنى يىغىپ ئۆزۈمنى كۆچلەندۈرۈشنى ئويلايتتىم، چۈنكى ئەتىنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ تەس بىر كۈن بولۇشى ئېنىق ئىدى.

مەن سەھەر ئالتىلەردە مۆدۈرگىنىمچە پاۋىلنىڭ ياتىقىغا كىردىم، چىراغنىڭ نۇرى يەنىلا شۇنچە خۇنۇك، ئۇنىڭغا ئۇلانغان ئېغىر كىسەل پەرۋىش ماشىنىسى توختىماي تىت-تىتتىلاپ تۇراتتى.

پاۋىل كۆزىنى ئاچتى، بىز يەنە شۇ يېقىشلىقراق داۋالاش توغرىسىدا پاراڭلاشقان بولدۇق، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ زەئىپلىشىشىگە قارىتا بەك كۆچلۈك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن قاچانلاردا ئۆيگە چىقىپ كەتسە بولىدىغىنىنى ئويلاشتۇق. گەرچە ئۇنى ئۆيگە بارغۇچە يولدا كېتىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرىسەممۇ ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇنىڭ ئۆيگە قايتقۇسى كەلگەن بولسا ھەر نېمە قىپ بولسىمۇ ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىدىغىنىمنى ئېيتتىم.

بەلكىم ئۇنىڭغا ماقۇل دېگىنىم ئۇنى ئارامىدا قويغىنىم، بىز ئىزدەۋاتقان «راھەترەك داۋا» بولسا كېرەك، ياكى ئۆيىنى بۇيەرگە ئەكىلەلەيمەنمۇ؟ نەپەسلەندۈرگۈچنىڭ ئاۋازلىرى ئارىسىدىن ئۇ تۇيۇقسىز: «كەيدىي» دەپ تووۋلىدى.

كەيدىيمۇ تېزلا كەلدى، دوستىمىز ۋىكتورىيە ئۇنى ئۆيدىن ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيلا پاۋلىغا قاراشقا باشلىدى، پاۋلىنىڭ بىلەكلىرىگە گىرە سالاتتى، پايپاقلىرىنى سىلىپ ئەدىيالغا ئۇرۇپ ئوينايتتى، كۈلەتتى، ئالدىنىمىلەرنى پىچىرلايتتى، نەپەسلەندۇرۇش ماشىنىسىنىڭ پاۋلىنىڭ ھاياتىنى ساقلاش ئۈچۈن بىردەم كۆپۈپ بىردەم بېسىلىشىدىن چىققان كۇش-كۇش ئاۋازلار ئۇنى پەقەتلا بىزار قىلالمايتتى.

داۋالاش گۇرۇپپىسى كېلىپ پاۋلىنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە مەن بىلەن ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتى. پاۋلىنىڭ جىددىي خاراكتېرلىك نەپەس قىيىنلىشىش ئالامىتى راكنىڭ تارقىلىشىنى تېزلەشتۈرۈۋەتكەندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ قېنىدىكى كاربون تۆت ئوكسىدىنىڭ مىقدارىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشقان ئىدى. بۇ كانايغا نەيچە سېلىشنى مۇقەررەرلىككە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. پۈتۈن ئۆيدىكىلەرنىڭ يۈرەكلىرى سۇ بولۇپ كەتكەن ئىدى: پاۋلىنىڭ ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرى تېلېفوندا بۇ جىددىي ئەھۋالنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما نەق مەيداندىكى دوختۇرلار بۇنداق بولۇشىغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمايتتى. مەن ئۇلاردىن پاۋلىنىڭ ئەھۋالىنىڭ تۈيۈقسىز ناچارلاپ كېتىشىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىر دەڭسەپ كۆرۈشنى ئۆتۈندۈم.

«ئۇ ئىمكانىسىز قايتا تىرىلدۈرۈشكە موھتاج ئەمەس» دېدىم مەن، «ئۇنىڭ ھاياتىنى يەنە بىر مەزگىل ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان تەقدىردە، ئۇ نەپەسلەندۈرگۈچنى ئېلىۋېتىپ كەيدىيىنى باغرىغا بېسىۋېلىشنى بەكرەك ئۈمىد قىلىدۇ»

مەن پاۋلىنىڭ يېنىغا قايتتىم. ئۇ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى نەپەسلەندۈرۈش ماسكىسىغا قاراپ تۇراتتى، ئۇ ماڭا ئوچۇق قىلىپ «تەييارلىقىم پۈتتى» دېدى ئۇ يۇمشاق ۋە تەمكىن ئاۋازدا.

ئۇنىڭ بۇ دېگىنى نەپەسلەندۈرۈش ئۈسكىنىسىنى توختىتىپ، مورفىن (خېروئىننىڭ ئاساسلىق تەركىبى، كۈچلۈك ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا) يەپ ئۆلۈمگە تەييارلىناي دېگىنى ئىدى.

ئۆيدىكىلەر پاۋلىنىڭ قارارىدىن كېيىنكى قىممەتلىك مىنۇتلاردا ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى، بىز ئۇنىڭغا مۇھەببىتىمىزنى ۋە ھۆرمىتىمىزنى ئىپادىلىدۇق. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياش بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ بىزدىن بىر كۈنلىرى ئۇنىڭ قول يازمىسىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ماڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم «سېنى سۆيىمەن » دېدى. بىز بىلەن تۇرغان دوختۇر ئالدىغا ئۆتۈپ «پاۋل سەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئائىلەڭدىكىلەر ھىجران ئازابى تارتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تىرىغان مۇھەببەت ئۇرۇقلىرى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ» دېدى. سۇمان «خاتىرجەم ماڭغىن ئىنىم» دېگىنىدە جىۋاننىڭ كۆزلىرى

پاۋىلغا تىكىلدى. يۈرىكىم پارە-پارە ھالدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پاۋىلنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويدۇم.

شۇ دەملەردە مەن پاۋىل بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويغان باشقا كارىۋاتلارنى ئەسكە ئالدىم، سەككىز يىل ئىلگىرى بىر دوختۇرلۇقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتلىرىمىزدا بوۋام ئۆيدە سەكراتتا ياتقاندا، بىز ئۇنىڭ يېنىغا قويۇلغان قوش كىشىلىك كارىۋاتتا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ ياتقان ئىدۇق، بىز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن شېرىن ئاي كۈنلىرىمىزنى قىسقارتقان ئىدۇق .بىز بىر نەچچە سائەتتە بىر قېتىم ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزەتتۇق، ھەر قېتىم پاۋىلنىڭ بوۋامنىڭ پىچىرلاپ ئېيتقان تەلەپلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاشلىرىنى كۆرگىنىمدە ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم بارغانچە چوڭقۇرلىشىپ باراتتى. ئۇ ۋاقىتتا بىز پاۋىلنىڭ بۇنچە تېزلا ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ كېسەل كارىۋىتىغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدۇق. 22 ئاي ئىلگىرى بىز مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ باشقا كېسەل كارىۋىتىدا پاۋىلنىڭ كېسىلىگە قويۇلغان دىياگنوزنى كۆرگەندە ئۆزىمىزنى يوقاتقان ئىدۇق. سەككىز ئاي ئىلگىرى، كەيدىي تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى ئۇيقۇنى بىر-بىرىمىزنى باغرىمىزغا باسقان ھالدا ئۇخلىغان ئىدۇق. مەن بىزنىڭ ئۆيدىكى قورۇق قالغان راھەت كارىۋىتىمىزنى ئەسلىدىم، بۇندىن 12يىل مۇقەددەم يالى داشۆسىدىكى مۇھەببەت قاينىمىغا چۆككەن ۋاقىتلىرىمىز يادىمىدىن

كەچتى، شۇ ۋاقىتتا قانداق قىلىپ بىزنىڭ بىر تەن بىر جان بولۇپ كەتكىنىمىزدىن ھەيران بولدۇم، ھەممە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ بىر-بىرىمىز بىلەن يۈگىمەچتەك گىرەلەشكەن ۋاقىتىمىزدىلا ئۇيقۇنىڭ ئەڭ ياخشى ھۇزۇرنى سۈرەلەيدىغانلىقىمىزنى ئەسكە ئالدىم. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مۇشۇ مىنۇتتا ئۇنىڭمۇ ئاشۇ خىل ھۇزۇرنى سۈرەلىشىنى ئىلتىجا قىلماقتىمەن.

بىر سائەتتىن كېيىن پاۋلغا تاقالغان ماسكا ۋە كۆزىتىش ئاپپاراتلىرىنى ئېلىۋەتتۇق. مورفىن ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەپىسى ئېغىر ئەمما بىر خىل رىتىمدا ئىدى، ئۇ قارىماققا راھەتلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنىڭدىن كۆپرەك مورفىنغا ئېھتىياجلىق ياكى ئەمەسلىكىنى سورىدىم، ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى-دە، كۆزىنى يۇمدى. ئاپىسى پاۋلنىڭ يېنىدا ئىدى، دادىسى ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلاپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ ھوشىدىن كەتتى.

كېيىنكى توققۇز سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا پاۋلنىڭ ئۆيدىكىلىرى - ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئاكا-ئۇكىللىرى، قىزى ۋە مەن پاۋلنىڭ بېشىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتۇق، ئۇ كۆزلىرى يۇمۇلغان، نەپەسلىرى قىيىنلاشقان ھالدا ھوشسىز ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن بارماقلىرىنى چىڭ سىقاتتىم. پاۋلنىڭ ئاتا- ئانىسى كەيدىينى ئۇنىڭ قويىنىغا سېلىپ قويدى. بەلكىم مۇشۇ ئارقىلىق پاۋلغا مۇھەببەتنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇرماقچى

بولغاندۇ. كېسەلخانا مۇھەببەتكە لىق تولۇپ ماڭا پاۋل بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن بايراملار ۋە ھەپتە ئاخىرلىرىدىكى گۈزەل كۈنلەرنى ئەسلەتتى. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ ئۇنى ئەركىلەتمە ئىسمى بىلەن، يەنى «سىز بىر قەيسەر پالادىن» دەپ پىچىرلىدىم. ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىز بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى بىللە ئىجاد قىلغان ناخشىنى غىڭشىپ تۇرۇپ ئوقۇدۇم. بۇ ناخشىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولسا «مېنى سۆيگىنىڭگە رەھمەت» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ يېقىن نەۋرە تۇغقىنى ۋە تاغىسى، ئۇلىشىپلا بىز ياقتۇرىدىغان پاستىر يېتىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەر مۇھەببەتلىك ئۇۋشاق ھېكايىلەر ۋە ئائىلە سىرىغا تەۋە مەخپىي چاقچاقلارنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئاندىن بىز پاۋل بىلەن ئاخىرقى قېتىم نۆۋەت بىلەن قايغۇلۇق ھالدا ۋىدالاشتۇق ۋە پاۋلنىڭ شۇنداقلا بىر-بىرىمىزنىڭ يۈزىگە مەنىلىك بېقىشتۇق چۈنكى بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىللە ئۆتكۈزىدىغان ئازابلىق ۋە قىممەتلىك مىنۇتلار ئىدى.

غەربىي شىمالغا قارىغان كېسەلخانا دېرىزىسىدىن كەچكى شەپەقنىڭ ئىللىق نۇرلىرى سېخىيلىق بىلەن چېچىلىپ كېسەلخانىنى باشقىچە يورۇتۇشقا باشلىغىنىدا، پاۋلنىڭ نەپىسى پەسىيىپ قالدى. كەيدىي ئۇخلايدىغان ۋاقتى كەلگەچكە مۇشتلىرىنى تۈگۈپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋاتاتتى، دوستىمىز ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى، مەن كەيدىينى كۆتۈرۈپ پاۋلنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم. پاۋلنىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك

ئەكس ئېتەتتى. كەيدىنىڭ چىرايىدا بولسا ھەيرانلىق ئەكس ئېتەتتى. ئۇ بۇ ۋاقىتنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالىدىغىنىنى ئەسلا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى، ئەلۋەتتە. مەن يېنىك قىلىپ كەيدىنىڭ ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتتىم، ئەمەلىيەتتە مەن بۇنى ھەر ئىككىلىسىگە ئېيتىپ بېرۋاتاتتىم، شۇندىن كېيىن مەن كەيدىنى دوستۇمغا سۇندۇم.

ئۆي كېچە قاراڭغۇلۇقىغا يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغىنىدا كېسەلخانىنىڭ غۇۋا چىرىغى يورۇپ قاراڭغۇلۇقنى قوغلىدى ۋە ئۆينى ئىللىتتى. بۇ چاغدا پاۋلىنىڭ نەپسى ئاجىزلاپ رىتىمسىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ھېلىھەم ئارام ھالىتىدە، پۇت-قوللىرى ئەركىن سۇنۇلغان ئىدى. سائەت توققۇز بولاي دېگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئېغىزى ئېچىلدى. ئۇ چوڭقۇر بىرنى تىندى-دە، پاۋلىنىڭ ئاخىرقى نەپسى ھاۋاغا ئايلاندى.

«نەپەس ھاۋاغا ئايلانغاندا» When breath becomes air نىڭ تولۇق ئاياغلاشماسلىقىغا پاۋلىنىڭ كېسىلىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېغىرلىشىپ كېتىشى سەۋەب بولدى، بىراق كىتابنىڭ ئاخىرلاشمىغانلىقى ئۇنىڭ چىنلىقىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ھەمدە پاۋلىنىڭ رېئاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىلىدا، پاۋل ھارماي-تالماي، نىشانلىرىنى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئايلاندۇرۇپ، سائەتنىڭ چىكىلداشلىرنى ئۆزىگە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان ئىدى .ئۇ بۇ كىتابنى نېرۋا تاشقى كېسەللىكى باش پراكتىكانت

دوختۇرى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندىلا كېچىلىك ئىلھاملىرى بىلەن باشلىغان، ئۇ مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئاستاغىنا كومپيۇتېرىنى قولىغا ئالاتتى؛ كېيىنچە ئۇ چۈشتىن كېيىنلىرى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ يازدى، بەزىدە ئۆسمە كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ ئۆچرەتخانىسىدا ساقلىغاچ بىرەر-ئىككى پاراگراف يېزىۋالسا، بەزىدە ۋىنا تومۇرىدىن خىمىيىلىك داۋالاش ئوكۇللىرى چۈشۈۋاتقىنىدا مۇھەررىر بىلەن تېلېفونلىشاتتى، ئۇ نەگىلا بارمىسۇن ئۆزىنىڭ كۈمۈش رەڭلىك خاتىرە كومپيۇتېرىنى ئېلىۋالاتتى. خىمىيىلىك داۋالاش سەۋەبىدىن ئۇنىڭ بارماقلىرى يېرىلىپ ئاغرىپ كەتكىنىدە، بىز كۈمۈش يالىتىلغان، تۆت بارماقنى بىراقلا كىيىدىغان بىر پەلەي تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈردۈپ قويدۇق، بۇنداق بولغاندا ئۇ ئاللاھىدە مائۇس ۋە خەت ئۇرۇش تاختىسىنى ئىشلىتىپ يېزىشنى داۋاملاشتۇرالايتتى. كېسەل ئازابىنى يېنىكلىتىش دوختۇرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشلىرىمىزدە، راك كېسىلىنىڭ يامانلىششى ئېلىپ كېلىدىغان ئازابلىق مادارسىزلىقتىن بەكرەك ئۇنىڭ يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا كېتىدىغان زېھنىنى ساقلاپ قېلىش ئىستراتېگىيىلىرىنى تۈزۈش مەركىزى نۇقتا ئىدى. چۈنكى ئۇ يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىغان ئىدى.

بۇ كىتاب كىشىگە بىر خىل ۋاقىت بىلەن مۇسابىقىلىشىدىغان جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. پاۋل بىر دوختۇر ۋە بىمار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆلۈمگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن چېلىشتى

ۋە ئۆلۈم ئالدىدا تىك تۇردى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمنى چۈشىنىش ۋە ئۆز ئۆلۈمىگە يۈزلىنىشىگە ياردەم قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراۋنىڭ ئۆمرى قىرىققا بارمايلا ئۆلۈپ كېتىشى كۆپ يۈز بەرمەيدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ روھىنىڭ ئۆلۈشى ئۇنداق ئەمەس. «ئۆپكە راكى ئۇنچە ئاز ئۇچرايدىغان كېسەلمۇ ئەمەس»، دەپ يازغانىدى پاۋل دوستى روبىنغا يازغان خېتىدە: «كىشىلەر پەقەت بۇنىڭ بىر تىراگېدىيە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلەيدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئۆزىنى شۇ بىمارلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ باقسا، ئازراق ئىچىگە كىرىپ باقسا بولىدۇ، ئاندىن: دېمەك راك بولۇپ قالساق ئىشلار مۇشۇنداق بولىدىكەن، دە؟ ھامان بىر كۈن مەنمۇ مۇشۇ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرىمەن، دېيىشى مۇمكىن. بۇ دەل مېنىڭ كۆزلىگىنىم. بۇ ئۆلۈمنى زىيادە تەسىرلىك بايان قىلىش ئەمەس، ياكى كىشىلەرنى ھاياتتىن بىخۇدلارچە ھوزۇرلىنىشقا قىلىنغان چاقىرىقمۇ ئەمەس، پەقەت راك كېسىلى بىمارلىرىنى نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلدىم». ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ يازغىنى پەقەت يۈزەكى تەسۋىرىي بايانلارلا ئەمەس. ئۇ چەكلىملىكتىن باتۇرلارچە ئاتلاپ ئۆتتى.

پاۋلنىڭ ئۆلۈمگە تىكلىپ قاراش قارارى ئۆلۈمدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىدىغان، مەدەنىيىتىمىز ئانچە ئېتىبار بەرمەيدىغان كېسەلگە قارشى جاسارەتنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قۇدرىتى غەيرەت ۋە تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى ئىدى، يەنە چۈچۈمەلىنىڭ ئەكسى بولغان

يۇمشاقلىق ئۇنىڭغا كۈچ قوشقان ئىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەنىلىك بىر ھاياتنى ياشاش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ كىتابى بۇ ھەقتىكى مۇھىم تەرەپلەرنىڭ ھەممىنى بىر قۇر قىدىرىپ چىقىدۇ. «ئالدىن كۆرگۈچى بېشارەت بەرگۈچىدۇر»، دەپ يازغاندى ئېمىرسون. «قانداقلا بولمىسۇن پاۋلىنىڭ ئارزۇسى روياپقا چىقتى، قانداقلا بولمىسۇن پاۋل كىتابنى ئىپتىخارلىق بىلەن يېزىپ ئېلان قىلدى». مەزكۇر كىتابنى يېزىش بۇ جەسۇر ئالدىن كۆرگۈچىنىڭ ھەقىقىي بىر بېشارەتچى بولۇشىغا ۋە بىزگە ئۆلۈمگە غۇرۇر بىلەن يۈزلىنىشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن ئىدى.

ئەگەر بۇ كىتاب ئېلان قىلىنمىغان بولسا كۆپىنچە تۇغقانلىرىمىز ۋە دوستلىرىمىز پاۋل پىراكتىكانت دوختۇرلۇقنى تاماملاش ئالدىدا ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم مەسىلىلەردىن خەۋەرسىز قالغان بولاتتى، ئەمما مەن پاۋلنىڭ بۇ ئىشلارنى يازغانلىقىدىن خۇرسەنمەن. بۇلار ھەقىقەتلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى، مۇناسىۋىتىمىزگە قايتا ئېنىقلىما بېرىش، بىر مەزگىللىك تىركىشىش ۋە قايتا ئېرىشىش، شۇنداقلا پاۋل ئىككىمىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ مەنىسى ئىدى. پاۋلنىڭ راك دىياگنوزى گويا يېڭى بىر ھايات سەھىپىمىزنىڭ باشلىنىشى ئىدىكى، بۇ ئىش ئارقىلىق بىز ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئەڭ يۇمشاق ۋە كىشى قەلبىنى ئېرىتىدىغان گۈزەل باسقۇچىغا قايتىدىن قەدەم قويدۇق. بىز جىسمانىي ۋە

ھېسسىي مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن بىر-بىرىمىزگە مەھكەم يېپىشىۋالدۇق، پاك مۇھەببىتىمىز ئەڭ ساپ ھالىتىنى ئاشكارا قىلدى. بىز يېقىن دوستلىرىمىزغا ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشنى قۇتقۇزۇپ قىلىشنىڭ مەخپىيىتى بولسا بىر تەرەپ جان ئالغۇچ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش دەپ چاقچاق قىلاتتۇق. ئەكسىچە، جان ئالغۇچ كېسەلدىن غالىب كېلىشنىڭ بىر مۇھىم ئۇسۇلى بولسا مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولۇش، ئازارچان، ئاقكۆڭۈل، سېخىي، مىننەتدار بولۇشنى بىلىشتۇر. ئۇنىڭغا دىياگنوز قويۇلۇپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، بىز «مالاي ناخشىسى» نى ئېيتقان ئىدۇق، بىز بىرلىكتە ئېنىقسىزلىق ۋە ئازابقا يۈزلەنگەن شۇ مىنۇتلاردا ناخشىنىڭ مەنىسى يۈرىكىمىزنىڭ بېغىشىغا تەگكەن ئىدى: «ئۈلۈشەرمەن خۇشاللىق ۋە ئازابلىرىڭنى، تەڭ كۆرەرمەن ئاداققىچە قىسمەتلىرىڭنى».

پاۋلغا دىياگنوز قويۇلۇپلا ئۇ مەندىن قايتا توي قىلىشىمنى ئۆتۈندى، بۇ ئىش ئۇنىڭ كېسەل تارتىش جەريانىدا باشتىن-ئاخىر مېنىڭ كەلگۈسۈمنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۈچەشلىرىنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ماڭا ئەڭ ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى قالدۇرۇشقا تىرىشتى، مەيلى ئىقتىساد، مەيلى كەسىپ، ۋە مەيلى ئانا بولۇشتا بولسۇن، ئۇ مېنى ئويلايتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بوۋاقنى ۋە ئېشىپ قالغان كۈنلىرىنىڭ قانداق قىلىپ ئەڭ ياخشى ئۆتۈشىگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ياردەم قىلدىم. ئۇنىڭ كۈندىلىك كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە داۋالىنىشىنىڭ ھەر بىر

تەپسىلاتىغا كۆز-قۇلاق بولدۇم، ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى قوللىدىم ۋە قاراڭغۇ كېچىلەردە بەخىرامان ياتاق ئۆيىمىزدە قۇلىقىمغا پىچىرلانغان ۋەھىملىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ تەشۋىشلىرىگە گۇۋاھ بولدۇم، ئېتىراپ قىلدىم، قوبۇل قىلدىم ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بەردىم - ئېنىقكى، بۇ ھاياتىمىزدا ئۆتكەن ئەڭ مۇھىم دوختۇرلۇق ۋەزىپەم بولۇپ قالدى. بىز گويا دەرس ۋاقتىدىمۇ قول تۇتۇشۇپ ئولتۇرىدىغان ئايرىلالماس بىر جۈپلەردىن بولمىش مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىلىرى ۋاقتىمىزدىكىدەك، ھېلىھەم چەمبەر-چاس باغلىنىپ كەتكەن ئاشىق-مەشۇقلاردىن بولدۇق. بىز پاۋلىنىڭ خىمىيەلىك داۋالاشلىرى ئاياغلاشقاندا سىرتقا چىقىپ ئايلانغاچ ئۇنىڭ يانچۇقىغا قوللىرىمىزنى سېلىۋالىدىغان بولدۇق، چۈنكى پاۋل ھاۋا ئىسسىغان ۋاقىتلاردىمۇ قىشلىق پەلتوسى ۋە شلەپىسىنى كىيىۋالاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئۆزىنىڭ مەڭگۈ يالغۇز قالمايدىغانلىقىنى ۋە بىھۇدە ئازاب تارتمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىدى.

بىز پاۋلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن روھىي كۈچ ئالاتتۇق، بىز كېسەلنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقاندا ئۇلار بىزگە مەدەت بېرەتتى، شۇنداقلا قىزىمىزغىمۇ قاراپ بېرەتتى، گەرچە ئوغلىنىڭ كېسىلى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى لەختە-قان قىلسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بىزگە تەسەللى ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان روھىي تۈۋرۈكىمىز ئىدى. ئۇلار بىزگە يېقىن يەردىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ بىزنى دائىم يوقلاپ تۇراتتى. پاۋلىنىڭ دادىسى ئۇنىڭ

پۇتنى ئۇۋۇلاپ قوياتتى، ئانىسى كوكۇنات قيامىلىق ھىندىستان پوشكىلى پىشۇرۇپ بېرەتتى. پاۋىل ئاكا-ئىنىلىرى جىۋان ۋە سۇمان بىلەن ساپادا ئولتۇرۇپ زەيتۇن توپ مۇسابىقىسىنىڭ قانۇنىيەتلەرنى تەھلىل قىلىشاتتى، پاۋىلنىڭ بەل ئاغرىقنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن پۇتىغا ياستۇق يۆلەپ بەرگەن ئىدۇق، جىۋاننىڭ ئايالى ئېملىي بىلەن ئىككىمىز كەيدىي ۋە ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىلىرى ئىيۋ ۋە جەيمىسنى ئوخلاتقاچ، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشاتتۇق. شۇنداق كۈنلەردە چۈشتىن كېيىنلىرى بىزنىڭ مېھمانخانا ئۆي خۇددى بىر تىنچ كىچىك كەنتكە ئوخشاپ قالاتتى. بەزىدە پاۋىل يېزىقچىلىق ئۈستىلىدە كەيدىينى قۇچىقىغا ئېلىپ روبىرت فروست، ت. س. ئېلىيوت ۋە ۋىتتېنستايىننىڭ ئەسەرلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرەتتى. ئەلۋەتتە مەنمۇ بۇنداق قىممەتلىك دەقىقىلەرنى سۈرەتكە تارتىپ ئۈلگۈرەتتىم. ناۋادا نەپىسلىك، گۈزەللىك، بەختنى ئۆزگە مۇجەسسەملىگەن شۇنداق بىر گۈزەل دەقىقىلەر بار دېيىلسە، بەلكىم مۇشۇ دەقىقىلەر بولسا كېرەك؟ بىز ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك ئىدۇق. بىز ئائىلىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، جامائىتىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېرىشكەن ھەر بىر پۇرسەتلىرىمىز ئۈچۈن، قىزىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆز ئارا ئىشەنچ ۋە مېھرگە موھتاج مىنۇتلاردا بىللە تۇرالىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بەختلىك سېزەتتۇق. گەرچە ئاخىرقى يىللىرى ئازاب ۋە قىيىنچىلىققا تولغان بولسىمۇ، ھەتتا بەزىدە ھايات چىدىغۇسىز بىلىنسىمۇ،

ئەمما ئۇ چاغلار يەنىلا ھاياتىمنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل بىر قىسمى ئىدى. ھايات-مامات، خۇشاللىق-قايغۇنىڭ تارازىسىنى تەڭشەپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىننەتدارلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۆكەتتۇق.

ئۇ ئۆزىنىڭ غەيرىتى، شۇنداقلا ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلەرنىڭ مەددىتى بىلەن كېسەلگە يۈزلەنگەن ئىدى. ئۇ قانداقتۇر راكنى يېڭىمەن دېگەن قارىغۇلارچە ئۈمىد بىلەن ئەمەس، بەلكى بەربات بولغان كەلگۈسى ئارزۇلىرى ھەققىدىكى ئېچكى ئازاب تۇيغۇلىرى بىلەن، يېڭىچە نىشان تىكلەش بىلەن يۈزلەنگەن ئىدى. دىياگنوز قەغىزىنى قولغا ئالغان كۈنى ئۇ يىغلىغان ئىدى. تازىلىق ئۆيىدىكى ئەينەكتە «ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر بىر كۈننى سىز بىلەن ئۆتكۈزگۈم بار» دېگەن خەتنى كۆرگەندە ئۇ يىغلىغانىدى. ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىكى ئاخىرقى كۈندە ئۇ يىغلىغان ئىدى. ئۇ ئۆز كېسىلىگە نازۇك ئىنسانلىق تەبىئىتى بىلەن يۈزلىنەتتى ۋە شۇ ئارقىلىق راھەتكە چىقىپ قالاتتى. ئەمما راكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىمۇ پاۋىل ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىدى. جىسمى يىقىلغان بولسىمۇ، ئۈمىدۋار، جۇشقۇن ئىدى، بۇ شىپا تېپىش ئۈمىدى بولماستىن، بەلكى ئېنىق نىشانغا ئىگە، مەنىلىك ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىدىن چاقنىغان ئۈمىد ئىدى.

پاۋىل بۇ كىتاب (نەپەس ھاۋاغا ئايلانغاندا) ئارقىلىق بىزگە كۈچلۈك ھەم ئۆزگىچە بىر سادانى يەتكۈزۈۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ بىرىيەرلەردىن يالغۇزلۇق، چارىسىزلىكنىڭ ئىزناسىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. بۇ ھېكايىغا

ياندىشىپ ئۇنى ئوراپ تۇرىۋاتقىنى مۇھەببەت، ئىللىقلىق، ئازادىلىك، مەيلىگە قويىۋېتىش ئىدى. بىز ھەر بىرىمىز ئوخشىمىغان ماكان ۋە زاماندا ھەر خىل ئۆزلۈك سالاھىيىتىدە ياشايمىز، ئۇ بىر دوختۇر، ئۆز نۆۋىتىدە ھەم بىر بىمار. ئۇ مۇشۇ ئىككى خىل سالاھىيەتتە ياشىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئېنىق ھالدا بىر كۆپ ۋاقتى قالمىغان، ھارماس جەڭچىنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلاتتى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ يۇمۇرىستىك، ئارامبەخش، يېقىملىق خاراكتېرىنى، دوستلۇق ۋە ئائىلە ھەققىدىكى قىممەت قاراشلىرىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئۇنىڭ يازغان كىتابى، بۇ ئۇنىڭ شۇ چاغلاردىكى قەلب ساداسى، بۇ ئۇنىڭ بىزگە ئېيتماقچى بولغانلىرى، بۇ ئۇنىڭ يېزىشىم كېرەك دېگەنلەرنى يېزىپ پۈتۈپ قويغانلىرى ئىدى. مەن ئەمەلىيەتتە مېنى تۇنجى مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق قىلغان زەبەردەس، جەلپكار پاۋلىدىن كۆرە، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىلدىكى تارتىملىق، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ئىشىغا كىرىشكەن پاۋلنى بەكرەك سېغىناتتىم. ئۇ ئاجىزلاپ كەتكەن، ئەمما جانسىز ئەمەس، بۇ كىتابنى دەل مۇشۇ پاۋل يازغانىدى.

پاۋل بۇ كىتابىدىن پەخىرلىنەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئەدەبىي قىزىقىشىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. ئۇ بىر قېتىم شېئىرلار مۇقەددەس كىتابلاردىنمۇ ھۇزۇرلۇق ئىكەن، دېگەن ئىدى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئۆز كەچمىشلىرىنى

ماھىرلىق بىلەن ھايات بىلەن مامات ئوتتۇرىسىدىكى قايىل قىلىش كۈچى زور ھەقىقەت دۇردانىلىرىغا ئايلاندۇرالىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

2013-يىلى مايدا ئۇ يېقىن دوستىغا خەت يېزىپ «ياخشى يېرى مەن بىرانتىس، كىتىس، ستىفىن كىرايىندىن ئۈزۈن ياشىدىم. يامان يېرى، مەن تېخىچە ھېچنېمە يېزىپ باقمىدىم» دېگەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھايات سەپىرى ئۆزگىرىشلەرگە تولغان ئىدى، يەنى قىزغىن تالانت ئىگىسىدىن بىمارغا، ئەردىن دادىغا، ئەلۋەتتە ئاخىرىدا بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى كۆتۈپ تۇرغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن. ئۇ كىتابنى يېزىۋاتقاندىمۇ شۇنداق پەخىرلىنەتتىم، كىتاب ئۇنىڭ ئۆمىد بىلەن ياشىشىغا تۈرتكە بولاتتى، شۇنداقلا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىدىمۇ نەپىس، ماھىر تىل تالانتى بىلەن پاساھەتلىك قۇرلارنى يېزىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

پاۋىل سانتا كىرۇز تېغىنىڭ باغرىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى، تىنچ ئوكيانغا قاراپ تۇرغان بۇ قىرغاق، ساھىل سەيلىسى، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى زىياپىتى، تۇغۇلغان كۈنى، كوكتېيل ھاراق زىياپىتى قاتارلىق ئەسلىمىلەرنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى، يانۋارنىڭ ئىسسىق ھەپتە ئاخىرىنىڭ بىرىدە، بىز دېڭىز ساھىلىدا كەيدىينىڭ بۇدرۇق پۇتلىرىنى دېڭىز سۈيىگە چىلاپ ئولتۇرغان ئىدۇق. ئۇ كۆز يۇمغاندا ئۇنىڭ تەقدىر بىلەن ئىشى قالمايتتى، شۇڭا دەپنە ئىشلىرىنى

بىزنىڭ قارارىمىزغا قالدۇرغان ئىدى. مېنىڭچە بىز توغرا جاينى تاللىغاندۇق. ئۇنىڭ قەبرىسى غەربكە يەنى يېشىل تاغ ئۈستىدىن تىنچ ئوكيانغا قاراپ تۇراتتى. قەبرىسنى ياۋا ئۆت چۆپ ۋە تۈرلۈك قارىغايلار، يالمانقۇلاق تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئوراپ تۇراتتى. ئولتۇرۇپ قۇلاق سالسىڭىز، شامالنىڭ ئاۋازىنى، قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىنى، تىيىنلارنىڭ شوخلۇق بىلەن يۈگۈرۈشكەندە چىقارغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالايسىز. بۇ ئۇنىڭ ئارزۇسىدەك جاي بولۇپ، قەبرىسى سىر-ھەيۋەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ بۇنىڭغا ھەقلىق، بىز ھەممىمىز ھەقلىق ئىدۇق. مومامدىن شۇنداق سۆزنى ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە «ياشايدىكەنمىز، بىلىپ بىلمەي چوڭ بولۇپ قالىدىكەنمىز، كۆز يەتكۈسىز تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىدىكەنمىز، چوققىلارغا سەلكىن شامال، بەھەيۋەت مەنزىرە ھەمراھ ئىكەن».

قەبرىستانلىقنىڭ ھاۋا رايى بەك ئۆزگىرىشچان بولغاچقا، ھەمىشە ھاۋا بۇنداق ياخشى بولىۋەرمەيتى. پاۋلنىڭ قەبرىسى تاغنىڭ شاماللىق تەرىپىدە بولغاچقا، بەزىدە پىژغىرىم ئىسسىق، بەزىدە قويۇق تۇمان يەنە بەزىدە جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقتا يامغۇردا قالاتتىم. ھەم جىمجىتلىقتا ھەم بىئارامچىلىقتا تولغان بۇ قەبرىستانلىق تەبىئىي ۋە جىمجىت ئىدى، خۇددى ئۆلۈمگە ئوخشاش، خۇددى ئازابقا ئوخشاش، قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا گۈزەللىك تەپچىپ تۇراتتى، مېنىڭچە شۇنداق بولغىنى ياخشى ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك.

ھەر دائىم ئۇنى يوقلاپ بارغىنىمدا كىچىك بوتۇلكىلىق مادرىن ھارىقى ئېلىۋالاتتىم، بۇ بىز شېرىن ئاي مەزگىلىدە ئىچىشكەن ھاراق ئىدى. مەن پاۋىل ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوت-چۆپلەرگە تۆكۈپ قوياتتىم. پاۋىلنىڭ ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە كەلگىنىمدە ئوت چۆپلەرنى خۇددى پاۋىلنىڭ چېچىدەك ھېس قىلىپ سىيلىغاچ گەپلىشەتتىم، كەيدىنىنى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال ئېلىپ كېلەتتۇق. ئۇ ئەدىيالدا كۆكتىكى بۇلۇتلارغا قاراپ ياتاتتى ياكى يېنىدىكى گۈللەرگە قولنى سۇناتتى. پاۋىلنىڭ دەپنە مۇراسىمىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە قېرىنداشلىرىمىز ۋە پاۋىلنىڭ كونا يېقىن دوستلىرىدىن يىگىرمەيلەن جەم بولۇپ ئۇنىڭ قەبرىسگە بارغان ئىدۇق. تۆكۈلگەن ۋىسكىدىن ئوت چۆپلەرنىمۇ زەھەرلىنىشتىن ساقلىغاي.

مەن ھەر قېتىم قەبرىگە كۆركەم گۈل، گۈلسامساق ۋە چىنەگۈللەرنى قويۇپ قايتقاندىن كېيىن، قايتا بارغىنىمدا بۇغىلارنىڭ گۈللەرنىڭ گۈلنى يەۋېلىپ شېخىنى قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى بايقايتتىم. ھايۋانلارنىڭ يېمى بولۇش گۈلنىڭ باشقا رولىغا ئوخشاشلا ياخشى رولىنىڭ بىرى بولسا كېرەك، پاۋىلمۇ شۇنداق ئويلىسا كېرەك. قۇرتلار مۆلدۈرلەپ زېمىننى يۇمشىتىدۇ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۆز يولىدا داۋام قىلىدۇ، ۋە ماڭا پاۋىل ئەينى چاغدا كۆرەلىگەن، ھازىر مەن چوڭقۇر ھېس قىلالىغان ھەقىقەتلەرنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ: ھايات قازادىن مۇستەسنا ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بىز ياشاش ئۈچۈن ئۇرۇنىمىز ۋە ھاياتتىن مەنا ئىزدەشكە تىرىشىمىز. بەلكى

ئۆرۈنۈشلىرىمىز دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. پاۋلىنىڭ قىسمىتى ئازابلىق، ئەمما ئۇنىڭ ھاياتى تىراگېدىيە ئەمەس.

پاۋلىدىن ئايرىلىپ قېلىش مىنى مەنىسىزلىك ۋە ئازابلارغا باشلايدۇ دەپ ئويلايتىم، بىرى كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنى ھايات ۋاقتىدىكىدەك ياخشى كۆرۈپ ئۆتۈش، شۇنچىلىك ئازاب ئىچىدىمۇ، بۇ ئازابنىڭ ئېغىرلىقىدا تالاي قېتىملىق تېنىمنى تىترەك بېسىپ، كۆزلىرىم ياشقا تولغاندىمۇ، يەنە شۇ ئازاب قويىنىدىمۇ داۋاملىق مۇھەببەتنى، مىننەتدارلىقنى ھېس قىلىپ تۇرغىلى بولىدىغانلىقنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئۇ ھەر مىنۇت-ھەر سېكۇنت ئەس يادىمدا. ھېلىھەم ئۆزۈمنى ئىككىمىزنىڭ ھاياتىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. «سۆيگۈندىن ئايرىلىش مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئاياغلىششى ئەمەس» دەپ يازىدۇ سى. ئېس. لىۋىس «پەقەت شىرىن ئايغا ئوخشاش مۇھەببەتنىڭ نورمال بىر قىسمى، خالاس. بىزنىڭ بۇ جەرياندا ئىزدەيدىغىنىمىز ئۆز مۇھەببىتىمىز، ئەقىدىمىزدە مەھكەم قېلىشتۇر»، قىزىمنى تەربىيەلەش، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىمنى بېيىتىش، كىتابنى نەشر قىلىش، مەنىلىك ئىشلارنى قىلىش، پاۋلىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش، ئۇنى قەدىر-ھۆرمىتىدە ئەسلەش، ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمدە قېلىش... مىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ئويلاپ باقمىغان تەرىقىدە داۋاملىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ھەر قېتىم مەن پاۋىل دوختۇرلۇق قىلغان شۇنداقلا بىمار بولۇپ يېتىپ ئۈزىغان شۇ دوختۇرخانىنى كۆرگىنىمدە، ئەگەر ئۇ ھايات بولسا، نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرى ۋە نېرۋا مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە زور تۆھپىلەرنى قوشالىغان بولاتتى دەپ ئويلاپ كېتىمەن. ئۇ سانسىزلىغان بىمارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ھاياتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك پەيتىدە ياردەم قىلغان بولاتتى، ئۇ داۋاملىق ياخشى بىر ئىنسان ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر ئىگىسى بولۇپ ياشىغان بولاتتى. ئۇ يوق بولغاچقا، بۇ كىتاب ئۇنىڭ باشقىلارغا داۋاملىق ياردەم قىلىشىنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالدى، بۇنداق تۆھپە قوشۇش پەقەت ئۇنىڭ قولىدىن كېلەتتى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئاسانلىشىپ، بىزنىڭ يوقىتىدىغىنىمىز ئازلاپ قالمايتى. ئۇ تىرىشىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىنى كىتابىنىڭ 115-بېتىدە مۇنداق يازىدۇ :

«بىز مەڭگۈ مۇكەممەل بولالمايمىز، ئەمما بىز توختىماي جانىنى تىكىپ كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە، مۇكەممەللىككە چەكسىز يېقىنلاشقان بىر نۇقتىغا يېتەلەيدىغىنىمىزغا ئىشەنسەك تامامەن بولىدۇ.»

بۇ بىر ئىنتايىن قىيىن، جاپالىق جەريان، ئەمما ئۇ ئەزەلدىن بوشىشىپ قالغان ئەمەس. ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان ھايات مانا بۇ ئىدى، «نەپەس ھاۋاغا ئايلانغاندا» قانداق تاماملانغان بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ ئەنە شۇنداق تاماملاندى.

پاۋل تۆگەپ كىتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، مەن قىزىم كەيدىيگە ئاتاپ بىر كۈندىلىك خاتىرە يازدىم: «بىرسى ۋاپات بولغىنىدا، كىشىلەر كۆپىنچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاجايىپ ياخشى گەپلەرنى قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئەمما بىلىشىڭىز كېرەككى، ھازىر كىشىلەر دادىڭىز توغرىلىق دەۋاتقان بارلىق ئېسىل تەرىپلەشلەرنىڭ ھەممىسى راست. ئۇ راستىنلا كىشىلەر ئىبىتقاندەك شۇ قەدەر ياخشى ۋە ئاجايىپ قەيسەر دادا ئىدى».

ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ھەققىدە ئويلانغىنىمدا، مەن داۋاملىق «تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىلىشى» ناملىق شېئىردىكى مۇنۇ مىسرالارنى ئويلاپ قالىمەن: «كىم كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالىسا، ئۇنى يۇقىرى ئۆرلەتكىن، ئارزۇلىرى ئۇچۇپ كېتىدۇ، باشقىلارنىڭ نىمە دېيىشى بىلەن ئىشى بولمايدۇ، ئۇ كېچە كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەيدۇ، تاۋاپ قىلغۇچى بولۇش ئۈچۈن». پاۋلنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى مەردانىلىقىدىن ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قانداق بىر ئادەم ئىكەنلىكى، ھەتتا ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ئىزچىل قانداق بىر ئادەم بولۇپ ياشىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىدا، ئۇ ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلانغان ئىدى، ئۇ ئۆلۈمگە غۇرۇرى بىلەن ھەققىي يۈزلىنەلىدىمۇ ياقمۇ؟ ئاخىرقى جاۋاب: شۇنداق، مەن ئۇنىڭ ئايالى ھەم گۇۋاھچىسى.

*بۇ كىتاب كەيدىيغا بېغىشلاندى.*

# تەشەككۈرنامە

پاۋلنىڭ ۋاكالەتچىسى ۋىليام مورىس ( William Morris ۋە دورىيان كارچمار (Dorian Karchmar) (Endeavor غا رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇلار نىڭ كۆچلۈك قوللىشى نەتىجىسىدە، پاۋل مۇشۇنداق بىر يېتۈك ئەسەرنى يېزىشقا بەل باغلىيالىدى. مەن يەنە پاۋلنىڭ Random House دىكى مۇھەررىرى Andy Ward قا رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇنىڭ ئىرادىسى، پاراستى ۋە مۇھەررىرلىك جەھەتتىكى تالانتى پاۋلنى ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىششقا ئۈندىدى، ئۇنىڭ يۇمۇرىستىك خاراكتېرى ۋە قىزغىنلىقى پاۋلنى ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشقا ئۈرگۈتتى. پاۋل ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى، ئۆلگەندىن كېيىن بۇ كىتابنى نەشر قىلىش ئىكەنلىكىنى دېگىنىدە، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق ۋەدە بەرگەنىدىم، چۈنكى ئىككىلىمىز Dorian بىلەن Andy غا ئىشىنەتتۇق. ئۇ چاغلاردا بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى پەقەت كومپيۇتېردىكى بىر ئوچۇق ھۆججەت ئىدى، بۇلارنىڭ تالانتى ۋە تۆھپىسى ئارقىلىق، بۇ يېزىقلار ھازىر دۇنياغا تونۇلۇپ، قىزىمىز Cady نىڭ كەلگۈسىدە مۇشۇ ئارقىلىق دادىسىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەمدە بولماقتا. مەن يەنە پاۋل ئوقۇسا چوقۇم چۆچۈپ كەتكۈدەك «كىرىش سۆزى» نى يازغان Abraham Verghese غا رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مېنىڭ ئەڭ چۈشكۈن

مەزگىلىمدە ماڭا ھەمراھ بولغان، يېزىقچىلىق ئۇستىدە خۇددى پاۋىل قىلغاندەك چۈشەنچە بەرگەن، «خاتىمە» يېزىشىم ئۈچۈن يېتەكچى بولغا *Emily Rapp* قا تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. ئائىلەمىزگە ياردەم بەرگەن ھەممىڭلارغا ھەم بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە رەھمەت. ئاخىرىدا بارلىق قوللىغۇچىلار *(advocates)*، دوختۇرلار ۋە ئالىملارنىڭ ئۆپكە راكىنىڭ تەتقىقاتىغا، كەڭ ئاممىغا تونۇلۇشىغا ھەم ئۇنى ساقايتقىلى بولىدىغان كېسەللىككە ئايلاندۇرۇشى ئۈچۈن تۆكۈۋاتقان قان-تەرلىرىگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

# بىلگەجان تەرجىمە گۇرۇپپىسى تەرجىمە قىلدى

ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشقان ئەزەلار:

مۇھەررىرلەر: بىلگەجان، ئابدۇرېھىم

كىتاب تەرجىمىسىگە قاتناشقۇچىلار: بىلگەجان، ئابدۇرېھىم، ھۈسەيىن، جامالە، مەردان ئازىغ، مەردان شەمشىدىن، فاتىخ ، ئىلھام ئىلى، بىلىك، ئوسمانجان يۈسۈپ، ئابدۇلئەزىز، ئادىلجان ئەزىز، ئىبراھىم ئابدۇقادىر، نۇرىبىيە، تۇرسۇنئاي دىلشات، نۇرسىمانگۈل مۇھەممەت، تۇرسۇنجان.

2020 – يىلى 3 – ئاينىڭ 21 - كۈنى